

3
1988

# مايبۇلاقتىكى نورۇز كۈيى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، قاراماي نېفىت باشقۇرۇش
ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن
نورۇز بايرىمى پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر




دىسكو «نېفىتلىكتە جەڭ»



گۈلبەھار ھامۇتنىڭ ئورۇنلىشىدا
«مېھرىم گويا بىر دېڭىز»



رەيھانىنىڭ ئورۇنلىشىدا «دېرىزەڭنى
ئېچىۋەت»



ئىسمانگۈلنىڭ ئورۇنلىشىدا «تەزە ئۇسسۇلى»

# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1988 - يىل 3 - سان

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - Istanbul

## رومان

مەھمۇت قەشقەرى ........................ پەرھات جىلان 1

## ھېكايىلەر

ۋىجدان ئازابى ........................ قادىر ئارسلان 18

## تۇنجى ئەسەر

تۈگمەنچى ........................ ئىلھام سەيدۇللا 31

## چەتئەل ئەدەبىياتى

شىراق ........................ مىركەرىم ئاسىم 40
ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرجىمىسى
يۇۋاش ئادەملەر تراگېدىيەسى ........................ ئوسۇپېۋور بوراسك 46
ئادىل ئالماس تەرجىمىسى
ئوتلۇق چەمبەر ........................ خىرمەت ئابدۇللىن 96

## شېئىرلار

شېئىرلار ........................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 49
ياش دوستلارغا نەسىھەت ........................ ھامىد مەھمۇدى 50
شېئىرلار ........................ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 51
ئىلتىجا ........................ ۋارىسجان تۇردى 53
ئىككى شېئىر ........................ غۇپۇر ئۆمەر 54

## مۇنازىرە سەھنىسى

شېئىرىيەتتىكى 22 خىل نىزام ........................ شىن شىن 56
پولات ھېۋىزۇللا تەرجىمىسى
پىروئىدنىڭ سەنئەت قاراشلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................ چىن گوڭ 63

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


ئىلاھى پۈرە ناخشىلىرى ........................ ئەخمەتجان ئوسمان 69
يېڭىنىم ناخشىلار ........................ ئىلغارجان سادىق 70
ئىككى شېئىر ........................ قۇربان ئەمەت 73
جەھەننەمدىكى يول ........................ كېرىمجان سۇلايمان 73
سۆيگۈ ........................ ئەسئەت ئەمەت 73
سۆيگۈ قىسسىسى ........................ تۇرسۇنجان ھاشىم 74
ئىككى شېئىر ........................ خالمۇرات ئازاد 74
شېئىرلار ........................ جېلىل خېلىل 74
...غا ........................ ئابدۇغاپپار ھەسەنجان 75
پەرۋانە ........................ دولقۇنجان روزى 75
ئاھ، بىچارە دادام (مىكرو ھېكايە) ........................ جېلىل مىرەھمەت 75
ئويغاندى قۇياش ........................ ئەركىن كېرەم 76
بەخت تەگرىسى (نەسىر) ........................ ئابدۇكېرىم ناسىرى 76
ئەرۋاھلاردىن چۈشكەن ۋەھى (نەسىر) ........................ مۇھەممەت جېلىل 45


## بالىلار ئەدەبىياتى


مايمۇنجاننىڭ يۇرتىغا قايتىشى ........................ ئابلىكىم باقى 78
ئەقىللىق ۋەزىر ........................ ئوسمان قادىر 54


### 4 - سانىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر


ئاخىرقى ئىبادەت (ھېكايە) ........................ توختى ئايۇپ
گاڭگىرىغان ئادەم (ھېكايە) ........................ قادىر ئارسلان
روباش بوۋۋۇمنىڭ سىرى (ھېكايە) ........................ مۇھەممەت ئىمىن
توپىق (ھېكايە) ........................ مەتتۇرسۇن سۇلايمان
ئۇلار باي بولماقچى (ھېكايە) ........................ ھەبىبۇللا رېقىپ
مەي - شارابتىن تۇغۇلغان مىسرالار (شېئىر) ........................ روزى نىياز
مىكرو ھېكايىلەر ........................ خەلىم سالىخ تەرجىمىسى
شىمالىي ياۋروپا ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن تاللانما ........................
ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى



مۇقاۋىنى نىياز كېرىم لايىھىلىگەن، گۈللۈك تامغىنى راخمان رېھىم ئىشلىگەن
مەسئۇل كوررېكتور: قىيۇم نامان، كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر




(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## 4 - باب

### مەھمۇتنىڭ ئاتا - ئانىسى

مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى مەھمۇت قاپۇغ باشى ۋە بىر مىڭ چەرىگىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوپال تەۋەسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ بارسغان شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەن ئاتىسى ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن بىلەن ئانىسى رابىيە بۇبىي ئالتۇن تەرىمنى ① قارشى ئالدى.

بۇغرا تېگىن ۋە ئۇنى قورۇغداپ كېلىۋاتقان تۆت مىڭ ئاتلىق چەرىگىنىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا مەھمۇت ۋە قاپۇغ باشى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا مېڭىپ باردى. يېقىن كەلگەندىن كېيىن بۇغرا تېگىنمۇ ئاتتىن چۈشتى.

چۆچەكلەردىكى پالۋانلاردەك بەستلىك كەلگەن ۋە جەڭگە كېتىۋاتقان سانغۇندەك يېشىل سەللە ئورىغان، قاپقارا قىرقىما ساقاللىق ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ ئوغلى مەھمۇتنى باغرىغا باستى. ئاندىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇپ، ئوغلىغا سەپسېلىپ قارىدى.

— قارىغىنا بۇنىڭ چوڭ بولۇپ كەتكىنىنى! — دەيتتى ئۇ شاد - خۇراملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بوي - بەستى راسا قاملاشقان ئەزىمەت بوپتۇ، چىرايى - تۇرقىمۇ بەئەينى ئاتىسىنى تارتىپتۇ!

بۇغرا تېگىن مەھمۇتنىڭ يەلكىسىگە ئۆزىنىڭ قۇۋۋەتلىك قولى بىلەن شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

شۇ ئارىدا ئىككى دېدەك قىزنىڭ سۇنۇلغان قوللىرىغا تايىنىپ، قىزىل تاۋار سايىۋەنلىك ھارۋىدىن چۈشكەن رابىيە بۇبى ئالتۇن تەرىم ئۇزۇن ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئېرەك، خۇشاللىقىدىن ئۈن سېلىپ يىغلىغان پېتى ئوغلى تەرەپكە ئىنتىلدى. مەھمۇت ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

① خان جەمەتى ئىچىدىكى ئاياللار «ئالتۇن تەرىم» دېگەن ئاتاق بىلەن ئۇلۇغلىناتتى.

— جېنىم بالام مەھمۇت، — دەيتتى رابىيە بۇبى ئېسەدەپ تۇرۇپ ۋە ئوغلىنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ، — تىنچ تۇردۇڭمۇ؟ سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈنۈم بولىدىكەن ...

ئۇ، ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن مەھمۇتقا قارايتتى ۋە يەنە يېنىشلاپ ئۇنىڭغا يېپىشاتتى.

مەھمۇت بولسا، ھاياجانلانغان ھالدا:

— خۇش كېلىپسىز ئاتا! خۇش كېلىپسىز ئانا! — دەيتتى ۋە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىنىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئانىسىنىڭ ئۇنى خۇددى كۆدەك بالىنى پەپىلىگەندەك ئەركىلىتىشلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، كۆزلىرىنى چەمچىقلىتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى.

ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن قاپۇغ باشى بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن يۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

— بولدى، رابىيە، — دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا چاقچاق قىلىپ، — بۇ ئۇچۇرۇم بولمىغان كىچىك قۇشۇڭنى ئەمدى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن قانىتىڭنىڭ ئاستىغا بېسىۋالغىن.

«ئۇنىڭ خۇلقى - مىجەزى قىلچىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ، — دەپ ئويلىدى مەھمۇت، بويلۇق جەدە ئاتقا ئەپچىللىك بىلەن مىنىۋالغان ئاتىسىغا قاراپ، — بۇۋامغا زادى ئوخشمايدۇ. بوۋام ئېغىر - بېسىق، چىرايى سۇرلۇك؛ ئاتام بولسا، تېتىك، خۇش چاقچاق، ئوچۇق چىراي».

شۇنىڭ بىلەن، بارسغانلىق ۋە ئوپاللىق چەۋەندازلار بىرلىكتە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئازىق قەلئەسىگە، يەنى مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ قاپۇغىغا يېتىپ كېلىشتى. قەلئە سېپىلىنىڭ قارا تۆمۈر بىلەن قاپلانغان قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلدى. ئاتلىقلار قەلئە ئىچىگە كىرىشتى. ئاندىن بۇغرا تېگىن، رابىيە بۇبى ۋە مەھمۇت قاپۇغ باشىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىچكىرىكى ھويلىغا ئۆتۈشتى.

ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئاتىسىنى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا باردى - دە، تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭ پېشىنى سۆيدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى:

— قۇت بولسۇن، بۇغراخان ئاتا!

رابىيە بۇبىمۇ يېقىن كەلدى ۋە ئىككى قولىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ، چوكقۇر ئېگىلدى.

— قۇت بولسۇن، خان ئاتا!

— قۇت بولسۇن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇلارغا مۇھەممەت بۇغراخان، — ئۆيگە كىرەيلى.

ئۆيگە كىرىشتى. غىزالىنىپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇھەممەت بۇغراخان بىلەن ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن باغقا چىقىپ، گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويما نەقىشلىق راۋاقتا گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان ماھۇق ياستۇقلارغا تايىنىپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا بۇغراخاننىڭ خاس مەھرەمى ساجىيە مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ سالامغا كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— كىرسۇن، — دەپ ئىجازەت بەردى بۇغراخان.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا بىلىم ئىگىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، بۇغراخان ئۇنى قەدىرلەيتتى ۋە ئىززەتلەيتتى. شۇ ۋەجىدىن بۇ ھۆرمەتلىك مۇدەررىس ئازىق قەلئەسىگە پات-پات قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى شاملىق ئەرەب مۆتىۋەر، ئانىسى قەشقەر گۈلباغلىق بەگ قىزى بولۇپ، خاقانىيەدىمۇ ۋە شام، باغداتلاردىكى ئەرەب ئۆلىمالىرى ئىچىدىمۇ بەلگىلىك نوپۇزى بار ئىدى.

بېشىغا مۇدەررىسلىك ئاق سەللىسىنى ئورىغان، ئۈچىسىغا ئۇزۇن ئاق پەرىجە، پۇتلىرىغا يۇمشاق مەسە كىيگەن چار ساقاللىق، قوش بۇرۇن ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپنى راۋاقتا مەھمۇت باشلاپ كەلدى. مۇدەررىس راۋاقنىڭ پەلەمپىيى ئالدىغا كەلگەندە بىر قېتىم تازىم قىلدى، راۋاقتا چىققاندىن كېيىن يەنە ئېگىلدى ۋە ئوردىنىڭ ئەدەب-قائىدىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغان ھالدا قول قوشتۇرۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاللانىڭ ئەزىز بەندىسى، مۆمىنلەرنىڭ پاسبانى شاھى ئېھرام مۇھەممەت بۇغراخان ھەزرەتلىرى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سائادەتلىك ھۇسەيىن بۇغرا تېگىن!

مۇھەممەت بۇغراخان بۇ مۇدەررىسنىڭ «قۇت بولسۇن» دېگىنىنىڭ ئورنىغا ھەمىشە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن ئەرەبچە ئىبارىنى ئىشلىتىشىگە تېخىچە كۆنەلمەي يۈرەتتى ۋە ئۆزىنى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلىدىكى «خاقان» ياكى «خان» دېگىنىنىڭ ئورنىغا «شاھى ئېھرام» دېگەن پارسچە نام بىلەن ئاتىشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئاتاقلىق ئالىمغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا قائىدە-يوسۇنلۇق مۇئامىلە قىلىپ، كۆڭلىدىكى بۇ كىچىككىنە نارازىلىقىنى بىلدۈرمەيتتى.

— قۇت بولسۇن، مۇھتەرەم شەيخ ئىمام ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ھەزرىتىم، مەرھەمەت قىلغايسىز، — دېدى مۇھەممەت بۇغراخان.

— پېقىر تېخى بايىلا ھۇسەيىن بۇغرا تېگىن جانابلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دىدار كۆرۈشمەك ئىستىكى بىلەن سالام بېرىشكە ئالدىراپ كەلدىم، — دېدى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ گىلەمگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

— سىز ئوپالدا تۇرۇۋاتقانىدىڭىز، شەيخ ئىمام؟ — دەپ سورىدى ھۇسەيىن بۇغرا تېگىن ھال-ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن.

— شۇنداق، — دېدى مۇدەررىس، — ھازىر ساچىيە مەدرىسىدىكى تالىپلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن يەنە ئوقۇش باشلانغىچە ئوپالدىكى بېغىمدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، دەم ئالاي دەپ كەلگەنىدىم.

بۇغراخاننىڭ ئائىلە قۇللىرىدىن ئىككىسى كۈمۈش تاۋاقلاردا ئۈزۈم، توقاچ ۋە ئەنجۈرلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. راۋاقتىكىلەر مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ ئۇياق-بۇياقتىن پاراڭ سېلىشتى. ئاندىن ھۇسەيىن بۇغرا تېگىن مەھمۇتنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى.

— مەھمۇت ساچىيە مەدرىسى بويىچە ھەممە تالىپلارنىڭ ئالدى، — دەپ جاۋاب بەردى مۇدەررىس، — ئۇ ھەممە پەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئەلا دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈپ كېلى-

ۋاتىدۇ. دىنىدىمۇ، پەندىمۇ مۇكەممەل يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مېنى بەك خۇشال قىلىدىغىنى، ئۇ ئەرەب تىلىدا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كامالەتكە يەتتى. مەنمۇ مەھمۇتقا دائىم جىكىلەپ تۇرىمەن، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ئەڭ مۇھىم ...

— تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشمۇ مۇھىم، — شۇ چاغقىچە بىر چەتتە جىم ئولتۇرغان مەھمۇت سەل تارتىنىپراق بوشقىنا ئاۋازدا سۆز قىستۇردى، — ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇ بىزنىڭ ئانا تىلىمىز - دە ...

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ئۆز سۆزىنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت بۆلۈۋېتىلىشىنى كۈتمىگەن بولغاچقا، شاگىرتىغا تەئەججۇپ ئارىلاش نەزەرى بىلەن قارىدى. مۇھەممەت بۇغراخان خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك ئاۋۋالقىدەكلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئۈنچىقماستىن ئولتۇراتتى. ھۇسەيىن بۇغرا تېگىن بولسا، ئوغلىغا زوق ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ قالدى.

— ئەپۇ قىلغايسىز، ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، — دېدى مەھمۇت بىر دەمدىن كېيىن ئوڭايسىزلانغان ۋە گۇناھىنى بويىنىغا ئالغان قىياپەتتە، — مەن ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويدۇم.

— ھېچ گەپ ئەمەس، مەھمۇت، ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى مۇدەررىس، — مەن شاگىرتلارنىڭ مۇشۇنداق دادىل بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. سەن ھەمىشە ئىلىم - مەرىپەت، بولۇپمۇ تىل ۋە تارىختىن گەپ ئېچىلسا ئۆزۈڭنى بېسىۋالالماي قالىسەن. مەن بۇنى بىلىمەن. بۇ، سېنىڭ ئىلىمگە بولغان ھەۋىسىڭنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاندىن مۇدەررىس بۇغراخان بىلەن بۇغرا تېگىنگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەر كىم ھەر خىل پەنلەرگە قىزىقىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. مەھمۇت تىل، تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا ئالاھىدە ھەۋەس قىلىدۇ. مانا ئەمدى تىل ئىلمى ساھەسىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى شەكىللىنىشكە باشلاۋاتىدۇ. بىلىشىمچە، ئۇ بۇ ساھەگە ئائىت بىر مۇنچە كىتابلارنى ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ ئوقۇپتۇ. بۇ ھەقتە مەن بىلەنمۇ بىر نەچچە قېتىم پىكىرلەشتى. ئۇ ھەمىشە تۈركىي تىل شىۋىلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى شەرھىلەيدىغان مۇكەممەل بىر ئىلمىي ئەسەرنىڭ دۇنياغا كەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇ ھامان تۈركىي تىل ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆتكەندە مەن بىلەن بىر قېتىم خېلى قاتتىق مۇنازىرىلەشتى. بىر قىسىم تالىپلارنىڭ ئاغزىنى كوچىلاپمۇ بىرەر ئىلمىي ئەھمىيىتى بار سۆزنى چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە مەھمۇت پۈتۈنلەي ئۆزگىچە. «بولداچى بۇزاغۇ ئۆكۈز ئارا بەلگىلىك»① دېگەندەك، ھەمىشە كىتابنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقاندا ھەتتا بايىقىدەك ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالىدۇ.

ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۈلۈپ تۇرۇپ تاماملىدى.

— ھىم، ياخشى گەپ، — دېدى ھۇسەيىن بۇغرا تېگىن ۋە ئوغلىغا كۆزلىرىنى قىسىپراق تىكىلىپ قارىدى، — ماڭا قارىغىنا مەھمۇت، سەن راستىنلا شۇنداق بىلىملىك موللا بولۇپ كەتتىڭمۇ - ھە؟ بۇغراخان ئاتاممۇ بارسىغان شەھىرىگە يازغان مەكتۇپلىرىدە سېنى مۇشۇنداق دەپ ماختايتتى. بۈگۈن ئۇستازىڭ شەيخ ئىمام ھۇسەيىن ھەزرەتىمۇ تەرىپىڭنى قىلدى. شۇڭا كىتابتىن ئالغان بىلىملىرىڭگە قايىل بولماي ئىلاجىم يوق. ئەمما سېنىڭ ھەربىي

① «ئۆكۈز بولىدىغان كالا موزايى چېغىدىنلا بەلگىلىك».

ئىشلارغا دائىر نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى تېخى ھېچكىم ماڭا ئېيتمىدى. قولۇڭدا تىغ تۇختامدۇ - ھە؟ گەپ قىلمايسەنغۇ!

مەھمۇتنىڭ ئاتىسىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تەڭلىكتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۈسەيىن ئىنىنى خەلەپ سۆزگە ئارىلاشتى:

— ساچىيە مەدرىسىدە خاقانىيە بويىچە ئەڭ خىللانغان مەشقاۋۇللار تالىپلارغا ھەربىي ئىشلاردىن تەلىم بېرىدۇ، سائادەتلىك بۇغرا تېگىن. مەھمۇتمۇ خۇددى باشقا تالىپلارغا ئوخشاش ناماز پەرزىنى ئادا قىلىش يېشىغا تولغاندىن تارتىپلا ياراق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ ئۆسكەن تۇرسا، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىدىنمۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ - دە.

ھۈسەيىن بۇغرا تېگىننىڭ قاۋۇل گەۋدىسى ئاستا قوزغالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— قېنى، ئورنۇڭدىن تۇر! — دېدى ئۇ مەھمۇتقا بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن، — قانچىلىك ئادەم بولغىنىڭنى ئۆزۈم بىر سىناپ كۆرەي.

مەھمۇت چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ۋە ئاتىسىنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىنى پەملىيەلمەي توختاپ قالدى.

— قىلىچىڭ قېنى؟ — دېدى يەنە ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن، — دۇكاندار تىمچارەتچىلەرگە ئوخشاش بۇنداق سىپتا رەختلەردىن پوتا باغلىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ ئارسلان خان، بۇغراخانلارنىڭ ئەۋلادلىرى بېلىگە كەمەر باغلاپ، قىلىچ ئېسىشى كېرەك!

بۇغرا تېگىن شۇ گەپلەرنى قىلىپ، راۋاقتىن چىقتى - دە، گۈلزارلىق يېنىدىكى مەيدانغا چۈشتى ۋە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى. مەھمۇت ئاتىسىنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمدى چۈشەندى.

— تۇرۇمتاي! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — قىلىچىمنى بەر!

خاس قۇل يىگىت تۇرۇمتاي ئۆزىنىڭ بۇ كىچىك خوجايىنىغا چىن قەلبىدىن سادىق بولۇپ، ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى، قاپۇغىدىن سىرتقا چىققان چاغلاردا ئۇنى ھوشيارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتى بويىچە قاپىقىنى سالغان ھالدا ئۈنچىقماستىن، مەھمۇتنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇق ياكى تاپشۇرۇقلىرىنى دەل ۋاقتىدا بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گۈلزارلىق ئەتراپىدا سەگەكلىك بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ مەھمۇتنىڭ خىتابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەر دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئەگرى قىلىچنى دەرھال قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، ئەپچىللىك بىلەن ئېتىپ بەردى. مەھمۇت ئاپتاپتا گويا ھەسەن - ھۈسەندەك پارقىراپ ئۇچۇپ كەلگەن قىلىچنىڭ دەستىسىدىن تۇتۇپ ئالدى ۋە ئاتىسى تەرەپكە بۇرۇلدى.

— كەل، كارامىتىڭنى كۆرسەت! — دېدى ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككىيلەن قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كېتىشتى. پولات تىغلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، جاراڭلىق سادا چىقىرىشقا باشلىدى. قىلىچۋازلار ئۇياق - بۇياققا ئىنتىلىپ، بەجايىكى دەھشەتلىك ئويۇنغا چۈشكەن ئارسلانلاردەك بىر - بىرىگە ئېتىلىپ ۋە يەنە چاققانلىق بىلەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ، قىلىچ ئۇرۇشاتتى.

بۇ چاغدا مەھمۇتنىڭ ئانىسى رابىيە بۇۋى ئالتۇن تەرىم ئۆز ھۇجرىسىنىڭ باغقا

قارايدىغان رۈجىكى يېنىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. بۇ يەردىن ھېلىقى راۋاق ۋە گۈلزارلىق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇشتۇمتۇت راۋاق ئالدىدا تۇتۇشۇپ كەتكەن قىلىچۋازلارنى كۆرۈپ قالدى - دە، شۇ ھامان باغقا يۈگۈرۈپ چىقتى. تاشقىرىقى بۆلمىدە خىزمەت كۈتۈپ، يانپاشلاپ ياتقان ئىككى نەپەر خاس دېدەك قىز ئالتۇن تەرىمنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقىشتى.

— ئاھ خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش! شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئوغلى بىلەن تۈزۈك مۇڭداشماي تۇرۇپ مۇشۇنداقمۇ قىلامدۇ! — دەپ ئۈن سالدى رابىيە بۇبى گۈلزارلىق ئالدىغا يېتىپ كېلىپ. ئۇ، بىرى - بىرىدىن قېلىشماي قىلىچ ئۇرۇشىۋاتقان ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كىرمەكچى بولغانىدى، بىراق راۋاقتا ئولتۇرغان بۇغراخان بىلەن مۇدەررىستىن ئەيمىنىپ توختاپ قالدى. بۇغراخان خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا قىلىچۋازلىقنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. مۇدەررىس بولسا، ئىنتايىن قىزىققان سىياقتا كۆز تىكىپ، بۇ ماھارەت كۆرسىتىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتمەكتە ئىدى.

رابىيە بۇبى ئالتۇن تەرىم ئۆزىنى ئىككى ياندىن قولتۇقلاپ ئېلىشقان دېدەكلەرنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىسقان ھالدا ئىلاجىسىزلىقتا ئۈنسىز ئاھ ئۇرۇپ قاراپ تۇردى. «يا ئاللا، كونا خۇلقىنى تېخىچە تاشلىماپتۇ»، — دەپ ئويلىدى ئۇ ھەۋەسىنىڭگە خاپا بولۇپ. بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى مەھمۇت تېخى گۆدەك چاغلىرىدىمۇ ھەۋەسىمەن مانا مۇشۇنداق قىلاتتى. ئامراقلىقى كېلىپ كەتسە ئوغلىنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىشنىڭ ئورنىغا ھە دېسىلا قىلىچۋازلىق ياكى چېلىشىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۆزىمۇ كىچىك بالىدەك قىزىپ كېتەتتى. توغرا، بۇنداق چاغلاردا رابىيە بۇبى ئۆزىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ، ئوغلى مەھمۇتنىڭ ياراق ئىشلىتىش ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بېرىپ رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە ھەتتا ئۆزىمۇ قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئۈلگە كۆرسىتەتتى. ئەجابا، ئەمدى ھازىر ئۇ نېمە ئۈچۈن يىغلامسىراپ ئاھ ئۇرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى قەپەزگە سولانغان تورغايدەك تەشۋىشلىك تىپىرلاپ، قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇزۇندىن بېرى ئوغلىنى كۆرمىگەچكە شۇنداقمۇ؟ ياكى پەرزەنتى چوڭ بولغانسېرى ۋە ئۆزىمۇ ياشىنىشقا باشلىغانسېرى ئانا قەلبى نازۇكلىشىپ كېتەمدۇ؟ ئاھ ئانا! ئاھ، ئانا مېھرى! «توۋا، ماڭا نېمە بولدى؟ — دەپ ئويلىدى رابىيە بۇبى ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ، — بۇنىداق تىغ - ياراقلار بىلەن ھەپىلىشىش ئويۇنلىرى خان جەمەتى ئىچىدە ۋە ئومۇمەن پۈتۈن خاقانىيەدە ئادەتتىكى ئىشقۇ.»

بۇغرا تېگىن بىلەن مەھمۇتنىڭ قىلىچلىرى خۇددى ئەينەكتەك ۋالىلداپ، بىر - بىرىگە شىددەتلىك ئۇرۇلماقتا ئىدى. مەھمۇتنىڭ قىلىچ ئويىنىتىشى كۆرۈنەرلىك سۇسلىشىشقا باشلىدى. ئاخىرى بۇغرا تېگىننىڭ كۈچلۈك زەربىسى مەھمۇتنىڭ قولىدىن قىلىچىنى ئۇچۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. ھۇسەيىن بۇغرا تېگىن تەمكىنلىك بىلەن قىلىچىنى قىنىغا سالدى.

— تېخى بىلىكىڭ قاتماپتۇ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يەنىلا قايىل بولغانلىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— كېرەك يوق، ئۇ تېخى كىچىك، — دېدى بۇغراخان ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، — تەڭرى خالىسا، يەنە ئىككى-ئۈچ يىللاردىن كېيىن ئۇستىخىنى قېتىپ ياخشى قىلىچۋاز بولۇپ چىقىدۇ.

بۇغرا تېگىن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئوغلىنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— ھەرىكىتىڭ چاققان، قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپسەن.

رابىيە بۈبى بۇغراخاندىن تەپ تارتىپ گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى ۋە ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى-دە، دېدەكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى.

مۇدەررىس ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپمۇ خوشلىشىپ، تازىم بەجا كەلتۈردى.

شۇ كۈنى كەچتە مۇھەممەت بۇغراخان بىلەن ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن قاپۇغىنىڭ چوڭ مېھمانخانىسىدا گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپە ۋە ماماق ياستۇقلارغا يانپاشلاپ، ئىككى دانە كۈمۈش چىراغپايدا چىرىسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۇزاق مۇڭداشتى.

— خانلار كېڭىشىنىڭ قارارىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، راستىنى ئېيتسام، ناھايىتى بىئارام بولدۇم، — دېدى بۇغرا تېگىن، — خانلىقنىڭ زېمىنلىرىنى مۇشۇنداق پارچىلاپ بۆلۈشىۋېلىش ئاقىلانىلىق بولامدۇ؟ ئىچكى بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشى ئەڭ ئەشەددى تاشقى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىنمۇ خەۋپلىك.

— شۇنداق، — دېدى بۇغراخان ئويچان كۆزلىرى بىلەن چىراغ ئوتىغا قاراپ، — بۆلۈنۈش ئاجىزلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى...

ھەر ئىككىسى بىر ھازاغىچە جىم بولۇشتى. ئاندىن بۇغراخان يەنە سۆزلىدى:

— ئاتىمىز يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دەۋرىدىكى شەرىپىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىنغا توختايدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر بىزگە پۈتۈن خانلىقنى قايتىدىن ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان يەنە بىر يۈسۈپ قادىرخان كېرەك. لېكىن ئۇ قاچان، قەيەردىن چىقىپ كېلەر؟ سۇلايمان ئارسلان خان بۇنداق ئۇلۇغ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇ، پۈتۈن زېھنى كۈچىنى خاقانىيە تەۋەسىدىكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئۇششاق قەبىلىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇشقىلا سەرپ قىلدى، ئەمما خانلىقىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچ چىقىرالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىكار تەلەپ ھەقەمسايىلەردىن بىرنەچچىسىنى ئەتراپىغا توپلىۋېلىپ، ئۇ دۇنيانىڭ تۈگىمەس ھېكايەتلىرى بىلەن ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئاللاتائالا بەندىلىرىنى ھېچ ئىش قىلماستىن قول قوشتۇرۇپ، ئاخىرەتلىك كۈنىنى كۈتۈپ ئولتۇرسۇن دەپ ياراتقان ئەمەس. ياق، ئىنسان بۇ دۇنيالىق بەختىنى ئۆز قولى بىلەن يارىتىشى كېرەك.

بۇغراخان سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ، ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا تاماملىدى. شۇندىن كېيىن ئۇ بىر ئەسناغىچە شۈك بولۇپ قالدى. ئاندىن يەنە سۆزلىدى:

— تاۋغاچخان سەمەرقەنتنى ئاستانا قىلىۋېلىپ، قەشقەر بىلەن بالاساغۇننىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان بولۇۋالدى. لېكىن سۇلايمان ئارسلان خان بۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق

تەدبىر قوللانمىدى. ئۇ گويا غەزنەۋىلەر بىلەن ئەپ بولۇپ ئۆتسىلا ھەممە نەرسە تەل بولىدىغاندەك ئىش قىلىۋاتىدۇ.

— غەزنەۋىلەرنىڭ ئاداشلىقىغا ① قانچىلىك ئىشەنگىلى بولار؟ — دېدى ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن، — ئۇلار ھازىر سالجۇقىلار بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا بىز بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار سالجۇقىلار بىلەن يارىشىپ قالسا ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟

ھەر ئىككىسى خۇددى ئېغىر خىياللار يۈكى ئاستىدا بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتقاندەك خېلى ئۇزاقىچە سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى بۇغراخان، — زېمىنلەرنى بۆلۈشۈۋالغىنىمىزمۇ ياخشى بولدى. ناۋادا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، سۇلايمان ئارسلان خان خاقانىيە ئۆلكىسىنى دۈشمەندىن ساقلاپ قالالمىغۇدەك بولۇپ قالسا، بىز ئۆز ئېلىكىمىزدىكى يەرلەرنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيمىز.

ھۈسەيىن گەپ قىلمىدى. مۇھەممەت بۇغراخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قانداقلا بولمىسۇن، خاقانىيە تەۋەسىدىمۇ بىزنىڭ ئۇپالدىن ئىبارەت بىر پارچە يېرىمىز بار. سەن بۇ يەرنى چىڭ ساقلىشىڭ كېرەك. ھەرگىز ھوشيارلىقىڭنى بوشاشتۇرۇپ قويما...

ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن ئاتىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى-يۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ، ئاتىسىنىڭ زېمىنلەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە بۇنداق بۆلۈنۈشنى ئەيىبلەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن خانلارنىڭ بۇنداق بىر-بىرىگە باقماي پارچىلىنىپ كېتىشىنى خوپ كۆرمەيتتى. ئۇ، ئارسلان خاننىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياقتۇرمايتتى، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ ئۆكتىچىلىكىنىمۇ قوللىمايتتى. ھالبۇكى، بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇشۇ سوئالغا كەلگەندە ھۈسەيىن قايمۇقۇپ قالاتتى ۋە بىر قارارغا كېلەلمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پىكرى چېچىلغان ھالدا ئارتۇق گەپ قىلماستىن، ئاتىسىنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

ئۇلار يەنە ئۇزاقىچە ئۇخلاشقا ياتماي، ئايرىلىش ئالدىدىكى ئاخىرقى سۆزلىرىنى قىلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە مۇھەممەت بۇغراخان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە نۆكەر، چەرىكلىرى بىلەن يولغا چىقتى. ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن بىلەن مەھمۇت تۆت مىڭ كىشىلىك قوروقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇغراخاننى ئۇپالدىن بىر كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى.

## 5 - باب

## ئوغۇل چوڭ بولدى

بۇغراخان تالاس ۋە ئىسپىجاپ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھۈسەيىن چوڭ دادىسى سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا

① ئاداشلىق (خاقانىيە تىلىدا) — دوستلۇق.

باردى ۋە ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە كۆڭلى ئارامغا چۈشمەي دىلغۇل بولۇپ يۈردى. خان جەمەتى ئىچىدىكى ئارازچىلىقلار ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلايتتى. ئاخىرى ئۇ ئويلا-ئويلا «ئەمەلدىكى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولنى تۇتماق زۆرۈر» دېگەن پىكىرگە كەلدى ۋە كۆڭلىدىكى غەملىرىنى ئۆزىدىن نېرى قىلدى. «نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇغراخان ئاتام ئېيتقاندەك، ئىلكىمدىكى بارسخان شەھىرى بىلەن ئوپال دىيارىنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇشۇم لازىم. كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن كۆرەرمىز». شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىر قەدەر يېنىكلىك ۋە ئازادىلىك ھېس قىلىپ، ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ گاھ ئوپالدا، گاھ بارسخاندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋاقتى ھەمىشە ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. تۈرلۈك ئىشلارنى تەكشۈرۈش، چەرىكلەرنى مەشق قىلدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى؛ جايلارغا بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئىش-ئوقەتلىرىنى كۆزىتەتتى، ئەرزى-ھالىنى ئاڭلايتتى؛ ۋاقتى قەرەلىدە قەشقەرگە بېرىپ، سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلاتتى ياكى قارا ئوردىغا (يەنى، چوڭ ئوردىغا) بەلگىلەنگەن باج-سېلىقلارنى تاپشۇراتتى.

ھۈسەيىن بۇغرا تېگىن دەسلەپتە خانلار ۋە تېگىنلەرنىڭ ئىناقسىزلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ، قايغۇرۇپ يۈرگەن بولسا، كېيىنچە ئومۇمىي ئېقىمغا ماسلاشتى. ئۇ «ئۆز قولۇمدىكى يەرلەرنى چىڭ تۇتسام ئىش چاتاق بولمىدىغان ئوخشايدۇ»، — دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز بېشىمچىلىقىنى ھەممىدىن بەكرەك ئاشۇرۇۋەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۇنۋانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى «ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك» دەپ ئاتىدى ۋە شۇ نام بىلەن بارسخاندا ئالتۇن پۇل چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ ھوقۇقىنى چەتكە قايرىپ قويغان بىلەن باراۋەر ئىدى، ئەلۋەتتە.

شۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتتى. كۈز كۈنلىرى كېلىپ قالغانىدى. ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك ئادىتى بويىچە تۈرلۈك مېۋىلەر تولۇق يېتىلىپ پىشقان قەشقەرنىڭ ئالتۇن پەسلىدە بىر مەزگىل دەم ئېلىش ئۈچۈن بارسخاندىن ئوپالغا كەلگەنىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوغلى مەھمۇتنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. مەھمۇت كىرىپ، دەرقەمتە ئولتۇرۇشقان ئاتا-ئانىسىغا سالام بەردى:

— قۇت بولسۇن ئاتا، قۇت بولسۇن ئانا.

مەھمۇت ئاتا-ئانىسىنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر ئۆزگىچە ھالەتنى سەزدى. ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك ئوغلىغا باشتىن-ئاياغ سەپسېلىپ قارىدى.

— كەل مەھمۇت، ئولتۇر، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

رابىيە بۈبى ئالتۇن تەرىم چەكسىز مېھرى سىڭگەن يوغان قوي كۆزلىرىنى ئوغلىدىن ئۈزمەي كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

— قارىغىنا بۇنى، ھەقىقەتەن چوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! — ھۈسەيىن خۇددى ئوغلىنىڭ قاچاندىن بېرى مۇشۇنچىلىك چوڭ بولۇپ قالغىنىنى چۈشىنەلمەيۋاتقاندەك ئالاھىدە بىر خىل ئاھاڭدا چاقچاق قىلدى.

— ھەئە، مېنىڭ ئوغلۇم چوڭ بولدى! — دېدى رابىيە بۈبى ۋە شاد-خۇراملىق بىلەن

ئۇنسىز كۈلدى.

«ئۇلارغا نېمە بولغاندۇر؟» — دەپ ئويلىدى مەھمۇت ۋە بىر دەم ئاتىسىغا، بىر دەم ئانىسىغا تەئەججۇپ ئىچىدە قاراپ قالدى.

— ماڭا قارا، مەھمۇت، — دېدى ھۈسەيىن، — ئىسپىجاپتىن چاپارمەن كەلدى. بۇۋاڭ مۇھەممەت بۇغراخان مەخسۇس سېنىڭ ئىشىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىتىك يېزىپتۇ.

— مېنىڭ ئىشىم ئۈچۈن؟ — مەھمۇت ياندۇرۇپ سورىدى.

— شۇنداق، سېنىڭ ئىشىڭ ئۈچۈن. مانا ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق.

ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك كارناي شەكلىدە يۆگىلىپ، قىزىل تاۋار پۇرۇچ بىلەن چىگىلگەن مەكتۇپنى ئۆزىنىڭ يېنىدىكى شىرە ئۈستىدىن ئېلىپ، مەھمۇتقا سۇنۇپ بەردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قوشۇپ قويدى:

— بىتىكنى باشتا ئۆزۈڭ ئوقۇپ چىق، ئاندىن ئاناڭ سەن بىلەن سۆزلىشىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئارسلان ئىلىك چىقىپ كەتتى. مەھمۇت ئانىسىغا قارىدى.

— ئوقۇغىن بالام، ئوقۇغىن، — دېدى رابىيە بۈبى ئادەتتىكىدىن باشقىچە مۇلايىملاشقان ئاۋازى بىلەن.

مەھمۇت مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن دەسلەپتە ئۇنىڭ ساقالسىز يۇمران مەڭىزلىرى يېنىككىنە قىزاردى، ئاندىن قانداقتۇر بىر خىل تېڭىرقىغان ھالەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقمىدى. رابىيە بۈبى يەنىلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، مەھمۇت، — دېدى ئۇ، — سەن بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىش ۋاقتى يەتتى. ئاتاڭ بىلەن ئىككىمىز بۇۋاڭدىن مۇشۇنداق بىر خەتنىڭ كېلىشىنى ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كەلگەنىدۇق. بۇغراخان ئاتىمىز تۇرغان يەردە بىزنىڭ بۇنداق گەپنى ئاۋۋال تىلغا ئېلىشىمىز توغرا بولمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ساڭىمۇ ئېغىز ئاچمىغانىدۇق.

رابىيە بۈبى تىنىۋېلىپ، ئوغلىغا سىناق نەزەرى بىلەن قارىدى. مەھمۇت تېخىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى.

— ئوغۇل چوڭ بولغاندا ئۆيلىنىدۇ، — رابىيە بۈبى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇغراخان بۇۋاڭنىڭ ساڭا تاللىغان لايىقىمۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك يەردىن ئىكەن. ئويلاپ باققىنا، ھەزرىتى توغان خاننىڭ نەۋرە قىزى ئەمەسمۇ! ئەمدى بۇ ئىشقا تېز تۇتۇش قىلماسلىق بولمايدۇ. ئاتاڭ ئەتىلا شەخسەن ئۆزى ئوردۇكەنتكە بېرىپ، سۇلايمان ئارسلان خانغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالماقچى...

— ياق! — مەھمۇت كەسكىن تەلەپپۇزدا خىتاب قىلىپ، بېشىنى كۆتۈردى.

— نېمە؟ — رابىيە بۈبى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— ئاتام ئوردۇكەنتكە بارماي تۇرسۇن... بۇۋامغىمۇ بىتىك يازماي تۇرۇڭلار.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

مەھمۇت بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— مەن... ئويلاپ باقاي.

— نېمىنى ئويلاپ باقسەن؟

— توي ئىشىنى بولامدۇ.

رابىيە بۇبى هاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى.

— بۇنىڭ ئويلاپ باقىدىغان نېمىسى بار؟!

مەھمۇت ئورنىدىن تۇردى ۋە ئانىسىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، خىجالەتچىلىك ئىچىدە، لېكىن قەتئىيلىك بىلەن دېدى:

— ئانا، خاپا بولمىغايسىز، بۇ گەپنىڭ جاۋابىنى ئەتە بېرەي.

رابىيە بۇبى گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. مەھمۇت ئارقىغا بۇرۇلدى - دە، ئىچتىكى چىقىپ كەتتى. رابىيە بۇبى ئوغلىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدىكى غەيرىي ئۆزگىرىشلەر ۋە غەلىتە گەپ - سۆزلىرىنى كۆڭلىدە ھەر خىل تەھلىل قىلىپ، بىر ئەسنا غىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۇ قوپۇپ خانىدىن چىقتى ۋە ئۇزۇن دەھلىز ئارقىلىق مېڭىپ، ئېرىنىڭ چەتتىكى بىر بۆلمىگە كىردى. بۇ يەردە ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك شىرە يېنىغا سېلىنغان ئىككى قات كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتاتتى. ئالتۇن تەرىم رابىيە بۇبى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈندى. ئارسلان ئىلىك قەلەمنى قويۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ھە، قانداق؟ نېمە دېيىشتىڭلار؟

ئالتۇن تەرىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— مەھمۇت خىجىل بولۇۋاتسا كېرەك، ئوچۇق جاۋاب بەرمىدى. ئويلاپ باقاي، ئەتىگىچە جاۋاب بېرەي دەيدۇ.

ھۈسەيىن بۇ گەپكە پىسەنت قىلمىدى.

— مانا، بۇغراخان ئاتامغا بىتىك يېزىۋاتىمەن، پۈتەي دەپ قالدى، — دېدى ئۇ، — چاپارمەن ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ بىتىكنى بۈگۈندىن قالدۇرماي ماڭدۇرۇۋېتىش كېرەك.

ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك سۆزلىگەچ قايتا قولىغا قەلەم ئالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى رابىيە بۇبى، — ئۇنىڭمۇ رايىغا باقايلى. ئەتە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېقىپ، ئاندىن چاپارمەننى يولغا سالساقمۇ ئۈلگۈرىمىزغۇ.

— چاپارمەننى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىساقمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى ئارسلان ئىلىك، — مەھمۇتنىڭ بىزگە ئېيتقۇدەك نېمە گېپى بولسۇن. ياش بالا بولغاچقا خىجىل بولۇپ شۇنداق دەپ قويىدۇ - دە.

— ياق، — دېدى رابىيە بۇبى ۋە ئارسلان ئىلىكنىڭ قولىدىن قەلەمنى ئېلىپ، كۈمۈش قەلەمدانغا سېلىپ قويدى، — ئەتىگىچە تەخىر قىلىپ تۇرايلى. ئۇنىڭ قانداقتۇر بىزگە ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتقان گېپى باردەك قىلىدۇ.

ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىك رابىيە بۇبىنى ئالاھىدە قەدىرلەيتتى ۋە نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆزىنىڭ بۇ ئۇقۇمۇشلۇق، پاراسەتلىك خانىشىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە كۆنەتتى. شۇڭا، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، بۇغراخانغا جاۋاب خېتى يېزىشتىن بۇرۇن مەھمۇت-

نىڭ كېيىنى ئاڭلاپ بېقىشقا ماقۇل بولدى.

× × ×

مەھمۇت ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىققاندىن كېيىن، خايال قىلماستىن ئۆزىنىڭ سادىق خاس قولى تۇرۇمتاينى چاقىردى. ئۇلار ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ قەلئەدىن چىقىشتى ۋە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئازدىق كەنتىنى كېزىپ ئۆتكەندىن كېيىن نورۇز بۇلاق تەرەپكە يول ئېلىشتى. تۇرۇمتاي ئۆز خوجايىنىنىڭ قاپىقىدىن بۇنداق بىمەزگىل سىرتقا چىققانلىقىدىن سەل ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس ئادىتى بويىچە ئۈن-تىنسىز كېتىۋەردى. شۇنداقتىمۇ، ئىككى ئات ئىلگىرى-كېيىن چېپىشىپ، ياندىشىپ قالغان چاغلاردا ئۇ سوئال مەنىسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان نەزەرى بىلەن مەھمۇتقا بىر-ئىككى قېتىم يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. مەھمۇت ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى ھەيرانلىقنى سەزدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بارار مەنزىلىنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئوي چولپانغا بارىمىز، — دەپ قويدى.

تۇرۇمتاي بۇ قىسقىغىنە خىتابتىن ھەممىنى چۈشەندى. ھە، كىچىك خوجايىن يەنە ھېلىقى قىز بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدىكەن-دە! ئاھ ياشلىق، سۆيگۈ... ئىنچىكە قىرقىما بۇرۇت قويۇۋالغان بەستلىك پالۋان قول تۇرۇمتاي بەجايىكى، قايناق سۆيگۈنىڭ سىرلىق دولقۇنلىرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكۈسى كەلگەندەك ۋە لېكىن بۇنىڭغا ئامال تاپالمىغاندەك پەرىشان قىياپەتتە بېشىنى ئېگىپ، جەدە ئېتىنىڭ سىلىق تارالغان يايلىغا كۆز تىكتى-دە، دېمىسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەھمۇت ھەقىقەتەن بىر قىز بىلەن، ئۆزىنى مەپتۇن ئەيلەپ، يۈرىكىنى ئەسىر قىلغان بىر گۈزەل جانان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن دەرقەمتە تۇرۇپ، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ جەددىي ۋە ھەل قىلغۇچ سۆزىنى ئېيتىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

مەھمۇتنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ھېچكىمگە تىنماستىن يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا سىر قىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان شېرىن تۇيغۇلىرى بار ئىدى. بۇ تۇيغۇلار شۇ قەدەر شېرىن، شۇ قەدەر نازۇك ۋە لەززەتلىك ئىدىكى، مەھمۇت ئۆزىنى گويا گاھ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ۋە گاھ مىسلىسىز بەخت-سائادەت ساماسىنى ماكان قىلىپ، سۆيۈملۈك قىزىنىڭ يىپەك رومىلىغا ئوخشاش يېنىك ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

بىر يىل بولدى. ياق، بىر يىلدىنمۇ سەل ئاشتى. بۇلتۇرقى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۆي ئىچى دىمىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن مەھمۇت ھەر كۈنى نورۇز بۇلاققا بېرىپ دەرس تەكرار قىلاتتى.

ئاشۇ بىر كۈن، ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۈن ...

تۇرۇمتاي ئاتلارغا چۆشەك سېلىپ ئوتلاشقا قويۇپ بەردى ۋە دەرەخزارلىق ئىچىدە سايىداپ، كوكاتلارغا يانپاشلىدى. مەھمۇت نورۇز بۇلاق يېنىدىكى شاخلىق سۆگەتنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى.

ھەر يىلى نورۇز بايرىمىدا ئوپال جامائەتچىلىكى بۇ مەنزىرىلىك جايغا يىغىلىپ،

تۆرلۈك نورۇزلۇق پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. قەلەمكەش مەۋلانىلەر مۇشۇ بۇلاق بېشىدا جەم بولۇپ، نورۇزلۇق نەزمىلىرىنى مۇتالىئە قىلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر بۇلاق ۋە ئۇمۇمەن مۇشۇ جاي «نورۇز بۇلاق» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغانىدى.

ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بېرى مەھمۇت تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە ئالاھىدە زوقلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەجەبا، ئۇ بۇرۇن بۇ چىمەنلىكلەرنىڭ گۈزەللىكىنى نېمە ئۈچۈن كۆرمىگەن؟ بۇلدۇقلاپ ئۇرغۇپ تۇرغان نورۇز بۇلاق ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ جۇشقۇنلۇق قەلبىگە شۇنچە قايناق ھېس - تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇ تۆپىلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاشۇ بوستانلىق مەھەللىگە شىلدىرلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۈزۈك بۇلاق سۈيى نېمە ئۈچۈن مەھمۇتنىڭ يالقۇنلۇق خىياللىرىنى شۇنچە يىراقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ؟

مەھمۇت قانداقتۇر چۈشىنىكسىز غايىبانە ۋەسلىگە تەلپۈنگەندەك بۇلاق بېشىدا مۈكلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كىتابقا قارىتىلغان بولسىمۇ، كۆڭلى كىتابتا ئەمەس، پىكرى چېچىلغانىدى. شۇ ئەسنادا تۆۋەن تەرەپتىكى بوستانلىق مەھەللىدىن گويا بىر جەننەت ماكان ھۆر قىزنىڭ يۈرەكلەرنى سېھىرلىگۈچى خۇش ئاۋازى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەھمۇت شۇ ھامان دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇلاق سالدى. توغرا، بوستانلىق ئوي مەھەللىدىن ناخشا ئېيتىۋاتقان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى كەلمەكتە ئىدى. «بۇ چوقۇم بىر گۈزەل ياش قىز!» — دەپ ئويلىدى مەھمۇت ۋە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ تېنىنى ھاياجانلىق تىترەك بېسىپ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

مەھمۇت ئۆزىنى ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولمىغان، كۆرۈلۈپ باقمىغان غەيرىي ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلارنىڭ لەززەتلىك ھەم ئازابلىق يالقۇنلىرى ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقاندەك سەزمەكتە ئىدى، بۇ نېمە كارامەت! مەھمۇت بۇرۇنقى چاغلاردىمۇ بۇ يەرگە كۆپ كېلەتتى. بوستانلىقلار، ئېتىزلىقلار ياكى مېۋىلىك باغلاردىن ياڭراپ تۇرىدىغان ناخشىلارنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان ۋە لېكىن ھېچقاچان بۇ ناخشىلارنى «گۈزەل ياش قىزلار ئېيتىۋاتىدۇ» دەپ پەرەز قىلغان ئەمەس. ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ياش قىز ياكى چوڭ ئايال بولۇشىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ئەمدىچۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئوي مەھەللىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ناخشا ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ناخشىنى بىر گۈزەل قىز ئېيتىۋاتقان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ قىزنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىزار بولىدۇ؟

مەھمۇت ئوقۇۋاتقان كىتابىنى يېپىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇلاقنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، تۆپىلىكنىڭ ئەڭ چېتىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ، ناخشىچىنى ئىزلەپ، پەستىكى تالزارلىققا كۆز تىكتى ۋە ھەتتا تىنىقىنى چىقارماسقا تىرىشىپ تىڭشىدى. بۇ يەردىن ناخشىنىڭ سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلانمايتتى ۋە قويۇق ئۆسكەن مەجنۇن تاللار ئارىسىدىن ناخشىچىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. مەھمۇت ناخشا ئاڭلىنىۋاتقان يەرنى كۆزلەپ، تۆپىلىكتىن بىر ئاز پەسلەپ چۈشتى. تال شاخلىرى ئارىسىدىن گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كۆزگە چېلىقتى. مەھمۇت يەنە بىر ئاز تۆۋەنگە چۈشتى ۋە شۇ جايغا قاراپ قېتىپ قالدى.

— تۇرۇمتاي، — دەپ چاقىردى ئۇ، — بۇياققا كەلگىنە.

تۇرۇمتاي ياش خوجايىننى قوغداش ساداقىتى ۋە ھوشيارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە چۈشكەنىدى.

— قارىغىنا تۇرۇمتاي، ئۇ كىم؟ بىلەمسەن؟ — مەھمۇت قولى بىلەن پەس تەرەپنى كۆرسىتىپ سورىدى.

نورۇز بۇلاقنىڭ سۈيى ئېقىپ ئوي مەھەللىگە بارغاندا خېلىلا كەڭرى ۋە سۈزۈك ئېرىقنى ھاسىل قىلاتتى. تۇرۇمتاي ئۆز خوجايىنىنىڭ ئەنە شۇ ئېرىق بويىدىكى بىر يالغۇز قىزغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئېرىق بويىنى قاپلاپ كەتكەن ياپيېشىل چىمەنزاردا قىزنىڭ ئالا - چىپار گۈللۈك ئاق چىت كۆڭلىكى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قىز تۆپىلىكتىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئىككى كىشىنى كۆرمەي يەنە بىردەم ناخشا ئېيتتى. كېيىن ناخشىسىنى توختىتىپ، يوغان قاپاقنى كۆتۈرگەن ھالدا ئېرىق بويىدىن ئەپلىك جاي ئىزلەپ ئۇياق - بۇياققا ماڭدى - دە، بىر جاينى مۇۋاپىق تاپتى بولغاي، شۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇردى، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئاپئاق بىلەكلىرىنى يالىڭاچلىدى ۋە قاپاقنى سۇغا پاتۇردى. ئاندىن سۇ تولدۇرۇلغان قاپاقنى بىر يېنىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ئالدىرىماي ماڭغىنىچە تۆپىلىكتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان يېقىن يەردىكى بوستانلىق ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

— ئۇ كىم؟ سەن بىلەمسەن، تۇرۇمتاي؟ — مەھمۇت يېنىشلاپ سورىدى.

تۇرۇمتاي بۇغراخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئوپالغا قاراشلىق كەنتلەردىن يىغىلغان سېلىقلارنى توشۇش ئىشىغا بىر نەچچە قېتىم قاتناشقانىدى. شۇڭا، بۇ ئەتراپتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى تونۇيتتى.

— ئۇنىڭ ئىسمى چولپان، مۇشۇ كەنت ئاقساقىلىنىڭ قىزى، — دېدى تۇرۇمتاي.

— چولپان، — دېدى مەھمۇت ھېلىقى قىز كىرىپ كەتكەن دەرۋازىدىن تېخىچە كۆزىنى ئۈزمەي، — چولپان! چولپاننى كۆكتە دەپ يۈرسەم، ئويىدىمۇ چولپان بار ئىكەن! تۇرۇمتاي، بۇندىن كېيىن بۇ ئوي مەھەللىنى «ئوي چولپان» دەپ ئاتايلى!

تۇرۇمتاي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى. ئۇ، خوجايىنىنىڭ مۇنداق ھېسسىياتلىنىپ سۆزلىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

— چولپان! ئويىدىكى چولپان! ئوي چولپان! — مەھمۇت قايتىپ كېتىۋاتقاندىمۇ بۇ سۆزلەرنى بىرنەچچە قېتىم تەكرار تىلغا ئالدى.

شۇندىن كېيىن مەھمۇت پات - پات قاپۇغدىن ئۆزى يالغۇز چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نەگە بېرىپ يۈرگەنلىكىنى ئاتا - ئانىسى ئۇقمىغان بولسىمۇ، تۇرۇمتاي بۇ ئىشتىن ئوبدان خەۋەردار ئىدى. مەھمۇت نورۇز بۇلاق يېنىدىكى ئوي مەھەللىگە، يەنى ئوي چولپانغا باراتتى. ئۇ يەردە، ھېلىقى ئېرىق بويىدا كەنت ئاقساقىلىنىڭ گۈزەل قىزى چولپان بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ يۈرەتتى.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەھمۇت ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ «ئوي چولپانغا بارىمەن» دېگەندە تۇرۇمتاي ھەممىنى چۈشەندى. ئۇلار ئىككىيلەن نورۇز بۇلاق تۆپىلىكىگە يېتىپ كەلگەندە مەھمۇت ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، تىزگىنىنى تۇرۇمتايغا بېرىپ، ئۆزى يالغۇز

دەرەخزارلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تۇرۇمتاي ئاتلارنى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپ، ئاددىي بويىچە كوكاتلار ئۈستىگە كېپىنەك تونىنى يېيىپ يانپاشلاپ ياتتى.

مەھمۇت ئۇي مەھەللىگە چۈشۈپ، ھېلىقى ئېرىقتا يېقىن جايدىكى قويۇق ئۆسكەن تالزارلىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ھېچكىم يوق. شۇندىن كېيىن مەھمۇت ھېلىقى بوستانلىق ھويلا تەرەپكە تەلمۈرۈپ، ئىنتىزارلىق ئالامەتلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتتى:

باردى كۆزۈم يارۇقى،
ئالدى ئۆزۈم قونۇقى،
قاندا ئەرنىچ قاندقى،
ئەمدى بۇدىن ئوزغۇرۇر ①.

ئۇي مەھەللىدە بۇنداق ناخشىلار دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاق سۈيىدە ئېتىنى سۇغۇرۇشقا كەلگەن نۆۋەتچى چەرىگمۇ، يەل - يېمىشلەر تولدۇرۇلغان سېۋەت ۋە خۇرجۇنلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ بازارغا كېتىۋاتقان باققالمۇ ياكى شۇنداقلا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىمۇ ناخشا ئېيتىشى مۇمكىنمۇ. ھالبۇكى، كۆرۈشۈشنىڭ بەختلىك پەيتلىرىنى كۈتۈپ بىتاقەت بولغان قىزنىڭ سەزگۈر يۈرىكى ھەر قانداق ناخشىلار ئىچىدىن بۇ يىگىتنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟

ناخشا ئاخىرلىشىپ تۇرۇشىغا بوستانلىق ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئاستا ئېچىلدى. ئارقىدىنلا مەجنۇن تاللارنىڭ ئېسىلىپ چۈشكەن شاخلىرى ئارىسىدىن قىزغۇچ تاۋار كۆڭلەك غىل - پال كۆرۈندى - دە، شۇ ھامان ئېرىق بويىغا چولپان ئاتلىق ھېلىقى قىز قاپاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ۋە مەھمۇتنى كۆرگەندىن كېيىن «خەق كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ قورقۇپ، خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن كىيىكتەك ئەتراپقا ئىتتىك قارىدى.

— چولپانئاي!

— مەھمۇت!

ئۇلار ئىككىسى تالزارلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، خىلۋەت جايدا توختىدى. چولپان ئالدىراپ ۋە ھودۇقۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— مەھمۇت، نېمە ئىش بولدى؟ بۈگۈن كۆرۈشۈشنى كېلىشىپ قويمىغانىدۇققۇ ... بىر مۇھىم ئىشىڭىز بولمىسا بۇنداق چاغدا كەلمەس ئىدىڭىز ...

— شۇنداق، — دېدى مەھمۇت، — مۇھىم گەپ بار. ھېلىمۇ ياخشى كۆرۈشەلىدۇق، خۇداغا شۈكۈر. سىزنى ئۆيدە يوق بولۇپ قالارمۇ ياكى ناخشامنى ئاڭلىماي قالارمۇ دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز مەھمۇت! مېنى چاقىرىپ ئېيتقان ناخشىڭىزنى ئاڭلىماي قېلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ھە، قېنى ئېيتىڭا، نېمە ئىش بولدى؟

① كۆز نۇرۇم ئۆچۈپ كەتتى،
قەلبىمنى ئېلىپ كەتتى،
شۇ يارىم قايان كەتتى؟
ئەمدى ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

— بۇغراخان بوۋامدىن خەت كەپتۇ، — دېدى مەھمۇت بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ۋە سۆزىنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلمەي يەنە جىمىپ قالدى.

چولپان بىر تەرەپتىن خەق كۆرۈپ قالماستا ئۆيىگە كىرىپ كېتىشكە ئالدىراپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇتنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەتسىزلىنىپ، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تىتىرەپ تۇراتتى. مەھمۇت ئۇشتۇمتۇت قىزنىڭ بىلەكلىرىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالدى.

— چولپانئاي، مەن ئەتىلا ئاتا-ئاناڭغا ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ئېيتىمەن.

چولپانئاي بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى دەرھال ئاڭقىرالماي ۋە ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي گاڭگىراپ قېتىپلا قالدى.

— چولپان، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەتىدىن قالسا بولمايدۇ.

— مەھمۇت، زادى نېمە بولدى؟ — چولپان ئاخىرى ئەس-ھوشىنى يىغىۋېلىپ سوردى.

ئەمدى مەھمۇتمۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— بۇغراخان بوۋام مېنى ئاتا-ئانام بىلەن ئىسپىجابقا چاقىرتىپتۇ. ئۇ يەردىن ئۆزى بىزگە باش بولۇپ، ئۆزكەنتكە باشلاپ بارىدىكەن... بوۋام ئۆزكەنتتە مېنىڭ... تويۇمنى...

چولپاننىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن، ياق، يۈرەك قېتىدىن «ئاھ!» دېگەن بىر ھەسرەتلىك سادا چىقتى-دە، بېشى قېيىپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. مەھمۇت ئۇنى ئىشىق ئوتىدا ئۆرتىنىپ تۇرغان يالقۇنلۇق باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇتۇۋالدى.

— چولپان، چولپان، — دەيتتى ئۇ قىزنى غەيرەتلەندۈرۈشكە تىرىشىپ، — ماڭا قاراڭ، مەن سىزدىن باشقىسىنى ئالمايمەن، ئۇقتىڭىزمۇ! ئانام بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىمەن، سىزگە ئەلچى كىرگۈزۈشكە ماقۇل كەلتۈرىمەن...

— ياق، مەھمۇت، — دېدى چولپان ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ، — بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ. بۇ مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش. مەن سىزگە باشتىلا دېگەنىدىمغۇ... ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرماڭ... سىز بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، ئارسلان ئىلىگ خاننىڭ ئوغلى... ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ خان ئەۋلادى بىلەن باش قوشۇشىڭىز كېرەك...

— چولپان...

— ياق، مېنى قويۇۋېتىڭ، قايتىپ كېتەي، بۇندىن كېيىن مېنى ئىزلىمەڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي...

— ياق، چولپانئاي! ئۇنداق دېمەڭ. مەن چوقۇم ئاتا-ئاتامنى قايىل قىلىمەن، بەلكىم مەن... بىز تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن، بەلكىم سىزنىڭمۇ ئاۋارە قىلىنىشلىرى مۇمكىن، لېكىن مەن ھامان دېگىنىمنى قىلىمەن. سىز چوقۇم مېنىڭ بولىسىز... قانداقلا بولمىسۇن، سىزنى ئاگاھ بولۇپ تۇرسۇن دەپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن.

— ياق، مەھمۇت... ئاھ... مەن قورقىمەن...

— نېمىدىن قورقىسىز؟ مەن بارغۇ! ھەممە گەپنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، سىزگە قىلچە سۆز تەگكۈزمەيمەن.

— ئاھ... مېنى قىينىمىسىڭىزچۇ...

— چولپانىئاي، پەرىشتەم ...

مەھمۇت چولپاننى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ يېنىدىلا دېڭىزدەك قاتتىق ۋارقىرىغان غەزەپلىك خىتاب ئاڭلاندى:

— چولپان!

ئاشىق - مەشۇقلار خۇددى چاقماق سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كېتىشتى - دە، داڭ قېتىپ قېلىشتى. مەھمۇت دەرھال قىزنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتتى. ئېرىق بويىدا چولپاننىڭ ئاتىسى تۇراتتى. چولپان ئىزا ھەم قورقۇنچتىن ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى. ئاقساقال ئەمدى ئالدىدا تۇرغان يىگىتكە سەپسالدى - دە، ئۇنىڭ باشقا بىر كىشى ئەمەس، بەلكى مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، ھۈسەيىن ئارسلان ئىلىكخاننىڭ ئوغلى مەھمۇت ئىكەنلىكىنى تونۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ غەزىپى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بىراقلا بېسىقتى. بېلىدىكى خەنجەرنىڭ دەستىسىنى قەھرى بىلەن سىقىملىغان قولى بوشىشىپ پەسكە ساڭگىلىدى. ئۇ گوياكى بىر كۈتۈلمىگەن مۆجىزە كۆرگەندەك، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى؛ خۇددى پۈتۈن جىسمىدىن قان ساقىپ كەتكەندەك چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ سەل ئۆزىگە كەلدى بولغاي، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ، بېشىنى ئەگدى.

— مەرھابا، ئۈكە تەگىم①...

مەھمۇتنىڭمۇ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەندى. خىجالەتچىلىك ۋە تەمتىرەش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغاپ ئېلىپ، ئېغىزىدىن بىر سۆزنىڭمۇ چىقىشىغا يول قويمايتتى. ئاخىرى ئۇمۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئاستاغىنە ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە شۇئان ئارقىغا بۇرۇلدى - دە، ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلاپ، نورۇز بۇلاق تۆپىلىكىگە چىقىپ كەتتى. ئاقساقال بىر ئەسناغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى. ئاندىن قاتمۇ - قات خىيال ۋە غەم - ئەندىشىلەر بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆز قورۇسىغا كىردى. ئۇ ماغدۇرسىزلانغان ھالدا دەرۋازا قاپقىقىغا كەينىچە يۆلىنىپ، قايسىدۇر بىر ئۇزۇن ئايەتنى پىچىرلاپ ئوقۇدى ۋە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ خىتاب قىلدى:

— چولپان، جېنىم قىزىم! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئوت بىلەن ئوينىشىپسەنغۇ! يولۋاسنىڭ قولىنى تۇتۇپسەنغۇ!

بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ نالىشىدەك جانسىز ۋە ئېچىنىشلىق ئاڭلاندى.

تەھرىردىن:

كەڭ ئامما ۋە ئاپتورلار بىلەن پىكىرلىشىش مەقسىتىدە يازغۇچى پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇت قەشقەرى» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ باش قىسمىنى ئېلان قىلدۇق. تەنقىدى پىكىرلەرنى قارشى ئالىمىز.

① خان جەمەتىنىڭ كىچىك ئوغۇللىرى، يەنى «تېگىن» ئۇنۋانىغا ئېرىشمىگەنلىرى «ئۈكە تەگىم» دېيىلەتتى.

# ۋىجدان ئازابى

(ھېكايە)

قادىر ئارسلان

مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ قالىمەن دېگەن ئىشەنچتە ئىدىم. چۈنكى مەن بۇ ناھىيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرىمەن. يەنە كېلىپ مەن بېجىرىدىغان بەزى ئىشلار ئۇنىڭ ئىدارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مەن بۈگۈن پېشىندىن كېيىن بۇ ناھىيىگە يېتىپ كەلدىم. مېنى كۈتۈۋالغىلى چىققان ماخمۇتكام بىلەن مېھمانخانىغا كېلىپ، ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، زەيىندىنىنىڭ مېنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ماخمۇتكامنىڭ چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۈس ئالدى. ئۇ كۆزلىرىنى كۆزۈمدىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىغىنىچە:

— زەيىندىن ئەپەندى ئوبدان كىشى ئىدى، ئەجەل دېگەن ياش - قېرىنى تاللىمايدىكەن، — دېدى.

يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى. قاتتىق چۆچۈگىنىمدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟!

— رەھمەتلىك تۈنۈگۈن دەل مۇشۇ چاغدا لەھەتتە ياتاتتى. جايى جەننەتتە بولغاي، كېسەل ئازابىنى بىر يىل قاتتىق تارتتى.

زەيىندىن ۋاپات بولدى؟! مېنىڭ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، پۇت - قوللىرىم بوشىشاندەك بولدى - دە، كارىۋاتتا «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدىم. كەڭ پىشانىلىك، ئاق سېرىق ئۆڭلۈك، ساغۇچ قاشلىرى تېگىدىكى چوڭقۇر كۆزلىرى ئەنسىزلىك بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان، قىرلىق بۇرۇن تېگىدىكى نېپىز كالپۇكلىرى ساغۇچ چىشلىرىنى كۆرسەتكەن ھالدا كۈلۈپ تۇرىدىغان، ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت كۆز ئالدىمغا كەلدى. بۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، يېقىن دوستۇم زەيىندىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە 17 — 18 يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئەسلىسەملا، ئۇنىڭ يۇقىرىقى پورترېتى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنەتتى. بۇ ساغلام يىگىت ئەمدىغىنە قىرىقنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ دوستۇم جاھاننىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى، قىزىقچىلىقى ۋە تېتىقسىزلىقىنى سەزمەيدىغان بولۇپ يەر قوينىدا ياتقىنىغا بىر كۈن بولۇپتۇ.

مەن ئاپتوبۇستا كېلىۋاتقان چېغىمدا ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى: «زەيىندىن بىلەن كۆرۈشىمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنىلا دوست، ئۇنىڭ ئايىشەم بىلەن توي قىلىشى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ئايىشەمدىن ئاغرىنىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان يېرىم يوق. مەن ئەينى ۋاقىتتا ماڭا بوھتان چاپلاپ، مېنى سەرسانچىلىققا سالغان، تۈنجى مۇھەببىتىمنى ۋەيران قىلغان ھېلىقى نامەلۇم شەخستىنلا نەپرەتلىنىمەن ... زەيىندىن بىلەن كۆرۈشىمەن، لېكىن بۇ كۆرۈشۈش ياتاقتا بولىدۇ» دېگەن قارارغا كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ قارارىمۇ ئۆزلۈكىدىن

غايىپ بولدى. دوستۇم ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن قېچىپ ئۆيىگە پاتەمگە بېرىپ قويماسلىق قاملاشمىغان ئىش - تە!

— ماخمۇتكا، ئالدىراش بولمىسىڭىز مېنى زەينىدىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارغان بولسىڭىز، — دېدىم مەن ئېغىر خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دېدى ماخمۇتكام گېپىمنى قىرىپ قويۇپ، — ئەجەل دېگەن ياش - قېرىنى ئايرىمايدىكەن... يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋالسىلا، مەن سىلىنى رەمەتلىكنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باراي.

بىز 15 مىنۇتتىن كېيىن مېھمانخانىدىن چىقتۇق. ئانچە ئۇزاق ماڭماي چوڭ يولدىن قايرىلىپ، دەرەخلىق بىر كوچىغا كىرىپ قالدۇق. مەخمۇتكام بىر قوش قاناتلىق ئىشىك ئالدىدا توختىدى. ئىشىك يېنىغا ياساپ قويۇلغان كىچىك سۇپىدا ئالتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىر رەسىملىك كىتابنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

بىز ھويلىغا كىردۇق. ئۆي ئىچىدىن ئاياللارنىڭ چۇۋۇرلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز ئىشىكنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا بېشىغا ئاق داكا ياغلىق ئارتىۋالغان، سولغۇن چىرايىدىن قايغۇ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان، يىغىدىن كۆزىنىڭ چۆرىسى قىزارغان بىر ئايال چىقىپ قالدى. پىشانىسىگە ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىغا قورۇق چۈشكەن، سەمرىپ تولغان، يېشىنىڭ ئۇلغىيىشى يەنە بىر مۇنچە بەلگىلەرنى سالغان بولسىمۇ، مەن ئۇنى تونۇۋالدىم: ئۇ ئايشەم ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى. مەنمۇ ئوڭايسىزلانغىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ماخمۇتكام بىزنى بۇ قولايسىز ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

— قېنى، يۇرسىلە، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى ئۇ مېنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ.

ئايشەم ئۆزىنى چەتكە ئالدى. قاتتىق ھودۇققىنىدىن بولسا كېرەك. ئۇ مۇسىبەت يىغىسىنى يىغلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

بىز ئازادە، چىرايلىق ياسىداقلىق ئۆيگە كىرىپ سافادا ئولتۇردۇق. ئايشەم ئىشىككە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ماخمۇتكام قىرائەتنى تۈگىتىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى، مەن ئەگەشتىم. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانىدىم. دۇئادىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرمىگەن ھالدا:

— بۇياققا سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، زەينىدىن بىلەن كۆرۈشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولۇۋېدىم، يۈز كۆرۈشۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەپتىمەن، ئاغرىقلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسامۇ، سەل بالدۇرراق يولغا چىقاركەنمەن... — گەپلىرىمنىڭ تازا قولاشمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۆز قايغۇمنى بىلدۈردۈم.

ئايشەم زەينىدىنىنىڭ بىر يىلدىن بۇيان كېسەل تارتقانلىقى، داۋالاشنىڭ ئۈنۈم بەرمىگەنلىكى توغرىسىدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ ھالىتى ۋە ئاھاڭىدىن ھەم ئازابلىنىش ھەم تويۇقسىز ئۇچرىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان قولايسىزلىق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. مەن تەسەللىي سۆزلىرىمنى ئېيتتىم ۋە ماخمۇتكامغا مېڭىش ئىشارىسىنى قىلدىم.

بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئايشەم نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى، بەلكىم بىزنى ئولتۇرۇشقا زورلىماقچى بولدى - يۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ:

— بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ تارتىمىسىنى رەتلەۋېتىپ، سىزنىڭ ئىسمىڭىز يېزىلغان بىر كونۋېرتنى كۆرۈپ قالدىم. كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشكەندە پوچتىغا سېلىۋېتەرمەن دېۋىدىم، —

دېدى ۋە دېرىزە تۈۋىگە توغرىسىغا قويۇلغان يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن قېلىن كونۋېرتنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. مەن ئەجەپلەنگەن هالدا كونۋېرتنى ئالدىم ۋە ئۇنى يانچۇقۇمغا سېلىپ ئۆيدىن چىقتىم.

بىز ئايشەم بىلەن خوشلىشىپ زارەتكارلىققا ماڭدۇق. مەن كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز ئارقامغا قارىدىم. ئىشىك ئالدىدا ئايشەم، مەن ياش ۋاقتىمدا چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرگەن قىز كەينىمىزدىن قاراپ تۇراتتى. مەن ئارقامغا قاراپ سالغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە كايىدىم ۋە قەدىمىمنى تېزلەتتىم.

ماخمۇتكام مېنى زۇمچەك - زۇمچەك قەبرىلەر بىلەن تولغان زارەتكارلىقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر دۆۋىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى ۋە يەكتىز بولۇپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا تىزلاندىم. ماخمۇتكام مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن قىرائەتنى باشلىدى. مەن ئالدىمدىكى دۆۋىگە كۆز تىككىنىمچە خىيالغا پاتتىم. زەينىدىننىڭ تەققى - تۇرقى يەنە كۆز ئالدىمغا كەلدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ قويمىغىنىمغا ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم. ماخمۇتكامنىڭ «ئامىن» دېگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ، خىيالدىن ئويغاندىم ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردۈم.

— ئەمدى قايتايلىمۇ؟ — دېدى ماخمۇتكام ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مۇنداق قىلايلى ماخمۇتكا، هېلىمۇ سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، سىز قايتىۋېرىڭ. مەن سەل تۇرۇپ قايتماقچىمەن. كەچتە كۆرۈشەرمىز، — دېدىم مەن تىزىمدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ.

— ئۇنداق قىلسام سەت بولار، مەنمۇ سىز بىلەن تۇرمايمۇ؟

— ياقەي، سەت بولغۇدەك نەرى بار. راستىنى ئېيتسام، مەن بەك گاڭگىراپ قالدىم ... زەينىددىن مېنىڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. كۆرۈشمىگىلى 17 يىل بولغان، كۆرۈشەلمىدىم، ئەمدى قاچان كېلىپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلىيالايمەن خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. مەن ئۇزاقراق تۇرۇۋالاي.

ماخمۇتكام مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەندى بولغاي، ئارتۇق تەكەللۇپ قىلىپ تۇرماي قايتىپ كەتتى.

مەن قەبرىنىڭ نېرىراقىدا تۇرغان ئىككى پارچە كېسەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. بىردىنلا ئۇنىڭ خېتى ئېسىمگە كەلدى. يانچۇقۇمدىن خەتنى ئالدىم. كونۋېرت چىڭ يەملەنگەنىدى، مەن ئۇنى ئالدىرىماي ئاچتىم.

«دوستۇم كامىل، — دەپ باشلانغانىدى خەت، — سەن بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغان چېغىڭدا، مەن تىرىكلىك دۇنياسىنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈلگەن، قارا يەر قوينىدىن ئورۇن ئالغان بولارمەن. بۇ خەتنى مەن بۇرۇنراق هەتتا بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا يازغان بولسام، دوستلۇققا، ئىنسانىي ئەخلاققا قىلغان خىيانەتكارلىقىمنى ئىقرار قىلغان بولسام، مەيلى سەن كەچۈر، مەيلى ئەيىبلىگىن، هەممىگە بەرداشلىق بەرگەن بولسام بولاتتى. لېكىن مېنىڭدە بۇنچىلىك جۈرئەت بولمىدى. بۇنداق جۈرئەتنىڭ بولمىغانلىقىدىن مەن قىلچە خاتىرجەملىككە ئىگە بولالىغىنىم يوق، بەلكى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان خاتىرجەمسىزلىك، پۇشايمان، ئازابلىنىش ئىچىدە كۆيۈپ كەلدىم ... »

«بىچارە دوستۇم، — دەپ ئويلىدىم مەن بۇ قۇرلارنى كۆرۈۋېتىپ، — ئىلگىرى مەن بىلەن مۇهەببەتلەشكەن قىز بىلەن توي قىلغىنىڭغا مېنىڭ ئالدىمدا خىجىللىق تارتىپ كەپتۇ - دە،» ئەينى ۋاقىتتا، مەن ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، زەينىددىنگە خەت يازغان، بۇ مەسىلىگە توغرا قارايدىغانلىقىمنى، ئۇلارغا

بەخت تىلەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بىلدۈرگەنىدىم.
قارىغاندا، شۇ خېتىممۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بو-
لالماپتۇ - دە!

مەن خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم:

«كامىل، سەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىڭدا
ھەيران بولارسەن، چۈنكى سەن مېنى ئۆزۈڭ-
نىڭ ئەڭ يېقىن دوستى دەپ ھېسابلايتتىڭ.
ھەتتا ئايشەم بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىقىممۇ
سېنىڭ ماڭا بولغان دوستلۇق ھېسسىياتىڭنى
ئۆزگەرتەلمىگىنى يوق. مەن بۇنى ئېنىق بىلى-
مەن. لېكىن، بۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر ئازاب،
بىر خىل جازا بولۇپ كەلدى. چۈنكى مەن
ساڭا زىيانكەشلىك قىلغان بىر ئادەممەن. كا-
مىل، سەن خېتىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئا-
خىرىغىچە ئوقۇپ چىق. بۇ — سەكراتقا چۈ-
شۈش، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك سەپەر قىلىش
ئالدىدا تۇرغان بىر بىمارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
ئۆتۈنۈشى.

ئالدى مەكتەپ ھاياتىنى، ئالدى مەكتەپتە
ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى بىللە ئۆتكۈزگەن دوست-
لارنى ئەسلەش كۆڭۈللۈك ئىش. لېكىن بۇ
مېنىڭ ئۈچۈن بىر ئازابتىنلا ئىبارەت بولۇپ
كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبكارى باشقا بىرسى ئە-
مەس، يەنىلا ئۆزۈم. جىمى كۆڭۈللۈك ئەس-
لىمىلەرنى ساڭا قىلغان يامانلىقىم تۈپەيلىدىن
پەيدا بولغان ۋىجدان ئازابى ئاللىقاياقلارغا
قوغلىۋېتىدۇ.

ئالدى مەكتەپ ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرقى يىل-
لىرىدا سەن ئايشەم بىلەن مۇھەببەتلىشەتتىڭ
(ئايالىمنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببەت تارىخى توغ-
رىسىدا سۆزلەش بىر ئەر بولۇش سۈپىتىم بى-
لەن ماڭا ئېغىر كەلسىمۇ، بۇ خەتتە بۇ ئىشنى
ئېغىزغا ئېلىشقا مەجبۇرمەن). سىنىپىمىزدىكىلا
ئەمەس، فاكۇلتېتىمىزنىڭ گۈلى بولغان، نۇر-
غۇن يىگىتلەر ئوتىدا كۆيگەن گۈزەل قىز
بىردىنلا ساڭىلا تەئەللۇق بولۇپ قالدى. سەن
مېنىڭ تەبرىكلىشىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل
قىلدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ يېقىن دوستىڭنىڭ تەبرىك-
لىشى سەن ئۈچۈن تەبىئىي ئىش ئىدى. شۇ-
ڭا سەن مېنىڭ تەبرىك سۆزۈمنى ئاڭلىغىنىڭدا
چىرايىمدىكى مەيۈسلۈك، تەلەپپۇزۇمدىكى روھ-
سىزلىقىمنى سەزمىدىڭ. كامىل، سەن ھەيران
قالما، سەن مېنىڭ دوستۇم ئىدىڭ. لېكىن
سەن ئايشەم بىلەن كۆڭۈل بېرىشكەن كۈندىن
باشلاپ مېنىڭ رەقىبىمگە ئايلاندىڭ. چۈنكى
مەن ئايشەمنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا ئۆ-
مۈرلۈك ھەمراھ بولۇش ئىستىكىمنى ئىزھار
قىلىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈۋاتاتتىم. سەن
مېنىڭ ئارزۇلىرىمنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەت-
تىڭ. شېرىن چۈشلىرىمنى بۇزۇۋەتتىڭ.

مەن قاتتىق ئازاب ئىچىدە قالدىم. سىلەر-
نىڭ مۇرە تىرەپ كېتىۋاتقىنىڭلارنى كۆرگى-
نىمدە، رەشكىنىڭ كۈچىدىن يىللاندەك تولغىنىپ
كېتىدىغان بولدۇم. سىلەرنىڭ بىر - بىرىڭلارغا
مۇھەببەت بىلەن بېقىشىڭلار گويا سىلەر مېنى
زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، مەندەك بىر بىتەلەينىڭ
ئۈستىدىن كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولدى.
سىلەرنىڭ بەختىيار كۈلكەڭلەرنى ئاڭلىسام قۇ-
لاقلىرىم ۋاڭىلداپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ
كېتەتتى.

خۇداغا شۈكرى، مەن ئۆزۈمنى سەل تۇتۇ-
ۋالدىم. چىرايىمدا، سۆز - ھەرىكىتىمدە ئۆز
ھېسسىياتىمنى، ساڭا بولغان نەپرىتىمنى يوشۇ-
رالىغۇدەك كۈچكە ئىگە بولدۇم. مەن: «جاھان-
دا قىز ئازمىدى؟ نېمانچىۋالا قىلىمەن؟» دەپ
ئۆزۈمنى بەزلىدىم. لېكىن بۇ بەزلەش ئاي-
شەمگە بولغان ئىنتىلىشىم ئالدىدا بىر زەررىچى-
لىكمۇ بولالمىدى. كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي
ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. كاللامنى تۈرلۈك -
تۈمەن قورقۇنچلۇق پىكىرلەر زەھەرلەيدىغان

بولدى. سېنىڭ قاۋۇل، بىجىرىم قامىتىڭ كۆزۈمگە تولىمۇ سەت كۆرۈنىدىغان بولدى. بەزىدە مېنىڭ خىيالىمغا: «كامىل بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالسا - ھە» دېگەن رەزىل تىلەك كىرىۋالاتتى. مەن بۇنىڭدىن ئىختىيارسىز چۆچۈپ كېتەتتىم. لېكىن يەنىلا شۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى تىلەيتتىم. سەن ئۆلۈپ قالمىدىڭ. مۇھەببەتنىڭ كۈچىدە سېنىڭ چىرايىڭدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، تېخىمۇ قاۋۇل بولۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدىڭ. سېنىڭ ھالىتىڭ گويا مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، سۆڭەك - سۆڭەكلىرىم سىقىراپ كېتەتتى.

مەن بىر - ئىككى ئاي ئىچىدىلا ياداپ كەتتىم. سەن بىر نەچچە قېتىم: «دوستۇم ئاغرىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ ياداپ كېتىۋاتىسەن، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقساڭ بولارمىكىن» دېدىڭ. سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭدە كۆيۈمچانلىقتىن ئۆزگە ھېچنەرسە يوقلۇقىنى بىلەتتىم. لېكىن، مەن ساڭا نېمە دېيەلەيمەن؟ كۆڭلۈمدىكى قايغۇ - ھەسرىتىمنى ساڭا ئېيتالىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان كۆڭۈل سىرلىرىنى دېيىشكەن بولساقمۇ، ئەمدى بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئارىمىزدا قېلىن توساق، يىرتىلماس پەردە پەيدا بولغانىدى. سېنىڭ ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببىتى، بەختى، ئارزۇلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىڭمۇ ماڭا بۇرۇنقىدەك ياقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، سېنىڭ كۆيۈمچانلىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىڭگە قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرەلمەيتتىم. پەقەت: «كۆزۈڭگە شۇنداق كۆرۈنىۋاتقاندىمەن، ئۇنچىۋالا ياداپ كەتكىنىم يوق، بىرەر يېرىمىنىڭ ئاغرىغىنىنىمۇ سەزمىدىم» دېيىشكە مەجبۇر ئىدىم. بەزىدە بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ، سىنىڭدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىشنىمۇ ئويلايتتىم. لېكىن يېتەرلىك باھانە تاپالمىدىم. سەن بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى قەدىرلەيتتىڭ. ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتىڭ.

كۈنلىرىم بىمەززىلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. بىر قېتىم مەن بىرسىدىن: «ئادەم ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ھەر قانداق ۋاسىتىدىن پايدىلىنىشى كېرەك» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ سۆز ماڭا بەك ياراپ كەتتى. مەن پات - پاتلا بۇ سۆزنى ئىچىمدە تەكرارلايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن دائىم دېگۈدەك مۇنداق بىر چۈشنى كۆرىدىغان بولدۇم: «مەن بىر تاغنىڭ باغرىدا تۇرغىدەكمىشمەن، بىر خادا تاش ئۈستىدە ھېلىقى «دانا» سۆزنى ئېيتقان كىشى قولى بىلەن تاغ چوققىسىنى ئىشارەت قىلىپ:

— ھەي بوشاڭ بەندە، سەن ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلغان پەرىزات چوققىدا تۇرىدۇ. سەن ئۇنىڭ يېنىغا چىقالىساڭ، ئۇ سېنىڭ بولىدۇ. چوققىغا قانداق چىقىشنىڭ يولىنى ئۆزۈڭ تاپ، ئادەم ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ھەر قانداق ۋاسىتىدىن پايدىلىنىشتىن يانماسلىقى كېرەك!» دېگۈدەك. مەن چوققىغا قاراپ چىكىتتەك كۆرۈنىدىغان ئادەم قارىسىنى كۆرۈپتىمەن. بۇ، ئايشەم ئىمىش مەن تاغقا يامىشىپتىمەن، لېكىن زادىلا چىقالمىغۇدەكمەن، ئاللىقانداقتۇر بىر نەرسە مېنى ھەدەپ تۆۋەنگە ئىتتىرگىدەكمىش. بۇ، سەن ئىمىشسەن... مەن ھېرىپ - چارچاپ ھالىمدىن كېتىپ، نىيىتىمدىن يانغىنىمدا، يەنە ھېلىقى سۆز قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغۇدەك ...»

بەزى كېچىلىرى چۈشۈمدە سېنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكىنىمنى كۆرەتتىم ۋە ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغان قورقۇنچتىن چىپ - چىپ تەرلىگەن ھالدا ئويغىناتتىم. يۈرىكىمنىڭ ئەنسىز دۈپۈلدىشى ئۇزۇنغىچە بېسىلمايتتى.

«ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ!؟» بۇ دەھشەتلىك ئوي كاللامدا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى - يۇ، تېنىمنى شۈركەندۈرگەن پېتى بىردەمدىلا غايىپ بولدى. مەن ئايشەمنى سۆيىمەن. مېنىڭ مەقسىتىم ئايشەمنى ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىقىم كېرەك. لېكىن، مەن ھەرقانچە ئويلاپمۇ قاتىللىق قىلىش قارارىغا كېلەلمىدىم. مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم، يەنىلا مېنىڭ كاللامنى: «ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ قالسا - ھە!» دېگەن ئوي قوچۇشقا باشلىدى. لېكىن مەن سېنى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا ساق - سالامەت كۆرەتتىم، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم لاسسىدە بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى «سىياسىي جەھەتتىن كاردىن چىقىرىش» دېگەن پىكىر ئۇشتۇمتۇت خىيالىمدا چاقماق چېقىپ دىلىمنى يورۇتۇۋەتتى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاشۇ چاغلار سىياسىي بوھتانلىقنىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك چاغلار ئىدى. بىرسى بىرەر كىشىنى سىياسىي جەھەتتە ئازراقلا بىر نەرسە دەپ قويغۇدەك بولسا «قارىسى» بار كىشى ئۇچۇقدالماي قالمايتتى...»

خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگىنىمدە، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن كۆتۈرۈلگەن غەزەپ تۇيغۇسى جىسمىمنى جۇغۇلداتتى. تۈگىمەس سوئال - سوراقلار، قىيناشلار، تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ سولغۇن چىرايى كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. بىگۇناھ دەرد تارتىپ پەيدا قىلغان ھەسرەت، ئۇيقۇسىز كۈنلەرنىڭ ھەسرىتى دىلىمنى مۇجىدى. «ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن - دە!» مەن كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك غەزەپ بىلەن ئەتراپىمغا قارىدىم. ھېچكىم يوق. زۇمچەك - زۇمچەك قەبرىلەر... مېنىڭدىن بەش - ئالتە قەدەم نېرىدىكى، بايىلا ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئايەت ئوقۇغان دۆۋىگە كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم، بايا غەلىيان كۆتۈرگەن غەزەپ تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى ئېچىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىدى.

مەن خەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم.

«دوستۇم كامىل (سېنى يەنىلا دوستۇم دەپ ئاتىشىمغا رۇخسەت قىل)، بۇ خېتىمنى ئوقۇغىنىڭدا، سەن ئەينى ۋاقىتتا ساڭا نۇرغۇن ئازابلارنى كەلتۈرگەن، سۆيگەن يارىڭدىن ئايرىۋەتكەن نائەھلىنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغىيتتىڭ. ئەمما بۇ نائەھلى مەن ئىدىم. ساڭا زىيانكەشلىك قىلغان، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا پەسكەشلىك قىلىشتىن يانمىغان، دوستلۇققا خىيانەت قىلغۇچى — سەن ھازىرغىچە دوستۇم دەپ ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان مەن ئىدىم. ساڭا بۇ سىرىم مەلۇم بولغاندا، ماڭا چوقۇم لەنەت ئوقۇيسەن. سەن بۇنداق قىلىشقا، يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى بولسا، يۈزۈمگە تۈكۈرۈشكە ھەقلىقسەن. لېكىن بىزگە يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مەن كېسەل ئازابى ۋە ۋىجدان ئازابىدا يېتەرلىك قىيلىنىپ ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەنكى، بۇ ئىككى ئازاب ئىچىدە يەنىلا ۋىجدان ئازابى ئادەمنى ھەممىدىن بەك قىينايدىكەن، ئۆزىنىڭ ھايات شامى ئۆچەي دەپ قالغان ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق، مەن بۇ سىرنى ئۆزۈم بىلەن ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىشنى توغرا تاپمىدىم، ئۇنداق قىلسام مېنىڭ روھىممۇ ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا مەن بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. بۇ خەتنى يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالغاندىن كېيىنلا، روھىي يۈكۈم سەل يەڭگىللىشىۋاتقاندەك سېزىلمەكتە، مەن پۈتكۈل ئازابنى سەزمەس بولۇپ، قارا يەر قوينىغا كىرگىنىمدىن كېيىن،

سەن بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالارسەن، شۇ چاغدا سەن قانداق تۇيغۇدا بولارسەن؟ نېمىلەرنى ئويلارسەن؟

مېنىڭ كاللامغا «سىياسىي زىيانكەشلىك» دېگەن پىكىر كەلگەندىن كېيىن، نەچچە-نەچچە كۈنلەرنى ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. بۇ بەلكىم مېنىڭ قەلبىمدە ۋىجداننىڭ چوغى ئۈزۈل-كېسىل ئۆچۈپ بولالمىغانلىقتىن بولسا كېرەك. بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل ئوي جىددىي ئېلىشىۋاتاتتى. ئالدىنقىسىنى تاللىسام، مەن يىگىتلىك تۇيغۇلىرىمنى ئويغىتىپ، تۇنجى قېتىم قەلبىمگە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى تېرىغان، لېكىن ماڭا نېسىپ بولمىغان بىر گۈزەل قىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق پەسكەشلىكتىن يانماسلىقىمغا توغرا كېلەتتى. كېيىنكىسىنى تاللىسام، ئۇ قىزدىن ئۈمىد ئۈزۈشۈمگە، ئۆمۈر بويى ھەسرەت چېكىشىمگە توغرا كېلەتتى.

باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزۈم ئۆمۈر بويى ھەسرەت چەكسەم، بۇ ئەرزىگۈدەك ئىشمۇ؟ مەن بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزلىدىم، لېكىن بارغانچە كۈچىيىۋاتقان مۇھەببەت ئوتى، رەشىك ئازابى ۋە يىگىتلىك مەنمەنلىكى بۇنىڭغا توغرا جاۋاب تېپىشىمغا ئىمكان بەرمىدى، ئاخىرى مەن ھاياتىمدىكى تۇنجى خاتا قەدەمنى، ئاخىرقى ھېسابتا مېنى ئۆمۈر بويى ئازاب ئىچىدە ئۆرتىگەن قەدەمنى بېسىشقا قارار قىلدىم، ۋىجدان، دوستلۇق دېگەنلەرنى ۋۇجۇدۇمدىن قوغلاپ چىقاردىم.

سەن «تارتىپ» چىقىرىلدىڭ. سېنى «ئەنزە گۇرۇپپىسى» تۇنجى قېتىم چاقىرىپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن، چىرايىڭ تاتارغان، كۆزلىرىڭدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىغان ھالدا سىنىپقا كىرىپ كەلگىنىڭدە، مەن ساڭا «لاپپىدە» بىر قارىدىم-يۇ، قايتا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن ۋىجداننى يوقاتقان بولساممۇ، بوھتان چاپلاش تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ۋەھىمە تېنىمنى تىترەتتى، كۆزۈم كۆزلىرىڭ بىلەن ئۇچراشسىلا، سەن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئىتتىرگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدىغاندەك تۇيۇلدۇڭ. شۇ تاپتا سەن پاكلىقىڭ بىلەن غالىپ ئىدىڭ، مەن ئىپلاسلىقىم بىلەن ئالدىڭدا ۋەھىمە ئىچىدە تىترەۋاتقان ئاجىز مەخلۇق ئىدىم.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سېنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشتىن قورقۇپ، ئالدىراپ-تېنەپ ياتاققا ماڭدىم. كۆڭلۈمدىكى پاراكەندىچىلىك تېخى بېسىلمىغانىدى. ئەگەر سەن مەندىن: «بۇ بوھتاننى كىم چاپلىغاندۇ؟» دەپ سوراپ قالساڭ، مەن راستىنى ئېيتىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

— زەينىددىن!

بۇ ئاۋاز ئاستا چىققان بولسىمۇ، قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى. چۈنكى بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسى — سەن ئىلگىرىكى دوستۇم، ھازىرقى رەقىبىم كامىل ئىدىڭ.

مەن ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ، قەدىمىمنى توختىتىپ ئارقامغا قارىدىم. سەن ماڭا يېتىشتىڭ، كۆزلىرىڭدىن ئويچانلىق، چىرايىڭدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.

— قارىسام تاماقنى يەپ بولالماپسەن، مەن ... مەن يېنىپ كېلىۋەردىم ...، — مېنىڭ بۇ تاققا-تۇققا سۆزلىرىم، سىرنى ئاشكارىلىۋېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى-دە، مەن دەرھال گەپنى توختىتىۋالدىم.

— زەينىددىن، — دېدىڭ سەن ماڭا يانداشىپ مېڭىپ، — ئىككىمىز نەچچە يىلدىن بېرى يېقىن ئۆتۈشۈپ كەلگەندۇق. ئەمدى مۇشۇ پاراڭلىشىشىمىز بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنكى

بىر مەزگىل ئىچىدىكى ئاخىرقى پاراڭلىشىش بولۇپ قالار ...

— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ، ئاداش، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ھەيرانلىقتا سېلىپ. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانىدىم، — يىراق سەپەرگە چىقىدىغاندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ، ساڭا نېمە بولدى؟

سەن ھەسرەت بىلەن بېشىڭنى چايقاپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدىڭ:

— ساڭا نېمە دېسەم بولار، ئاداش؟ يىراق سەپەردىنمۇ ئېغىر بىر ئىشقا دۇچ كەلدىم. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختايدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، بىرسى ماڭا بوھتان چاپلاپتۇ، يەنە كېلىپ سىياسىي بوھتان دېگىنە. مەن ھازىرقى زور ئىنقىلابقا قارشى بەزى سۆزلەرنى قىلىپتىدەكمەن. بۇ سۆزلەرنى نەدە، كىمگە دېگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇقمىدىم، كىمنىڭ چىشىغا تەگكەن بولغىيتتىم.

بۇ سوئالنى ئۆز - ئۆزۈڭدىن سورىغاندەك سۆزلەۋاتقاندەك قىلساڭمۇ، ماڭا: «بۇنى سەن قىلدىڭ! نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ سەندە ۋىجدان بارمۇ؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتىم.

— ئەندىشە قىلما، دوستۇم، — دېدىڭ سەن بىر خىل ئىشەنچ بىلەن، يالغان ھامان يالغان، ئاخىرى بىر كۈنى ئاقلىنىمەن. لېكىن، ئايشەمگە تەس بولىدىغان بولدى. ئۇ بۇ تۇيۇقسىز زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ مەن ئاقلانغىچە مۇھەببىتىمىزگە بولغان ئەقىدىسىنى ساقلاپ قالالارمۇ؟ مەن بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمدى مەن ئايشەم بىلەن سۆزلىشەلمەيمەن، بۇنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ. دوستۇم، ئېغىر كۆرمەي بۇ سۆزلىرىمنى ئايشەمگە يەتكۈزۈپ قويغىن. مەن ئۇنىڭ مېنىڭ ئاقلىنىمغا ئىشىنىشىنى سورايمەن. ئەگەر ئايرىلىپ كېتىمەن دېسىمۇ ئىختىيارى، مەن ئۇنىڭدىن رەنجىمەيمەن، مەن رەنجىسەم، قىلچە خىجىل بولماي بىر ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ۋىجدان ئازابى ھېس قىلمايدىغان مەخلۇقلاردىنلا رەنجىيمەن.

سېنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىڭ يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلدى. قەلبىمنىڭ تېگىگە دەپنە قىلىنغان ۋىجدانىم جان كىرگەندەك قىمىرلاشقا باشلىدى. مەن راست گەپنى ئېيتىۋېتىشقا تاس قالدىم. شۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا ئايشەمنىڭ گۈزەل سىماسى پەيدا بولدى، خىيالىمغا نەچچە چاغدىن بېرى قىلغان ئارزۇلىرىم، تارتقان دەردلىرىم كەلدى، قۇلاق تۈۋىمدە: «ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ... » دېگەن سۆزلەر يەنە جاراڭلىدى. مەن باش كۆتۈرۈۋاتقان ۋىجدانىمنى دەسسەپ تىنچلاندۇردۇم.

— خاتىرجەم بول دوستۇم، مەن ئايشەمگە سۆزلىرىڭنى يەتكۈزىمەن. مېنىڭچە، ئۇ سېنى چوقۇم ساقلايدۇ، — دېدىم مەن ئارىمىزدىكى پاراڭنى تېزراق ئاخىرلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت مېنى ئازابلىغان بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقناتتى. چۈنكى، ئەمدى مەن ئايشەم بىلەن ئوچۇق پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، سەن ئۆزۈڭگە زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئادەمنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىڭ (مەن، بۇ ئىش كامىل ئۈچۈن مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، تەقدىر مۇشۇ كۈنگە كەلگەندە بۇ سىرنى ساڭا ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلماقتا).

دەرۋەقە، ساڭا كەلگەن دەرد ئايشەم ئۈچۈن تۇيۇقسىز زەربە بولدى. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ياداپ كەتتى. قاپاقلىرىنىڭ

ئىشىپ، قىزىرىپ قالغانلىقىدىن، ئۇنىڭ كېچە-كېچىلەپ يىغلىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى شۇ قەدەر ئۇتتۇۋالغان ساڭا بولغان ئۆچمەنلىكىم ئاشاتتى. «ئايشەم، ئازابلانماڭ، كامىلنى ئۇنتۇڭ، ئۇ تۈگىدى. سىزنى مەنلا بەختلىك قىلالايمەن، سىزنى پەقەت مەنلا قەدىرلىيەلەيمەن!» دەپ خىتاپ قىلغۇم كېلەتتى. بىراق، قەدەمنى ئاستا بولسىمۇ، پۇختا بېسىشقا توغرا كېلەتتى.

مەن سوراق قىلىندۇاتقان كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى مەن ئايشەم بىلەن سۆزلىشىشكە ئىمكان تاپتىم. ئۇ بىچارىمۇ تەسەللىگە مۇھتاج بولۇپ تۇرغان كۈنلەر بولغاچقا، سېنىڭ يېقىن دوستۇڭ بولغان مەن بىلەن سۆزلىشىش ئۇنىڭغۇ كۆتكىنىدەك بولغانلىقى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن، چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى

— ئېيتىڭا زەيىنىدىن، نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ كامىل قانداق قىلىپ بۇ بالاغا قالدى؟ ئۇنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ ...، — ئايشەم مېنى سوئاللار دۆۋىسىگە كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭ تىترىگەن ئاۋازى، قايغۇلۇق ئاھاڭى ساڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مەن بۇنى ھېس قىلغىنىمدا، يۈرىكىم رەشىك ئوتىدا يالقۇنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى.

— ئايشەم، — دېدىم مەن قايغۇرغاندەك قىياپەتتە، — ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن، بەزىدە بىلىپ-بىلمەي نادانلىق قىلىپ قويىدۇ. كامىلنىڭ ئىشىمۇ شۇنداق بىر ئىش...

— بۇ گەپچە، كامىل دېگەن ھېلىقى سۆزلەرنى سىز ئاڭلىغانىكەنسىز-دە! — ئايشەمنىڭ بۇ سۆزى ۋە گۇمانسىرىغاندەك «لاپپىدە» قارىشى مېنى تەمتىرىتىۋەتتى. مەن گەپنى بەكمۇ كەسكىن باشلىۋەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

— ياقەي ئايشەم، — دېدىم مەن ھودۇقۇشىمنى بېسىشقا تىرىشىپ، — كامىل ماڭا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ باققىنى يوق. دېگەن تەقدىردىمۇ مەن بۇ سۆزلەرنى بىرسىگە دەپ يۈرەرمىدىم، — مەن ئاۋازىمنى بىردىنلا پەسەيتتىم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، كامىلنىڭ سۆزلىرىنىڭ نەرى خاتا؟ دېمىسىمۇ بۇ ئىنقىلاب بولمىغان بولسا، بىزمۇ پىكىرىمىزنى چاچماي بىلىم ئېلىشىمىزنى داۋاملاشتۇرغان بولساق، دۆلەتكە پايدىلىق بولماسمىدى؟ سىزگە ئىشىنىپ بۇ سۆزلەرنى دەۋاتىمەن، ئايشەم، ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن،

مەن بۇ سۆزلىرىم بىلەن ئايشەمنىڭ گۇمانىنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىدىم.

— لېكىن، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھازىرقى ۋەزىيەت بۇ سۆزلەرنى كۆتۈرەلمەيدۇ، — ئەمدى مېنىڭ سۆزلىرىم راۋان، تەمكىنلىك بىلەن چىقىشقا باشلىدى، — كامىل بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن مېنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. مەن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى، سەلەر ئىككىڭلارغا ھەققىي بەخت تىلىگۈچىمەن. شۇڭا مەن كامىل ئۆز بېشىغا چۈشكەن سەۋدا ھەققىدە سۆزلىگىنىدە چىرايىدىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن، سىز ئۈچۈن قايغۇردۇم.

— ئېيتىڭا، ئۇ نېمە دېدى؟ — ئاھاڭىدىن بىر خىل تەقەززالىق سېزىلىپ تۇراتتى.

— راستىنى ئېيتسام، سىزنىڭ ئازابلىنىشىڭىزنى خالىمايمەن، — دېدىم مەن ئاۋازىمنى تەسىرلىك چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ئەمما دوستۇمنىڭ دېگەنلىرىنى سىزگە يەتكۈزمىسەم، ئامانەتكە خىيانەت قىلغاندەك بولۇپ قالىدۇ. كامىل ماڭا، ئۆزۈمنىڭ نادانلىقىدىن ئۆزۈممۇ، ئايشەممۇ دەردكە قويىدىغان بولدۇم، ئايشەمنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن، ئۇ مېنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە، قولىنى يۇيۇۋېتىشكە ھەقلىق،

سەن بۇ سۆزنى يەتكۈزۈپ قويساڭ، دېدى.

— ئاھ! — ئايشەم سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن شۇنچە چاغدىن ئىنتىلىپ كەلگەن ئۇنىڭ زىلۋا بەدىنىگە قول ئۇزىتىپ يۆلىۋالماقچى بولدۇم. بىراق ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ مەن نېمە دېگەن بەختسىز! مەن نى-نى ئارزۇلارنى قىلىۋېدىم - ھە! بۇلارنىڭ ھەممىسى يوققا چىقارمۇ؟!

بۇ چاغدا مەن تەنتەنە قىلماقتا ئىدىم. چۈنكى مەن ئويدۇرۇپ چىقارغان سېنىڭ سۆزلىرىڭ بىلەن ئايشەمنى ئارىسالدىلىققا چۈشۈرۈپ قويالىدىم. «ئۇنىڭ ھازىرقى ئازابلىنىشى مېنىڭ كېيىنكى بەختىم ئۈچۈن. ئۇمۇ مەن بىلەن بەختلىك بولىدۇ، كامىلنى ئۇنتۇيدۇ» دەپ ئويلىدىم. لېكىن، مېنىڭ يەنىلا سالماق بولۇشۇمغا، كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئاشكارىلاشقا ئالدىراسلىقىمغا توغرا كېلەتتى. شۇڭا مەن بۇ قېتىملىق سۆھبەتنى تەسەللى بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى. مەن بۇ كۈنلەرنى ئىككىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىش چارىلىرىنى ئىزلەش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بىر كۈنى كەچتە ئايشەمگە:

— سىزگە ئېيتىدىغان گەپ بار ئىدى، — دېدىم.

بۇ، جاھاننى ئاقلىق قاپلىغان بىر ئاخشام بولۇپ، ئايغىمىز ئاستىدا قار غىچىرلايتتى. ئايشەم قايغۇدىنمۇ ياكى سوغۇقتىنمۇ، سەل دۈگدەيگەن بولۇپ، يېنىمدا ئۈن-تىنسىز كېتىۋاتاتتى. مەن گەپنى باشلاش نۇقتىسىنى خېلى ئىزدىنىپ تاپالمىدىم.

—ئايشەم، — دېدىم مەن ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ، — دېمەي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. سىزگە كۆيۈنىدىغان ئادەم يەنىلا مەن ئىكەنمەن. ھەر ھالدا چۈچۈپ كەتمەي گېپىمگە قۇلاق

سېلىڭ.

ئايشەم قەدىمىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى. قاراڭغۇدا مەن ئۇنىڭ كۆزىنى كۆرەلمىسەممۇ، لېكىن شۇ ئەسنادا بۇ كۆزلەردىن ئەندىكىش، ۋەھىمە نۇرلىرى چېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى.

— كامىل جاھىللىق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئۇنداقتا قاتتىق چارە كۆرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، بۇ دەردىنىمۇ كۆتۈرۈپ كېتەر، ئەمما سىز بىر قىز، ئاجىز، دىلىڭىز نازۇك، سىزگە گەپ كەلسە كامىلمۇ، مەنمۇ ئازابلىنىمىز. يېقىندىن بۇيان كامىلغا سىزنىمۇ چاتىمىز دېگەن گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قېلىۋاتىدۇ...، — مەن بۇ سۆزلىرىمنىڭ ئايشەمگە قانداق تەسىر قىلىشىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن سۆزدىن توختىدىم. نېمىشقىدۇر ئۇ ئېغىر تىنىشتىن ئۆزگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. لېكىن، مەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا خۇددى زەھەردەك تەسىر قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىگە ۋەھىمە تارقىتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

— بۈگۈن چۈشتە كامىل بىلەن ئازراق سۆزلەشتىم، ئۇ، ئەگەر مېنى ۋىجدان ئازابى قىينىمىسۇن دېسە، مۇناسىۋەتنى ئۈزسۇن، مەن بەربىر ئايشەمگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم، — دېدى.

كامىل، بۇ سۆزلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكى، ھېلىقى پاراڭلىشىشتىن كېيىن، ئىككىمىزنىڭ تۈزۈكرەك پاراڭلىشىپ باقمىغانلىقىمىز ساڭا ئايان. بۇ مېنىڭ ئۆز مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن تېخىمۇ يۈرەكلىك باسقان بىر قەدىمىم ئىدى.

شۇ ئاخشىمى ئايشەمنىڭ قاتتىق ئازابلانغىنى ماڭا روشەن. مەن: «بۇ ئازابلىنىش ۋاقىتلىق. مەن بۇ ئازابلارنى ئۇنتۇلدۇرالايمەن» دەپ ئويلايتتىم. مەن ئاستا-ئاستا، قەدەممۇ

قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئۇنى سېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش دەرىجىسىگە قىستاپ باردىم. ئايشەم مېنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنگەنلىكىمنى، ھەقىقىي دوست ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدى. لېكىن، بۇ مۇھەببەت ئەمەس ئىدى، ئۇ يەنىلا سېنى سۆيەتتى، سەن ئۈچۈن قايغۇراتتى.

سىلەرنىڭ مۇھەببەت تارىخىڭلارنىڭ سەھىپىسى ئاياغلاشتى. بۇ چاغدا سەن ئازابلاندىڭ، لېكىن ۋىجدان يۈكىدىن خالاس بولۇش تۇيغۇسى غالىپ كەلدى بولغاي، زارلانمىدىڭ، رەنجىمىدىڭ، بەلكى ئايشەمگە بەخت تىلىدىڭ.

مەن ئايشەمگە ئۆزۈمنىڭ قەلبىنى ئىزھار قىلىش پەيتىنى كۈتتۈم، ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىشقا تىرىشتىم. قانداقتۇر بىر غايىۋى سادا ئاخىرى ئايشەمنىڭ مېنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. مەن شۇ كۈننى كۈتتۈم. شۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىگە نېمىشقىدۇر ئىشىنەتتىم. لېكىن مەن دەككە - دۈككىلىك ئىچىدىن قۇتۇلالمىدىم. پات - پاتلا چۈشۈم بۇزۇلاتتى، مېنى قارا باساتتى، چىپ - چىپ تەرلىگەن ھالدا چۆچۈپ ئويغىناتتىم.

بىر كۈنى، «ئەنزە گۇرۇپپىسى» دېگەنلەر مېنى چاقىرىشتى. مەن ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ئىشخانىغا كىردىم.

— سېنى مۇنداق بىر ئىش بىلەن چاقىرغانىدۇق، — دېيىشتى ئۇلار، — كامىل جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ، سەن پاش قىلغان قارا سۆزلىرىگە ئىقرار قىلمايۋاتىدۇ. ھازىر سېنىڭ مەيدانىڭنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈش پۇرسىتى كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىشەلەمسەن؟

مەن قېتىپلا قالدىم. ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ بېرىشىنى ئەسلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدىم. مەن سەن بىلەن، مېنى ئۆزىنىڭ سەمىمىي سىرداش دوستى دەپ يۈرگەن كامىل بىلەن يۈزلىشىشىم مۇمكىنمۇ؟ يەنە كېلىپ، مېنىڭ قىلغىنىم بوھتاندىن باشقا نەرسە بولمىسا! لېكىن، مەن ئارقامغا يانالمايتتىم. يانسام‌لا ئايشەمدىن قۇرۇق قالاتتىم، ماڭا قالىدىغىنى رەسۋا بولۇشلا ئىدى. ئاخىرى مەن باش لىڭشىتتىم. گۇرۇپپىدىكىلەر بۇ ئىشنى ئەتىگە ئورۇنلاشتۇردى.

مەن ئىشخانىدىن قانداق قايتىپ چىققىنىمنى بىلمىدىم. شۇ كۈنى گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. كەچتە ياتاققا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ تورۇسقا تىكىلگىنىمچە خىيالغا چۆمدۈم. تورۇستا سېنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىڭ پەيدا بولدى. مەن ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. قۇلىقىم «ۋىجدانسىز! تۆھمەتخور!» دېگەن سادالار بىلەن ۋاراڭشىپ كەتتى. ياتاق مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك تۇيۇلدى. مەن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. مەن ھەرقانچە ئويلاپمۇ، سەن بىلەن يۈزلىشىش كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. سېنى كۆرگەن ھامان، گېپىڭنىڭ راستىنى ئېيتىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم. ئۆزۈمنىڭ قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزۈمنى تىللىدىم.

زىمىستان قىشنىڭ شىۋىرغانلىق كېچىسىدە سىرتتا قانچىلىك يۈرگىنىمنى بىلمەيمەن، ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېچىچە قىزىپ ياتالمىدىم.

شۇ كېچە مېنى شەرمەندىچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالدى. مەن ئۆپكەمگە قاتتىق سوغۇق تەگكەنلىكتىن بالنىتسىدا يېتىپ قالدىم. بۇ يېتىش تا بىز قايتا تەربىيىگە ماڭغىچە داۋاملاشتى. سەن نازارەت ئاستىدا بولغاچقا، مېنى يوقلاپ كېلەلمىدىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن خۇشال ئىدىم. بۇ جەرياندا ئايشەم مېنى يات - پات يوقلاپ تۇردى. لېكىن، بۇ قانداقتۇر يېڭى ھېسلار ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويغانغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە «كۆيۈنگەن»

لىكىمنىڭ يۈز - خاتىرىسىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتىم. مەن شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلدىم. پۈرسەتنى تاقەت بىلەن كۈتتۈم.

قايتا تەربىيىگە مەن ئايشەم بىلەن بىر يەرگە بۆلۈندۈم (بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ چاغدا مېنىڭ نەقەدەر ھاياجانلانغانلىقىمنى سەن پەرەز قىلالايسەن)، سەن «ئېسىپ قويۇلغان» ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە باشقا يەرگە كەتتىڭ. ئەمدى مەن خېتىمدە ئايشەمگە تەكلىپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش جەريانىمنى تەپسىلىي يېزىپ ئولتۇرماي، راستىنى ئېيتقاندا، مەن «كەينىگە كىرىۋېلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ توي قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردۇم. ئاخىرى ئۇ مېنىڭ رايىمغا باقتى.

بىز توي قىلىپ نەچچە ئايدىن كېيىن تۇيۇقسىز سېنىڭ بىر پارچە خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. خېتىڭدە ئىسپات تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاقلانغىنىڭنى، ئۆزۈڭنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقىڭنى، شۇنداقلا مېنىڭ ئايشەم بىلەن توي قىلغانلىقىمنى ئۇققانلىقىڭ ۋە بۇ ئىشقا توغرا قارايدىغانلىقىڭنى يازغانىدىڭ. بۇ چاغدا مەن ئانچە خىجىللىق ھېس قىلمىدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن، ئېغىر «جاپا»لار بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بەختىمدىن مەست بولۇپ يۈرگەنىدىم. خەتنى ئايشەم كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ كۆيدۈرۈۋەتتىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتى، قىزغىن مۇئامىلىسى، كۆيۈمچانلىقى بىلەن ئايشەمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيمەن دەپ ئىشەنگەنىدىم. لېكىن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بىر قورقۇنچلۇق بەختسىزلىكنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئايشەم بۇرۇنقىدەك شوخ، كۈلگۈنچەك ئەمەس ئىدى. بىز ئىناق ئۆتەتتۇق، لېكىن بۇ ئىناقلىق مۇھەببەتلىك بىر ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى بېرەلمەيتتى. مېنىڭ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئويغىتىش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرىم شامالغا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. بارغانسېرى مەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئۇنىڭ قەلبى، ئۇنىڭ مۇھەببىتى، ئۇنىڭ شوخلۇقى ۋە كۈلكىسى سېنىڭدە قالغان، ھازىر ئۇ تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن ئەرگە ياتلىق بولغان بىر بەختسىز ئايالدىنلا ئىبارەت ئىدى. مەن بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكىنىمدە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋەھىمىدىن تىترىدى، قەلبىم ھەسرەت قاراڭغۇلۇقىغا پاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئايشەم نېمىشقىدۇر ماڭا گۇمان بىلەن تىكىلىپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. «مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ئۇقۇپ قالدىمۇ قانداق؟» دېگەن ئوي مېنى قورقۇنچقا سالدى. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغان، ئۇزاقراق بىللە بولۇشقا جۈرئەت قىلالماي، دەككە-دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم.

مەن ئايشەمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بارا-بارا مېنىڭ ۋىجدانىم يەنە ئويغىنىشقا باشلىدى. بۇ ئويغانغان ۋىجدان يالقۇنجىغان بىر پارچە ئوت ئىچىدە كۆيۈپ-پىشىپ ئازابلىنىشتىن زادى قۇتۇلالمايدىغان ۋىجدان ئىدى.

كامىل، مەن مۇھەببەتنى خاتا چۈشىنىپتىمەن، بىر تەرەپنىڭ قىزغىنلىقى يېتەرلىك ئىزھار قىلىنسىلا، قارشى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىنى ئويغىتالايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. مەن ئىنسان ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق يامانلىقتىن يانماسلىقى ھەقلىق دەپ تاپتىمەن. لېكىن بۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابىدا شۇ ئىنساننى ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىغا قويىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. مېنىڭدە ھەقىقىي مۇھەببەت، دوستلۇق دېگەنلەر يوق ئىكەن،

ئەگەر ھەقىقىي مۇھەببەت بولغان بولسا، ئۆزۈم كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسەممۇ، مەن ياخشى كۆرگەن قىزغا، دوستلۇرۇمغا بەخت تىلىشىم، ئۇلارنىڭ بەختىنى كۆرگىنىمدە قانائەت ھېس قىلىشىم كېرەك ئىكەن. مەن بۇلارنى چۈشەنگىلى خېلى يىللار بولدى. چۈشەنگەندىن بۇيان ساڭا بۇ خەتنى يېزىشنى كۆپ ئويلىدىم. لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەمدى يازمىسام، ماڭا بۇ خەتنى يېزىشقا مەڭگۈ ۋاقىت چىقمايدۇ. مەن بۇ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدا تۇرىمەن. ئادەم ئۆزىنىڭ ئەجەلى يېقىنلاشقانلىقىنى تۇيغاندا، بۇرۇنقى ئىشلارنى تولا ئويلايدىغان، سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۆكۈنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، «ئىنسانلار، ھەممىڭلار ئاخىرى ئۆلۈمسىلەر، بىر-بىرىڭلارغا بەدنىيەتلىك قىلماڭلار!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغۇسى كېلىدىكەن.

دوستۇم كامىل، خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي. مېنى كەچۈرەلەرسەنمۇ؟ ھېچبولمىسا، بۇ خېتىمنى ئوقۇپ، مېنىڭ ئۆز قىلمىشىمدىن پۇشايمان قىلغانلىقىمنى، ۋىجدان ئازابىغا قالغانلىقىمنى چۈشىنەلىسەڭمۇ، ئۇ دۇنيادا خاتىرجەم ياتقان بولاتتىم...»

مەن خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. قەلبىمنى ئېغىر ھېسلار چۇلغىۋالغانىدى. مەن خېلى ئۇزاققىچە بېشىمنى تۆۋەن سالغىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ياشتىن نەملەنگەن كۆزلىرىمنى ھېلىقى دۆۋىگە تىكتىم. بۇ توپا دۆۋىسىنىڭ تېگىدە پەقەت ئۆزىنىڭ بەختىنىلا ئويلاپ، تۇرمۇش مۇساپىسىدە خاتا قەدەم تاشلاپ، ئاخىرىدا ئۆمۈرلۈك ۋىجدان ئازابىغا قالغان بىر بىچارە ياتاتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ خېتىدىكى مۇنۇ سۆزلەرنى تەكرارلىدىم:

«ئەي، ئىنسانلار، ھەممىڭلار ئاخىرى ئۆلۈمسىلەر، بىر-بىرىڭلارغا بەدنىيەتلىك قىلماڭلار!»

1987-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

---

(بېشى 39 - بەتتە)

ئېسىلدى:

—ئورغۇنلىغان بەخت چېچەكلىرى ئەنە شۇنداق سۆز-چۆچەكلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولىدۇ. بىزنىڭ بەختىمىزمۇ شۇ قاتاردا ۋەيران بولسۇنمۇ؟

—ياق، ياق ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ،—دېدى تۈگمەنچى چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە.

—ئەمسە...—خۇماقىز تۈگمەنچىگە تەلمۈردى.


—بە...ز، بىز، خۇماقىز بىز توي قىلايلى، بولامدۇ؟

تۈگمەنچى ئاخىرقى سۆزلەرنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىققان بولسىمۇ، خۇماقىز ئېنىق ئاڭلىدى. ئۇ شۇ تاپتا تۈگمەنچىنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىماقتا ئىدى. ئۇ بۈگۈن ھەقىقىي مۇھەببەت لەززىتىنى تېتىغانىدى. شۇڭا ئۇ تۈگمەنچىنىڭ ساددا، ئەمما سەمىمىي سوئالىغا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭمۇ ئاۋازى چىقمىدى. ئۇنىڭسىزمۇ تۈگمەنچى يىگىت خۇماقىزنىڭ لەۋلىرىدىن يېتەرلىك جاۋابقا ئىگە بولغانىدى.

# تۆگمەنچى

(ھېكايە)

ئىلھام سەيدۇللا



ئىلھام سەيدۇللا 1966 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1973 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە شۇ يېزىنىڭ يەدشى مەھەللىسىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1981 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە تۇرپان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ھازىر شىنجاڭ داشۆنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇماقتا. بۇ ھېكايە ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسىرى.

خۇماقىزغا مەھەللىدىكى ھەممىلا كىشىنىڭ مەسلىكى كېلەتتى. بىراق شۇنچە سەتەڭ، شۇنچە نازاكەتلىك بولغان بۇ خۇماقىز قوپال، كۆرۈمسىز بىر ئەرگە ياتلىق بولدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قىسماق، جىرتاق ئېرىگە بەكمۇ سادىق، بەكمۇ كۆيۈمچان.

ئۇ، ئىلگىرى ھازىرقىدىن كۆپ گۈزەل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ۋە ياكى باشقا سەۋەبتىنمىكىن ئەيتاۋۇر قىزلار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشسا، يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىناتتى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان چوڭ - چوڭ نۇرلۇق كۆزلىرى، مېھرىلىك سۆزلىرى يىگىتلەرنى بەھۇش قىلىپ ئەقلىنى ئوغرىلايتتى. تالاي - تالاي يىگىتلەر ئۇنىڭ ئىشقىدا كېچە - كېچىلەپ ناخشا ئېيتىشتى، سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشتى. ئەنە شۇلار ئارىسىدا بىرلا يىگىت ھەممىسىدىن غالىپ كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ خۇشچاقچاق، شوخلۇقى ۋە ئوتتەك قىزغىن مۇئامىلىسى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى.

خۇماقىز ئۇ يىگىتنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ كىچىكىدىن پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان ئاق كۆڭۈل بالا ئىدى. خۇماقىز شۇ كۈنلەردە ئۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ھېسابلايتتى. «ئۇ ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇشقا مۇناسىپ» دەپ ئىشىنەتتى.

خۇماقىز ئۇ يىگىت بىلەن مەھەللىدە تۇنجى قېتىم ئەركىن مۇھەببەتلىشىشنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان يىگىتلەر داغدا قالدى. ئۇ يىگىتچۇ؟! ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇ خۇماقىزنى قولغا كەلتۈرگىنى ئۈچۈن بەكمۇ مەغرۇرلاندى. ئۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى. تېخى بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدىغان، ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بولسا بۇ ئىشلاردىن تېخىمۇ مەمنۇن بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرى خۇماقىزغا ياقمىدى. ئۇ سۆيگەن يىگىتىگە: «ئەر ئەل بىلەن» دىگەن گەپ بار، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كىچىك پېئىل بولۇڭ، بولمىسا ئەلدىن ئايرىلىپ قالىسىز، دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يىگىت ئۇنىڭغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قويۇپلا يەنە ئۆزى بىلگىنىنى قىلىۋەردى. ئۇ بارغانچە ئەدەپ

تېرىشىدىگە سىغماي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى خۇماقىزنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. «مەن تېخى ئۇنى تولۇق چۈشەنمىگەن ئوخشايمەن».

بىر كۈنى خۇماقىز ئۇ يىگىت بىلەن سەيلىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ سەيلىسى كۆڭۈللۈك بولدى. ئۇ يىگىت بەكمۇ شېرىن ھەم بەكمۇ قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ ھارمىدى. خۇماقىز ئۇنىڭ فونتانىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار قولى گۈل يىگىت ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، كۆڭلى سۆيۈندى. ئۇ ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە كۆپ خىجىل بولدى. بىر چاغلاردا ئۇلار ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. يىگىت ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مەست بولۇپ ئولتۇرغان خۇماقىزغا بويىنىنى شۇنداق ئەگكەنىدى. كۈتۈلمىگەندە خۇماقىز ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ ئۆستەڭگە دومىلاپ كەتتى. شىددەتلىك ئېقىن خۇماقىزنى شامال ئۇچۇرغان غازاڭدەك ئېقىتىشقا باشلىدى. خۇماقىز «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ئېچىنىشلىق توۋلايتتى. يىگىت بولسا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي «ئادەم بارمۇ؟!» دەپ توۋلاپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ھەيران يىتىرايتتى.

خۇماقىز قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغان كىشى قىسماق كۆز بىر يىگىت ئىدى. ئۇ يىگىت دەسلەپ ئۇنى ئۆستەڭدىن قۇچاقلاپ تارتىپ، مىڭ تەستە سۇدىن سۈزۈپ چىقاقاندى. خۇماقىزنىڭ تۇرغۇدەك مادارى بولمىغاچقا، ئۇ يىگىت ئۇنى يەنە يۆلەپ تۇتتۇۋالدى. بۇ چاغدا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپلا، خۇماقىزنى يېرىم يالىڭاچ مەيدىسىنى ساپلا يۇڭ-چۇپۇر قاپلاپ كەتكەن بەرجەس بىر ئەركەكنىڭ قۇچاقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن يىگىتنىڭ بۇ ئىشقا ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى-دە، قىسماق كۆز يىگىتنى سىلكىپ بىر چەتكە ئىتتىرىۋەتتى. قىسماق كۆز كەتكەندىن كېيىن، خۇماقىز جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ، خاپا بولغان ھالدا:

— سىز نېمىشقا بۇ يىگىتكە بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىسىز؟— دەپ سورىدى.

—چۈنكى ئۇ جىرتاق سىزنى قەستەن قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى،—دېدى يىگىت فودۇڭشىپ.

—بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟! ئۇ مېنى قۇتۇلدۇردى. بىز تېخى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەكتى،—دېدى خۇماقىز تېرىكىپ. ئۇ شۇ چاغدىلا قىسماق كۆز يىگىتكە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇغانلىقىنى ئەسلىدى ۋە ئۇ يىگىت خاپا بولۇپ قالدىمىكىن دەپ كۆڭلى غەش بولدى. يىگىت يەنە:

—بوندىلا، نېمانچە قىلىسىز جىرتاق بىر تومپايغا؟— دېدى ھەسەتخورلۇق بىلەن ئاچچىقلاپ. لېكىن خۇماقىز ئۇنىڭغا دەرھال رەددىيە بەردى:

—لېكىن، ئۇ جىگىرى بار يىگىت ئىكەن.

خۇماقىزنىڭ يىگىتتىن دىلى قاتتىق رەنجىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىشتا ئۇ يەنىلا ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلدى. «ئەگەر مەن كالاڭپايلىق قىلمىغان بولسام بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگەن بولاتتى» دەپ ئويلاپ ئۆز ئىشىدىن ئۇيالدى.

خۇماقىز دوپپىچىلىق، كەشتىچىلىك، تىككۈچىلىك ئىشلىرى بىلەن بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. خۇماقىزنىڭ دوستلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلىدىكى

ئىشلار ئۈچۈن خۇماقىزنى ئىزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۆيگەن يىگىتى بىلەن پات-پات بىللە بولۇشى كېرەك. شۇڭا خۇماقىز، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھېلىقى ناتونۇش جىرتاق كۆز يىگىتنى بارا-بارا ئېسىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتى بولسا ئۇ يىگىتنى خۇماقىزدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

يىگىت ئەمدى خۇماقىزنى قوشنا مەھەللىلەرگە ئاپىرىپ كۆز-كۆز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن دادىسىنىڭ پۇلىغا بىر موتسىكلىت سېتىۋالدى. ئۇ بۇ يېڭى «ياماخا» نىڭ كەينىگە خۇماقىزنى مىنگەشتۈرۈپ مەھەللىدىن غۇڭگىدە ئۆتۈپ كەتسە، كىشىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ھەۋەس بىلەن قاراپ قالسا، بۇنىڭدىن يىگىتنىڭ تەنلىرى يايراپ كېتەتتى.

«ياماخا» مەھەللە ئاتلاشقا باشلىدى. بۈگۈن ئۇ ئىككى مەھەللە ئاتلىدى.

ئولتۇرۇش كۆڭۈللۈك داۋام قىلماقتا ئىدى. تانسا باشلانغاندا يىگىت خۇماقىز بىلەن ئۇدا بىر نەچچە مەيدان تانسا ئوينىغاندىن كېيىن، بىرئاز ئارام ئېلىۋالماقچى بولدى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ناتونۇش بىر يىگىت خۇماقىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىپ قالدى. يۈزىگە بىگىز سانجىلغاندەك بۇنىڭغا چىدىيالماي قالغان يىگىت بايىقى يىگىتكە دوق قىلدى:

—بۇ قىز ھېرىپ كەتتى، سەن بىلەن تانسا ئوينىمايدۇ.

ئۇ مۇشۇ ھەيۋىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇتۇپ قويماقچى ئىدى. ئەمما بايىقى يىگىت ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي خۇماقىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. سۆيگەن يىگىتىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن خۇماقىز بايىقى يىگىتتىن ئالاھىدە كەچۈرۈم سوراپ تانسا ئوينىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنچە نۇرغۇن قىز-يىگىتلەر ئالدىدا لەت بولغان بايىقى يىگىت چىرايلىق يىگىتكە قەھرى بىلەن بىر پەس كۆلىيىپ تۇرغاندىن كېيىن، گۈس-گۈس دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش بىلەن خۇماقىزنىڭ ئولتۇرۇشتىن رايى قايتتى-دە، سۆيگەن يىگىتى بىلەن بالدۇرلا قايتىشتى. موتسىكلىت بۇزۇلغان ئىكەن. ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنى يېتىلەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئەل ياتقۇ مەھەل بولۇپ، تۈن قاراڭغۇسىدا بىرنەرسىنى پەرقلەندۈرۈشمۇ تەس ئىدى. خۇماقىز قانداقتۇر كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن جىمجىت كېتىۋاتاتتى. ئىككى قاسنىقى قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان خىلۋەت يولدا بىر قارا كەۋدە كۆرۈندى، ئۇ قارا كەۋدە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى:

—مەن سىزنى سەل تۇرۇپ ئۆزۈم ئاپىرىپ قويمايمۇ؟—ئۇ خۇماقىزنى توسىدى. ھەم قورقۇش، ھەم غەزەپ ئارىلىشىپ كەتكەن خۇماقىز تەنە بىلەن «رەھمەت» دەپلا ئۇنى ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى، ئەمما قارا كەۋدە ئۇنىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

—نەدىمۇ شۇنداق ئاسان ئىش بار خېنىم،—دېدى ئۇ، خۇماقىز بۇ چاغدا ئۇنى تونۇۋالدى. ئۇ بايا خۇماقىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىپ مات بولغان يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. خۇماقىز سۆيگەن يىگىتىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك بىر تەرىزدە قارىدى.

—سە...ەن، سەن زادى نېمە قىلماقچى؟!

قارا كەۋدە خۇماقىزنىڭ قولىنى سىلكىپ قويۇۋېتىپ، چىرايلىق يىگىتكە تاشلاندى.

يىگىت قارا كەۋدىگە نېمىدۇر دېمەكچى ئىدى. بىراق قارا كەۋدە ئۇنىڭ گېلىنى

ئامبۇردەك چىلىك سىقىپ تۇرغاچقا دېيەلمىدى.

—ئابان قالاي دېسەڭ ئارىلاشماي كەتسەڭ بولىۋېرىدۇ، —قارا گەۋدە شۇنداق دەپلا يەنە خۇماقىزنىڭ قولىدىن تۇتتى. يىگىت ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

—ۋاي جېنىم ئاداش مېنى كەچۈرگىن...

قارا گەۋدە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

—قۇرۇپ كەتسۇن ئاداش، پادىشىلىك، —ئۇ گېپىنى تۈگىتە - تۈگەتمەيلا يىگىتنى بىر كاللا بىلەن ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە چىرايلىق يىگىتنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. بۇنى كۆرگەن خۇماقىز يىرىلغۇدەك ھالغا كەلدى. قارا گەۋدە تولىمۇ ئەسەبىيلەشكەنىدى. ئۇ، يىگىتكە پىچاق تەڭلەپ:

—جېنىڭغا تۇرامسەن، ياكى قىزغا؟ —دەپ ھۆكۈردى. يىگىت جالاقلاپ تىترەپ گەپ قىلالماي قالدى. خۇماقىز سۆيگەن يىگىتىنىڭ بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭغا «مەن سىز ئوتقا دېسىڭىز ئوتقا، سۇغا دېسىڭىز سۇغا كىرىشكە تەييارمەن، سىز ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم پىدا...» دېگەنلىرىنى ئەسلىدى ۋە ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. لېكىن يىگىت ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. بۇ ئىش خۇماقىزغا بەكمۇ ھار كەلدى. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا غەزەپ ۋە خورلۇق ئىچىدە يىگىتكە تۈنجى قېتىم لەنەت ئوقۇدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچنەرسە كىرمەيتتى. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئامال بىلەن قۇتۇلۇشىنىمۇ ياكى ۋارقىرىشىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلمىدى. دەل شۇ مىنۇتتا يولدىن بىر ھارۋا ئۆتۈپ قالدى. خۇماقىز ئۈمىدلىنىپ، ئارانلا ۋارقىرىدى:

—بولاڭچىنى تۇتۇڭلار!

ھارۋا توختىدى. ھارۋىكەش ھارۋىدىن چۈشۈشى بىلەن تەڭ قارا گەۋدە ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ باردى. ئۆپۈر - تۆپۈر پومداقلىشىشلار باشلاندى. خۇماقىز بىر دەمنىڭ ئىچىدە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايتتى. ئاخىرى قارا گەۋدە ھارۋىكەشنىڭ ئايىغىنى قۇچاقلاپ يېلىنغىلى تۇردى.

ھارۋىكەش موتسىكلىتنى ھارۋىغا سالدى، ئاندىن خۇماقىزنى ھارۋىغا يۆلەپ چىقىرىپ، ھارۋىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى. خۇماقىز ھارۋىكەشنىڭ جىددىي پەيتتە قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، دىلى سۆيۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىمغۇرلىقىدىن ئىچى سىقىلغاندەك بولدى. «نېمىشقا سەن كىم؛ نېمە بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ، دەپ سوراپمۇ قويمايدىكەنە، بەلكىم مېنى بەتقىلىق قىز ئىكەن، دەپ ماڭا ئاچچىقى كېلىۋاتقاندۇر...» دەپ ئويلاپ ھەم ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ گەپ ئاچتى:

—ئاكا، سىز يۇقىرىقى مەھەللىگە بارامسىز؟

—ھەئە.

—نېمە دېگەن ياخشى، مەنمۇ شۇ يۇقىرىقى مەھەللىدىن.

بىردىنلا يولدا يەنە بىرمۇنچە قارا گەۋدىلەر پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بايىقى قىز بىلەن يىگىتنى بوزەك قىلغان ھېلىقى بىرنېمىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئالدىغىراق ئۆتۈپ

ھارۋىكەشكە زەردە بىلەن:

— چۈش ھارۋىدىن سولتەك! — دېدى ئۇ. ھارۋىكەش:

— نېمە قىلماقچىسەن؟ — دېدى تەمكىنلىك بىلەن.

— تولا ۋالاقلىماي ھارۋاڭدىن چۈش!

ھارۋىكەش ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. قارا گەۋدە ھارۋىكەشكە تاشلاندى. قالغانلىرىمۇ بىراقلا يۈپۈرۈلۈپ كەلدى. خۇماقىز «ئۇلار ھارۋىكەشنى چەيلىۋېتىدىغان بولدى، مېنى قوغدايمەن دەپ بىچارە» دەپ ئويلىدى ۋەھىمە ئىچىدە. شۇ ئارىدا ئۇلاردىن كىمدۇ بىرى:

— ۋاي، بۇ تۈگمەنچىغۇ؟ — دېدى - دە، بەدەر قويرۇقىنى خادا قىلدى. قالغانلىرىمۇ بۇ گەپنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا بىراقلا تىكىۋەتتى.

بۇلارمۇ ئۆز يولىغا جۆنەشتى. خۇماقىز كېتىۋېتىپ خىيال سۈرمەكتە. «بۇ زادى كىم؟ بىزنىڭ مەھەللىدە ئىكەن، تۈگمەنچى دەيدۇ تېخى. ئۇلار شۇنچە قورقۇپ كەتكۈدەك قانداق ئادەمكىنا بۇ؟» ھارۋىكەش ھارۋىسىنى ئۈن - تىنسىز ھەيدەپ كېتىپ باراتتى. خۇماقىز يەنە سورىدى:

— ئاكا، سىزمۇ يۇقىرىقى مەھەللىدىن ئىكەنسىز - ھە؟

— ھەئە.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، — ھارۋىكەش بۇرۇلۇپ خۇماقىزغا قارىدى.

بۇ، ئۆتكەندە خۇماقىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ھېلىقى قىسماق يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

— سىز ئىكەنسىز - دە! مەن ئۆتكەندە سىز قۇتۇلدۇرۇۋالغان قىز شۇ.

— بىلدىم.

— سىزنىڭ نەگە بېرىپ كېلىشىڭىز؟

— مۇنۇ مەھەللىدىكى خەقلەرنىڭ ئۇنىنى ئاپىرىپ بېرىۋىدىم.

— نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئۇنىنى سىز ئاپىرىپ بېرىسىز؟

— ئۇلارنىڭ نە تراكتورى، نە ھارۋىسى يوق، يول يىراق، ئاپىرىپ بەرمىسەم قانداق بولىدۇ.

— سىز نېمىدېگەن ياخشى.

— ...

— ھە راست، بايام ئۇلار سىزنى كۆرۈپلا قېچىپ كەتتى، نېمە ئۈچۈن ئۇلار سىزدىن شۇنچە قورقىدۇ؟

— ...

كېچە خۇماقىز زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا چىرايلىق يىگىتنىڭ كېلىشكەن قامىتى بىلەن قىسماق كۆز يىگىتنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى.

چىرايلىق گەۋدە ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتى، ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېمىگەن، قايسىبىر ۋەدىلەرنى بەرمىگەن. بىراق بۈگۈن... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۆيگەن يىگىتىنىڭ چىرايلىق بەستى تۈتەك پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنغاندەك ئاستا- ئاستا غۇۋالىشىپ كەتتى.

ئەتىسى قىسماق كۆز يىگىت خۇماقىزلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، موتسىكلىتىنى رېمونت قىلىپ بەردى. ئۇ بۇ چاغدىمۇ كۆپ سۆزلىمەيلا كېتىپ قالدى. خۇماقىز كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، موتسىكلىتىنى سۆيگەن يىگىتىگە ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدى.

يىگىت ئاخشامقى دەردىنى ئوڭدا يېتىپ ئاپىسىدىن ئېلىۋاتقانىكەن. ئۇ خۇماقىزنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى-دە، خۇماقىزغا يېپىشىپ، يالۋۇردى، چۈشەندۈردى. لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ گەپلىرى خۇماقىزغا ئىلگىرىكىدەك ئىللىق ئەمەس، بەلكى مۇزدەك سوغۇق تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىگە ھاقارەت قىلىنىۋاتقاندەك يىگىتكە نەپرىتى كۈچەيمەكتە ئىدى. خۇماقىز ئاخشامقىلارنى ئويلىغاندا، بۇ يىگىتنىڭ ھازىرقى ئاھۇ-زارلىرى، ئۇنى ھەر بىردەم چېقىپ قاتتىق ئازابلىدى.

خۇماقىز ئۆيىگە كېلىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئىچى بوشىغىچە يىغلىدى ۋە شۇ يىغلىغانچە ئۇخلاپ يېتىپ قالدى. ئۇ نېمىشقىدۇر قىسماق كۆز يىگىتنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىپ قېلىشىنى كۈتكەندەك قىلاتتى. ئۇ قىسماق كۆز يىگىت كەلسىلا ساقىيىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

نېمىلا بولمىسۇن ئۇ تۇنجى مۇھەببەت- تەمى خۇماقىز چىرايلىق يىگىتنى يەنە كەچۈرۈۋەتمەكچى بولدى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە زورۇقۇپ باقسىمۇ ئەندىكى ئۇچرىشىشلاردا بۇرۇنقىدەك قىزغىن بولالمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىنى ئۈنسىز ئاڭلايتتى، سۆز قىستۇرمايتتى. ئۇنىڭغا بۇنداق سۆزلەر مەنىسىز بىلىنىشكە باشلىدى. ئۆزى يىگىتنىڭ ئىللىق باغرىدىمۇ بارغانچە سوۋۇپ، مۇزدەك يېقىمسىزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. خۇماقىز ئۆزىدە يىگىتكە نىسبەتەن قايتا مۇھەببەت قوزغىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بارلىق ياخشى ئىشلىرىنى ئەسلەپ چىقماقچى بولاتتى. بىراق يىگىتنىڭ ھېچبىر ياخشى تەرىپى كۆز ئالدىغا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتىنىڭ كېلىشكەن قەددى- قامىتىنى قاتمۇ- قات تۇمانلار ئوراۋالغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يوقالدى. مۇشۇ خىياللار بىلەن كۆڭلى غەشلىككە تولغان خۇماقىز ھەسرەت چەكتى. ئاھ ئۇرۇپ ئەلەملىك ياش تۆكتى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىنى ياخشى كۆردى؟ كېلىشكەن چىرايىنىمۇ؟ ئەست قىلغۇچ قەسەملىرىنىمۇ؟... نېمىشقىدۇر ھېلىقى تۈگمەنچى يىگىت ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ قىسماق بولمىغان بولسا، تۈگمەنچىلىكمۇ قىلمىغان بولسا- ھە!..

بىر كۈنى خۇماقىز ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تۈگمەنگە كېلىپ قالدى.

—ئۈگۈت ئەكەلدىڭىزمۇ؟ —تۈگمەنچىنىڭ سوئالى خۇماقىزنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە دۇدۇقلىدى:

—ھە...ن...ن

تۈگمەنچىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. خۇماقىز نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ خۇماقىز ئەنە شۇ سوئالغا جاۋاب ئىزلىمەكتە ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن تۈگمەنچى خۇماقىزنىڭ

يەنىلا جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە سوردى:

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمۇ؟ ئاپام ئۆيدە، ئۆيگە كىرمەك، — دېدى ئۇ.

تۆگمەنچىنىڭ ھۇجرىسى پاكىز، رەتلىك بولۇپ، ھەر خىل يېڭىچە پاسوندىكى ئۆي جاھازىلىرى، تاملارغا تارتىلغان ئۇتقاشتەك گىلەملەر، تەكچىلەرگە قويۇلغان گۈللەر ئۆيگە ئالاھىدە ھەشەمەتلىك تۈس بەخش ئەتكەنىدى.

تۆگمەنچىنىڭ ئاپىسى ھەدەپ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئۇ شۇنداق، ئۆيگە مېھمان كەلسىمۇ كارى يوق، ھەمىشە ئەتىدىن - كەچكىچە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشلەشنىلا بىلىدۇ. ئۆگۈت كەلسىلا كېچە - كۈندۈز دېمەي تۆگمەندە پاي - پېتەك بولۇپ يۈرىدۇ، ئۆگۈت بولمىسا ئۆيدە ھۈنىرىنى قىلىدۇ. قارىسىلا، مۇنۇ شىرەنىمۇ، ئاۋۇ نەرسىلەرنىمۇ ئوغلۇم ئۆزى ياسىدى. ئىشىنى ئەنگۇ ئۇقمايمەن نى - نى نەرسىلىرىمۇ بار تېخى!

— ئوغۇللىرى بەك ياخشى ئىكەن.

— ياخشىلىقىغۇ ياخشى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنىمەن. لېكىنزە... ھەي قىزىم، — دېدى ئايال ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ.

— ....

— ئوغلۇم، ئۇ چوڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— نەچچە ياشقا كىردى؟

— 24 ياشقا، — ئۇ 24 نى ئالاھىدە سوزۇپ ئېيتتى.

— ئانچە چوڭ ئەمەسكەن.

— بىراق تويىنىڭ گېپىنى قىلسىلا، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق سۆز ئاچالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

— يەنە ئاغزىڭ ئېچىلمىدىمۇ - ئە، — تۆگمەنچى كىردى. ئانا ئۇنى كۆرۈپ، ئانىلىق مېھرى بىلەن كايىپلا كەتتى:

— كىيىملىرىڭنى قېقىپ، يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ كىرگىنە، پاكىز يۈرسەڭ ئۆزەڭگىمۇ ئوبدان بالام.

— ئۇنىڭ ئەزى پاكىنا ئىكەن، — تۆگمەنچى غۇدۇڭشىدى.

خۇماقىز شۇ چاغدىلا تۆگمەنچىنىڭ قاش - كىرپىكلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بىر قەۋەت ئاپئاق ئۇن بولۇپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى.

— ۋايىيەي بالام، قىزلارمۇ سەندەك ئويلىغان بولسا... — دېگىنىچە ئانا تۆگمەنچىنى تارتىپ سىرتقا ماڭدى.

تۆگمەنچى يۇيۇنۇپ، رەتلىك كىيىنىپ كىردى. لېكىن، ئۇ يەنىلا كۆرۈمسىز ئىدى. ئۇ خۇماقىزغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— سىزنى بەك ساقلىتىپ قويدۇم - ھە، سەت ئىش بولدى.

— بۇ گەپ سىزگە ياد ئوخشىمادۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— بايا تۆگمەنگە ئۇنىنى ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق دەۋاتاتتىڭىز.

—خېرىدارلارنىڭ كۆڭلى نازۇك ئەمەسمۇ؟!

—بىراق مەن ھازىر خېرىدار ئەمەس - تە.

—بۇ...بۇ...ھە،— تۈگمەنچى قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى،—خۇماقىز...سىز زە...بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمۇ؟—دېدى ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ.

—ئۆيىڭىزگە بىرەر ئىش بولمىسا، كەلسە بولمامدىكەن؟

—بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ،—تۈگمەنچى يەنە قىزاردى،—خۇماقىز بۈگۈن غەلىتىلا گەپلەرنى قىلىسىزغۇ؟

—ئاڭلىسام تۈنۈگۈن يۇقىرىدىن كەلگەنلەر سىزلەرنىڭ ئۆيىنى ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە قاتارىدا زىيارەت قىپتۇ، شۇڭا مەنمۇ كۆرۈپ باقاي دەپ كېلىۋېدىم، بوپتۇمۇ؟

—بوپتۇ، ناھايىتى ئوبدان، ئۇلارغا مەن مۇشۇ تۈگمەن ئارقىلىق بېيىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

—مېنىڭچە سىز تۈگمەنسىزمۇ باي بولالايسىز، شۇنداقمۇ؟

—شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، تۈگمەنچىلىك مېنىڭ دادامنىڭ كەسپى، دادام سۇ تۈگمىنى چۆرگەن. مەن توك تۈگمىنى چۆرۈۋاتىمەن. مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆزەمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن.

توۋا، ئۇ مۇشۇ كەسپى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىكەن تېخى! خۇماقىزنىڭ ئۇنى تۈگمەنچىلىكتىن رايىنى ياندۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، گەپنى مەقسەتلىك ھالدا چاقچاققا ئايلاندۇردى:

—دادىڭىز سۇ تۈگمىنى چۆرۈپتۇ، سىز توك تۈگمىنى چۆرىدىڭىز، ئەمدى بالىلىق بولسىڭىز، بالىڭىز نېمە چۆرە؟

—ئۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر خۇدايىم ماڭا بالا بەرسە، ئۇلارنى ئوقۇتىمەن، ئۇلار ئوقۇغىنىنى چۆرىدۇ. ھەي تېخى توي قىلمىغان تۇرسام بالا نەدە تۇرىدۇ دەيسىز؟

—توي قىلسىڭىز بولمامدۇ؟

—ئاپامغۇ ماڭا بۇرۇنلا شۇنداق دېگەن. بىراق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاپامنىڭ بىكاردىن - بىكار خار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

—نېمىشقا؟

—قىزلار مېنى ياراتماي، ئاپامنى مات قىلارمىكىن؟

—نېمىشقا بۇنداق ئويلايسىز؟

—ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن.

بۈگۈنكى سۆھبەت خۇماقىزغا ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى.

كېچە، خۇماقىزنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە تۈگمەنچىنىڭ بەستلىك، ئەمما كېلەڭسىز قامىتى گەۋدىلەندى. خۇماقىز ئۇنىڭغا قارىغانچە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىسماق كۆز بارغانچە چوڭىيىپ نۇرلىنىۋاتقاندەك، قارامتۇل يۈز بارغانچە ئاقىرىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ساددا يىگىتنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ساددا چىرايى قاندىقتۇر بىر خىل ئىللىق ئېقىم

تارقاتماقتا ئىدى. بۇ ئىللىق ئېقىم بارا - بارا خۇماقىزنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

خۇماقىز تۆگمەنگە كۆپ بارمىسا زېرىكىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما تۆگمەنچى دائىملىق مېھمانلارغا ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمەيتتى. خۇماقىز ھەر قېتىم تۆگمەنگە بارغاندا زېرىكمەسلىك ئۈچۈن تۆگمەنچىگە ياردەملىشىدىغان بولدى. كېيىنچە تۆگمەنچىمۇ ھېچ قورۇنمايلا ئۇنى ئىشقا بۇيرۇيدىغان بولدى. تۆگمەنچى ھەر قېتىم ئىشقا بۇيرۇغاندا ئۇنىڭ تەنلىرى يايراپ كېتەتتى. تۆگمەنچى يىگىتنىڭ ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بەستلىك قامىتى ئۇنى تەگداشسىز سېھىرلىك كۈچ بىلەن ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى.

خۇماقىزنىڭ تۆگمەنگە تولا بېرىشى، مەھەللىدە سۆز - چۆچەك پەيدا قىلدى. بەزىلەر خۇماقىز تۆگمەنچى قىسماققا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ دېسە، بەزى كىشىلەر، تۇۋا دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. يەنە بەزىلەر «خۇماقىز ساراڭ بولۇپ قاپتۇ،» دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىشتى. لېكىن خۇماقىزنىڭ بۇ ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن كارى بولمىدى. بۇ كۈنلەردە تۆگمەنچىمۇ خۇماقىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاللىقاچان سەزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆز خىيالىغا ئىشىنەلمەي ئەپلىك پۇرسەت تېپىپ خۇماقىزدىن گەپ ئېلىپ بېقىش كويىدا يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ خۇماقىزغا:

—ئەمدى كەلمىسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ، —دېدى كۆڭۈلسىز ھالدا.

—قانداق، خالىمامسىز؟ —دېدى خۇماقىز بىر نەرسىنى كۆڭلى تۇيغاندەك خاۋاتىرلىنىپ.

—مەنچە بولسا كەتمىسىڭىز تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى، لېكىن...

—راستمۇ؟! —خۇماقىز چەكسىز ھاياجانلاندى.

—راست. لېكىن مەھەللىدە ھەر قىسما گەپ تارقاپ كېتىپتۇ.

—سىز بۇ گەپلەردىن قورقامسىز؟

—مەنغۇ قورقمايمەن، لېكىن سىزنىڭ نامىڭىزغا سەت بولىۋاتىدۇ، شۇڭا...

—نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟

—قاراڭا، ئىككىمىزدە ئاسمان - زېمىن پەرق بار...

—ياق...

تۆگمەنچىمۇ خۇماقىزنىڭ كېيىنى بۆلدى:

—مەن سىزنى بەختسىز قىلىپ قويىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

—ياق، مەن سىز بىلەن بولسام بەختلىك بولىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

—راستمۇ؟ —تۆگمەنچى قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، خۇماقىزغا چوڭقۇر ئىشقى - مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە تەلپۈنۈش نۇرلىرى چاقنىدى. خۇماقىزمۇ خۇمالاشقان شەھلا كۆزلىرى بىلەن تۆگمەنچىگە قارىدى:

—راست، —دېدى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن. تۆگمەنچى ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ سېھىر كۈچىدىن جۇرئەتلىنىپ، يىگىتلىك غورۇرى بىلەن خۇماقىزغا ئىنتىلدى.

خۇماقىز تۆگمەنچىنىڭ ئىللىق باغرىدا ئېرىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلغاندىنمۇ لەززەتلىك، شېرىن تۇيغۇلار ئىچىدە تۆگمەنچىنىڭ كەڭ يەلكىلىرىگە

(ئاخىرى 30 - بەتتە)

# شىراق

## مىركەرىم ئاسىم (تارىخىي ھېكايە)

### ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرجىمىسى

مىركەرىم ئاسىم 1907 - يىلى تاشكەنت شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ يېقىندا ۋاپات بولغان.

تارىخىي تېمىنى زامانغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئاتاقلىق سالنامىچى ئەدىب مىركەرىم ئاسىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى، ھاياتىنىڭ مەزمۇنى ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا شەكىللەنگەن خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئىلغار ئۇدۇملىرىنى كۆزگە كۆرۈنمەس نازۇك يىپلار بىلەن بۈگۈنكى ۋەقەلەرگە باغلاپ، ياشلارنى ۋەتەنگە مۇھەببەت، ئىلىم - پەنگە، مەدەنىيەت تارىخىغا ھۆرمەت، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت، سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرغان.

مىركەرىم ئاسىم ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن كىتابخانلىرىمىزغا ئۇزۇندىن بېرى تونۇش. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ «ئوترار»، «توماريس»، «ئالجەبىرنىڭ تۇغۇلۇشى» قاتارلىق تارىخىي ھېكايە، پوۋېستلىرى مەتبۇئاتلىرىمىزدا بېسىلىپ چىقىپ، كىتابخانلىرىمىزنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ «شىراق» دېگەن بۇ تارىخىي ھېكايىسى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 519 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى ئارىسىدا سادىر بولغان ۋەقە ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ ھېكايە كىتابخانلارغا چوڭقۇر تارىخىي ساۋاق، ئاجايىپ گۈزەل بەدىئىي زوق بېرىدۇ.

ياز باشلىنىپ، يەكسارت بويلىرىدىكى چۆللەردە ئوت - چۆپلەر كۆكلەشكە باشلىدى. بۇ يەرلەردە ياشىغۇچى شەك قەبىلىلىرى سېرۇت يايلىقىغا كۆچۈش تەرەددۇتىغا چۈشۈشتى. يېڭى يەرلەرگە كۆچۈش چارۋىچىلار ئۈچۈن بىر بايرامدەك ئىدى. ئۇلار باھار مەۋسۇمىدە ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان يەرلىرىنى تاشلاپ كېتىش ئالدىدىن بىر - بىرسىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ باراتتى. دورا ئوتلىرىنى يەپ سەمرىگەن بىيەلەرنىڭ سۈتىدىن تەييارلانغان ئۆتكۈر قىمىزلارنى ئىچىپ مەست بولغان يىگىتلەر قىزلار بىلەن لەپەر ئوينىشاتتى، چاقچاقلىشاتتى.

بىراق بۇ قېتىم ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە قىل سىغماس، ئوتاۋلاردىن يا قوشاق ۋە يا قىزلارنىڭ خۇشخۇي كۈلكىسى ئاڭلانمايتتى.

ئېگىز بىر يەردە قۇرۇلغان چوڭ ئاق ئوتاۋنى ئۈستىگە ياغاچ تېرىدىن كەمزۇل، باشلىرىغا ئۈچى ئىنچىكە، ئۇزۇن قالپاق كىيگەن قوراللىق ساقچىلار قوغداپ تۇراتتى.

ئوتاۋ ئىچىدە بولسا شەك قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى كېڭەش قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. تۆرگە سېلىنغان ئېيىق تېرىسى ئۈستىدە بەدەشقان قۇرغان روستەك ئاقساقاللارغا ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرەتتى.

— ئىران شاھى داراياۋۇش ① ئوكۇ ② دىن ئۆتۈپ سوغدىيىنى بېسىپ ئالغان. ئىرانلىقلار ئەل - يۇرتنى تالاپ ئەرلەرنى قۇل، ئاياللارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىشكەن. ئەمدى نۆۋەت

---

① دارا ياۋۇش — ئىران شاھى (مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 522 — 486 — يىللىرى). مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 522 — 521 - يىلى سوغدىيىنى ئىستىلا قىلغان.

② ئوكۇ — ئامۇدەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

بىزگە كەلدى. خەۋەرچىلىرىمىز شاھىنىڭ بىزتەرەپكە راناسىبەت① باشچىلىقىدىكى چوڭ بىرقوشۇننى ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتىدۇ...

روستەك — چاچ-ساقىلى ئاقارغان، بىرئاز مۈكچىيىپ، ئېگىشىپ قالغان ئۇستىخانلىق بوۋاي، ئۇ بىر چاغلاردا كۆكرەكلىك، ئېگىز بويلۇق پالۋان ئىدى. بىرگە-بىر جەڭلەردە شەك جەمەتىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن كۆپ باھادىرلارنى يەر چىشلەتكەن، ئۇنىڭ نامى سوغدىيىندىيۇ، ئىراندىمۇ مەشھۇر ئىدى.

ھازىر ئۇ شەكلەر ۋە سوغدىيىلىكلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئىران شاھى ۋە ئۇنىڭ قارا نىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەيدىكەن، غەزەپتىن نەپەسى بوغۇلاتتى، كۆزلىرى ئوت چاچاتتى. ئۇ سۆزىنى تاماملاپ دۈشمەننى دەپنە قىلىش ئۈچۈن قانداق چارىلەر كۆرۈش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى ئېيتىشنى جەمەت ئاقساقاللىرىدىن سورىدى.

— قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بوۋايلار، مومايلار، بالىلىق خوتۇنلارنى قوي ۋە يىلقىلار بىلەن يىراق چۆللەرگە ئەۋەتىپ، قالغان ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى قوراللاندۇرساق ۋە دۈشمەن بىلەن بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە ئۇرۇشساق، — دەپ سۆز باشلىدى جەمەت ئاقساقاللىرىدىن سەكسفەر. ئۇ ئاتمىشقا بېرىپ قالغان بولسىمۇ ياشلاردەك ئىككى يۈزى قىپقىزىل، غەيرەتلىك ۋە تەۋەككۈلچى ئادەم ئىدى. ئۇرۇش كۆلپىتى نومۇسسىزلىق مۇشەققىتىدىن ياخشىراق. زالىم ئىران شاھىغا قول بولغاندىن كۆرە جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن ئەۋزەل.

روستەك ئۇنىڭ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن گېپىنى سەۋر بىلەن ئاڭلاپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنچە ئويلىنىشقا باشلىدى.

— جەڭدە بەرتلەرچە ئۆلۈش ئاسان، لېكىن دۈشمەننى يانچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش قىيىن. بىز مەرتلىك كۆرسىتىپ، نامىمىزنى قالدۇرۇش توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەل-يۇرتىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى قانداق ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا ئويلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ قىزىققان سەكسفەرگە قاراپ.

ئاقساقاللار موم چىشلىۋالغاندەك غىڭ قىلماي ئولتۇراتتى. كۆپ مەملىكەتلەرنى بېسىپ ئېلىپ، جەڭ مەيدانلىرىدا كۆپ تەجرىبە توپلىغان، ياخشى قوراللانغان ئىران قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىش بەك قىيىن ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئايان ئىدى.

باشقىلار بۇ مۇشكۈل مەسىلىنى يېشىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغاندا، ئوتاۋ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان قوراللىق يىگىت شىراق دېگەن چوپاننىڭ كىرىشكە ئىجازەت سوراۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— شىراق! — دەپ قېشىنى يىمىردى روستەك، — كىم ئۇ؟

— شىراق بىزنىڭ جەمەتىمىزدىن. پۈتۈن ئۆمرى چوپانلىق بىلەن ئۆتكەن، — دېدى سەكسفەر، — ئۆزى بەك پاراسەتلىك، دانا، داستانچى بوۋاي. كونا تاملىقلاردىن چايان تۇتۇپ ئۆزىنى چاقتۇرىدۇ، ئاغرىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياش ۋاقتىدا يىلان ئۇنى چېقىۋالغاندا ئاللاقانداق گىيالارنى سۈرتۈپ ساقايتىۋالغانمىش. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى يىلان-چاياندىن قورقمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، چاقىر بۇياققا ئاشۇ بوۋاينى.

ئىشىكتىن يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان، تىك قامەت، كېلىشكەن بىر بوۋاي كىرىپ تازىم قىلدى.

— ئىجازەت بەرسەڭلار، مەنمۇ قاتارىڭلاردا

① راناسىبەت — دارا 1 نىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى.

ئولتۇرۇپ، ئۆز پىكرىمنى بايان قىلسام نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزلارنى بىلىمەن.

—ئولتۇر، ئولتۇر، سۆزۈڭگە قۇلاق سالىمىز،—دېدى روستەك.

—ئىران شاھىنىڭ ئەسكەرلىرى سىر دەريا ئاستىدىكى قۇمدىنمۇ كۆپ، ئۇلارنى جەڭگە چىللاپ يېڭىش مەھەل. شۇنداق بىر ھىيلە تېپىش كېرەككى، دۈشمەنىنىڭ پۇتى تېيىلىپ ھالاكەت غارىغا غۇلىسۇن.

—قېنى، ئېيت، قانداق ھىيلە ئويلاپ تاپتىڭ؟—دەپ سورىدى روستەك.

—بۇنى پەقەت ساڭا ئېيتىمەن. ئاقساقاللار ئوتاۋىڭدىن كەتسۇن.

روستەك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چىرايى پۈرۈشۈپ كەتكەن ئاقساقاللارغا بىر قارىۋالدى-دە:

—نېمە، مەن شۇ ئۇلۇغ زاتلارغا ئىشەنمەمەن؟—دەپ سورىدى.

—ئىشىنىمەن، ئۇلار ئەل غېمىنى يەيدىغان ھالال ئادەملەر، ئۆلسىمۇ دۈشمەنگە سىر بەرمەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ يېقىن دوستلىرى، ئىنىلىرى، ئوغۇللىرى، خوتۇنلىرى بار. مەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئېھتىياتسىز ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇشلىرى مۇمكىن. ئۇياقى مەلۇمۇ، ئەل ئاغزىغا ئەگلەك تۇتقىلى بولمايدۇ، ئاقساقاللار مېنى ئەپۇ قىلسۇن...

ئۇرۇق باشلىقلىرى بىر-بىردىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چىقىپ كېتىشكە باشلىدى.

ئاق ئوتاۋدىن نېرىراقتا چوقچىيىپ تۇرغان ئاددىي كۆچمەنچىلەر شىراقنى ياخشى تونۇيتتى، ئۇنىڭ قاۋۇز چېلىپ ئېيتقان داستانلىرىنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان. ئۆزىمۇ داستانلاردا مەدھىيىلەنگەندەك شىر يۈرەك ئادەملەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شىراق ئوتاۋدىن چىقتى. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆچمەنچىلەر دەھشەتكە چۈشۈپ ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتى. قېرى چوپان كېسىلگەن ئىككى قۇلىقى ۋە بۇرنىغا كۆيدۈرۈلگەن كىگىز بېسىپ، چىپىلداپ ئېقىۋاتقان قاننى توختىتىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. كۈتۈلمىگەن بۇ پاجىئەدىن غەزەپلەنگەن ئادەملەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ ئالدى ۋە ئارقىمۇ-ئارقا سوئال سوراشقا باشلىدى:

—قۇلاق-بۇرنۇڭنى نېمىشقا كەستى؟

—سەن بىچارە نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىڭ؟

چىرايى مۇردىدەك ئاقىرىپ كەتكەن شىراق چىشىنى-چىشىغا قويۇپ، ئۆزىنى بەردەم تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى، ئۇرۇقداشلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇنى بىر جايغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆيدۈرۈلگەن كىگىز بىلەن قېنىنى توختاتتى. بوۋاينىڭ سەھرا شامىلى، چۆل ئاپتىپىدىن قارايغان يۈزىدە غەزەپ ئالامىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كۈن پېتىشى تەرەپكە قاراپ كەتتى. ھاڭ-تاڭ بولغان كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە قېتىپ قېلىشتى.

دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى سوغدا خەلقىنى ئىتائەت قىلدۇرغان ئىران شاھى يەكسارتىنىڭ سول قىرغىقىدىكى كۆچمەنچىلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدىن دەم ئالماقتا ئىدى. ئۇ يەتتە پەخسە تام بىلەن ئورالغان باغ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز شىپاڭدا ئۆز ئايانلىرى بىلەن مەي ئىچىپ، سۆز ئويۇنى قىلىپ ئولتۇراتتى.

مۇلازىملەردىن بىرى شىپاڭ يېنىغا كېلىپ مەلۇم قىلدى-دە، قۇلاق-بۇرنى يوق ئاجايىپ بىر بوۋاي شاھ ھۇزۇرىغا كىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. دەرھال سۈرۈشتە قىلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ شەك قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن:

—بوپتۇ، كىرسۇن،—دېدى.

ئىككى قوراللىق مۇلازىم باشلاپ كەلگەن شىراق شاھدىن ئون بەش قەدەم بېرىدە توختىدى-دە، يەرنى سۆيدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلغاندىن كېيىن قېتىپ تۇردى.

دارا ئېگىز بويلۇق، قۇش بۇرۇن، چىرايلىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ پاناغا ئوخشىغان ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن ۋە سىلىق تارالغان، ئۈستىدىكى توق قىزىل زەر بېسىلغان تون پارقىرايتتى، قوللىرىدىكى ئۇزۇن ھاسا دەستىسىگە قادالغان قىممەت باھا تاشلار قاراڭغۇ كېچىلەردىكى يۇلتۇزلاردەك چاراقلايتتى. تاش قوچاقتا ئوخشىغان ئىككى مۇلازىم ئۇنى ئاستا-ئاستا يەلپۈپ تۇراتتى.

دارا كامان قاشلىرىنى يىمىرىپ، يوغان ئاۋاز بىلەن:

—ھەي ئادەم، ئۆزۈڭ كىمسەن، ئېتىڭ نېمە؟ ۋە قايسى ئۇرۇقتىنسەن؟—دەپ سورىدى.

—ئېتىم شىراق، ئۆزۈم شەك جەمەتىنمەن،—جاۋاب بەردى بوۋاي.

—بۇ ياققا كېلىپ مېنىڭ ئىستىراھەتىمنى بۇزۇشتىن مەقسىتىڭ نېمە؟

—مەقسىتىم مۇلازىمەت كەمىرىنى بەلگە باغلاپ ئۆمرۈمنى سىز شاھىنشاھ خىزمىتىدە ئۆتكۈزۈشتۇر. جانابلىرىغا خەيرىخاھ بولغىنىم سەۋەبىدىن قەبىلىداشلىرىمدىن قاتتىق ستەم كۆردۈم. ئۇلارغا مەن: «شاھى ئىران بىلەن ئۇرۇشمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، سىلەرنى بىر ھەملىدە تېرە-پېرەڭ قىلغاي، ياخشىسى، ئىتائەتمەن كەمىرىنى باغلاپ بېرىپ، ئۇ زاتى بابەرەكەتنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈڭ» دېدىم، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھۆكۈمدارىمىز روستەك غەزەپكە مىندى ۋە مېنىڭ قۇلاق-بۇرنۇمنى كەستۈردى. مەن ئەمدى سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن ئۇلاردىن ئۆچۈمنى ئالماقچىمەن. ئەگەر ئىجازەتى ئالىي بولسا، يېڭىلمەس قوشۇنىڭىزنى يالغۇز پادىچىلارلا بىلىدىغان سوقماقلار بىلەن شەك لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن ئېلىپ چىقاتتىم، كېيىن ئۇلارنى قىلىچ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈش قىيىن ئەمەس.

شىراقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دارا خىيالغا پاتتى. ئەگەر جەڭگىۋار شەك قەبىلىلىرى شۇ خىلدا يەكسەن قىلىنسا، ئوكۇز بىلەن يەكسارت ئوتتۇرىسىدىكى ئۈنۈملۈك يەرلەرنى بېسىۋالغان ئىران لەشكەرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى تەمىن قىلىنغان بولىدۇ. ئەمما بۇ قېرى چوپاننى بىر سىناپ بېقىش كېرەك.

شىراق ئىشەنچسىزلىك كۆزى بىلەن قاراۋاتقىنىنى پەملەپ، ئۆز سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا كىرىشتى.

—ئاخىر قۇلاق-بۇرنۇمنى يېقىندىلا كەسكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغۇ! بىزنىڭكىلەر بىكاردىن بىكار ئۆز جەمەتىگە بۇنداق ستەم يەتكۈزمەيدۇ.

ئۇ ئويلاپ قويغان دەللىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىران شاھىغا سادىقلىقىنى، شەكلەرگە دۈشمەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قۇياش تەڭرىسىنى شەپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچتى.

دارا قوماندانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەكلەر ئۈستىگە قوشۇن ئەۋەتىشكە، شىراقنى بولسا يول باشلىغۇچى قىلىپ ئېلىشقا قارار قىلدى.

ئىران ئەسكەرلىرى يول باشلىغۇچىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەتتە كۈنلۈك سۇ، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ئوت-چۆپ ئېلىپ يولغا چىقتى ۋە دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى قۇم چۆللىرىدىن ئۆتۈپ شەكلەرگە كەينىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

دەسلەپكى كۈنلەردە يول ئانچە مۇشەققەتلىك بولمىدى، چۆل ئوتلىرى ئەھرى ياشىرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاندا - ساندا بۇلاقلار ئەتراپىدا كۆپكۆك ئوتلاقلار ئۇچراپ تۇراتتى. بارا - بارا چۆل مەھراغا ئايلاندى، ئادەملەر ۋە ئاتلارنىڭ سۇغا ئېھتىياجى ئاشتى. ئەپسانىۋى ئاتلارنىڭ تاقىلىرىغا ئوخشاش ئويۇلۇپ قالغان قۇم بارخانلىرى تۇپىسىدىن ئېشىپ پاكى چەتلەپ ئۆتۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. قارا تەرگە چۆمۈپ ھاسىرىغان ئاتلار ئاياغلىرىنى قۇمدىن ئاران تارتىۋېلىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە بىردىن - بىردىن قەدەم تاشلاپ ھاراتتى. چۆلنىڭ رەھىمسىز ئاپتىپى ياماننىيەت بىلەن كېلىۋاتقان بۇ قوراللىق ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئوت سىلىنى قۇياتتى، ئىچلىرىنى كۆيدۈرۈپ، تەشنالىقتىن لەۋلىرىنى قۇرۇتاتتى، قۇملار تۇپىسىدە جىمىرلاپ تۇرغان قايناق ھاۋا ئۆپكىلەرنى ياندۇراتتى.

لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ تاقىتى تاق، شەكلەر لەشكەرگاھىدا قانچىلىك ئارىلىق قالغىنىنى شىراقتىن سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بولسا مەنزىلگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقلىرىنى ۋە يەنە ئىككى كۈن يۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، باشلىقلارنى خاتىرجەم قىلاتتى. بىراق مۇشەققەتلىك سەپەرنىڭ يەتتىنچى كۈنىدۇ شەكلەردىن خەۋەر تاپىدى. ھەممەياق دەشت - باياۋان، ئادەم ماڭسا ئايىغى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدۇ، سۇ، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت-چۆپ تۈگىگەن، ئورۇقلاپ كەتكەن ئاتلار يەرلەرنى ھىدلاپ سۇ ئىزدەيتتى. قۇرىغان لەۋلىرى ئېچىشىپ كەتكەن ئادەملەر بىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈن بىر يىللىق ئۆمۈرلىرىدىن كېچىشكە تەييار!

شىراقنى ئارىغا ئېلىپ: «بىزنى نەگە باشلاپ كەلدىڭ، ئەبلەخ!» دەپ قىستىدى ئەسكەر باشلىقلىرىدىن بىرى، ئۇنى ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلىدى ۋە ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. شىراق ياقىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن چىقىرىپ كىگىز قالپىقىنى بېشىدىن ئالدى - دە، قورۇق ۋە كەڭ پېشانىسىنىڭ تەرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ قۇرىغان لەۋلىرى ئىستىھزالىق تەبەسسۇمدىن ھىجىيىپ، يۇمۇق كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى. ئەتراپىنى قورشاپ ئالغان غەزەپلىك چىرايلارغا مەغرۇر قاراپ تۇرۇپ، قالپىقىنى يەرگە بىر ئۇردى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— مەن يەڭدىم، دارا قوشۇنىنى بىر ئۆزۈم يەڭدىم! — دېدى ئۇ توۋلاپ، — سىلەرنى ئالداپ چۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەلدىم، — قولى بىلەن كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىشىنى كۆرسىتىپ، — بۇ يېقىمۇ يەتتە كۈنلۈك يول، بۇ يېقىمۇ، خالىغان تەرىپىڭلارگە بارۋېرىڭ! مېنىڭ گۆرۈم مۇشۇ يەردە، — دەپ پۇتى ئاستىنى كۆرسەتتى.

ئۇ ئۆز مۇرادىغا يەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇقەددەس ئاتەش ۋە سۇ خۇداسىغا شۈكۈر قىلىپ، ئاللاقانداق بىر دۇئانى ئوقۇدى. دەر ھەقىقەت، ئۇ ئۆز ئېلىنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن جېنىدىن كەچكەن، ياۋۇز دۈشمەننى ھىلە قاپقىنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن مىڭ تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ مەقسىتىگە يەتتى. دۈشمەن ئەسكىرىنى ھالاكەت غارى ياقىسىغا باشلاپ كەلدى. ئەمدى نېمە قىلسا قىلىۋەرسۇن!

ئۇ روستەكىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە شۇنداق دېگەنىدى:

— ئەگەر مېنىڭ بالا - ۋاقەم ۋە نەۋرىلىرىمنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۆز جېنىمدىن كېچىپ، يۇرت بېشىغا كەلگەن بالا - قازانى دەپىنە قىلاتتىم. دۈشمەننى دەپىنە قىلىش ئۈچۈن بىر ھىلە ئويلاپ تاپتىم. ھاياتىم ئاخىرلىشىپ قالدى، ئاخىر بۇ دۇنيادىن كېتىش كېرەك. مەن

# ئەرۋاھلاردىن چۈشكەن ۋەھىي

(نەسىر)

مۇھەممەت جېلىل

—ئى، باغرى كەڭ بەرىكەت بېغىشلىغۇچى ئۇلۇغ زېمىن! سېنىڭ مېھرىڭنىڭ ئىسسىقلىقىدىن بارلىق جانلىقلار ۋە جانسىزلارنىڭ ھەممىسى ساڭا جۈغلانغانلىقى سەن ئۈچۈن شەرەپ! ئابەت! ئەمما، سەندە خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ياق، سېنىڭ قوينۇڭدىكى پەرىشتە سۈپەت ئالىي مەخلۇقلاردا (ئادەملەردە) سادىر بولۇۋاتقان ئادەت—قىران چاغلىرىدا باشقىلارنى نېمە بولۇشىغا پەرۋا قىلماستىن ئىشلىتىپ، ۋايىسىرىغان، كاردىن چىققان چاغلىرىدا چۆرۈۋېتىدىغان كېسەل، يەنە بىرسى، قوينۇڭدىكى جانلىقلارنى جانلىق تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا پەقەت ئەتىۋارلىماي، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئەتىۋارلاپ تەشۋىق قىلىشىدىغانلار نېمىسى...؟ زېمىن ساڭا جانلىق كېرەكمۇ، ياكى روھلارمۇ؟ مۇشۇنداق يول تۇتقانلىقىڭدىن قوينۇڭدا روھلار كۆپىيىپ كەتتى. ھەتتا بەزى جانلىقلارمۇ روھ بولغۇسى كېلىۋاتىدۇ. يەنە بەزى روھلار چىرقان سېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ساڭا يېتەرلىك بەدەل تۆلىگەنلەر. ئۇلارنى سەن ئۇنتۇپ كەتتىڭ. توۋا... سەندە ئاخىر بېرىپ، پارتلاش كېلىپ چىقمىسا ئۇبدان بولاتتىغۇ؟

---

ئەل - يۇرتۇم ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ شەربىتىنى ئىچىشكە قارار قىلدىم... سۆزۈمگە قۇلاق سال...

مۆكۈمدار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە تىڭشىلاپ، پىكرىنى ماقۇللىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ يېنىدىن ئۆتكۈر پىچىقىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كەسكەن ۋە گويا ئۆز ئېلىگە خىيانەت قىلغان بولۇپ، دۈشمەن ئارىسىغا كىرگەنىدى...

غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئەپتى-بەشىرىسى پۈرۈشۈپ سەتلىشىپ كەتكەن ئىران قوماندانلىرى شىراقنى قورشاپ ئېلىپ، ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. قوماندان راناسبەت جۇلقى چىققان شىراقنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ بىر چەتكە ئېلىپ چىقتى-دە، سۇ ئىچۈردى. كېيىن چېدىرغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ياخشىلىقچە يولغا سالىلاقچى بولدى. ئەمدى ئىران قوماندانى شەكلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلىشنى خىيالىدىن چىقىرىپ تاشلىغان، ئۇ پەقەت قوشۇنىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئويلايتتى.

—ئەگەر سەن چۆل قۇدۇقلىرى، بۇلاقلارنى بىزگە تېپىپ بەرسەڭ، گۇناھىڭدىن كېچىپ، سۇغدىيىدە قالغان قىشلاقلاردىن بىرىنى ساڭا ئىنئام قىلاتتۇق.

ئۆز ئېلىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم ئۈچۈن سۇزۇلغان قولۇمنى كېسىپ تاشلىغىنىم مەقۇل،—دېدى ئۇ گەپنى قىسقا قىلىپ، ھالاكەت ياقىسىدا قالغان ئەسكەرلەر ئاچچىقىغا چىدىيالماي پىداكار چوپاننى چېپىپ، پارچە - پارچە قىلىپ تاشلىدى.

ئاپتورنىڭ «كارۋان يوللىرىدا» ناملىق تاللانما ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.

# يۇۋاش ئادەمنىڭ تراگېدىيىسى

ئوسۋېتور. بوراسك (ھېكايە)

ئادىل ئالماس تەرجىمىسى

تان. ئانسارمونىڭ ھەر ئايلىق مائاشى 50 پېزېتا ئىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان، ئاددىي ـ ساددا، يۇۋاش، تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ خىزمەت قىلىدىغان بانكىدا، ئۇنى يۇۋاش دېمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئايالى، ئوغلى كاروس ۋە ئۈچ قىزى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر بايلىقى ئىدى. بىراق مادرىدتا، ئۇ ھەر ئايدا پەقەت ئاشۇ 50 پېزېتاغا تايىنىپ بۇ ئالتە جان كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى قانداقمۇ قامدىيالىسۇن!

پۇلنى جىقراق تېپىش ئۈچۈن، تان. ئانسارموغا ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق بۇنىڭغا ئۇنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمەيتتى؛ ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار بولۇپ، ھەر ۋاقىت ھاياتى خەۋپلىك ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتسە، بالا ـ چاقىلىرى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ ھەمىشە تاماق شىرەسى يېنىدا ئولتۇرغاندا مۇشۇلارنى ئويلايتتى. ئوغلى كاروس 23 كە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمىتى يوق ئىدى؛ ئۈچ قىزىنىڭ چوڭى 11 ياش، كىچىكى سەككىز ياش ئىدى؛ پۇل يوق بولسا، بۇندىن كېيىن قىزلىرى قانداقمۇ ياتلىق بولالىسۇن؟ ئاياللار پۇل تاپالماي تۇرمۇشىنى قامداشقا ئامال بولمىغان بۇ يەردە بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزلىرى قانداقمۇ ھايات كەچۈرەلىسۇن؟ ئانسارمونىڭ ئاق كۆڭۈل دىلكىشى ـــ قىزلارنىڭ ئانىسى قېرىپ، ماغدۇرىدىن كېتىپ ھېچنېمىگە كارغا كەلمەس بولۇپ قالغان تۇرسا، ئۇ ئەمدى قانداقمۇ قىلار؟

ئانسارمونىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئادەتتىكىدەك ئىشقا چۈشۈۋەردى. كەسپداشلىرى ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئامال بولمىغانلىقتىن، تەستە كېلىپ ئىشقا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ھېسداشلىق قىلاتتى. بىراق بۇنىڭ تەسەللىدىن بۆلەك ھېچنەرسىگە پايدىسى بولمايتتى. تان. ئانسارمو يەنىلا شۇ 50 پېزېتانى ئالاتتى.

دوختۇر ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭغا باشقا جايغا بېرىپ ھاۋانى يەڭگۈشلەش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. تان. ئانسارمو

بۇ 50 پېزىتا كىرىمنى قانداقمۇ بۇ ئىش
ئۈچۈن سەرپ قىلىسۇن؟ ئۇ تاكى كۆزى
يۇمۇلغىچە خىزمەت قىلىشى كېرەك، ئەگەر
ئۇنداق قىلمىسا، ئائىلىسىدىكىلەر قانداقمۇ
ھايات كەچۈرەلىسۇن؟

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن،
تان. ئانسارمونىڭ مەيدىسى بىردىنلا باش-
قىچە ئاغرىپ كەتتى. ئۇ سەكراتقا چۈ-
شۈپ قالارمەنمىكىن دەپ ئويلاپ، قىزى
تېلىرسانى ئالدىغا چاقىرىپ دېدى:

ــ ئىشىكنى تاقىۋېتىڭلار، مەن ھازىر
سىلەرگە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىشىم كې-
رەك، بىزنىڭ 4 تومەن پېزىتا پۇلىمىز
بار. مانا، ئەمدى مەن خاتىرجەم بولىدى-
غان بولدۇم.

ــ 4 تومەن پېزىتا؟

ــ ھەئە، 4 تومەن. بۇنى سىلەردىن باشقا
ھېچكىم ئۇقمىسۇن، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ بۇ ئىككى ئاي-
دىن ئىلگىرى قولغا چۈشكەن ئامەت. بۇنى مەن
مۇشۇ كەمگىچە سىلەرگە ئاشكارىلىمىغانىدىم.

بۇ خۇش خەۋەر بۇ نامرات ئا-
ئىلىگە زور شاد ـ خۇراملىق ئېلىپ كەلدى.
پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر قىن ـ قىنىغا پاتمىغان
ھالدا بۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش
ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلغىلى تۇردى.
ئاخىرى تان. ئانسارمو ئۇلارنى بېسىقتۇ-
رۇپ زۇۋان سۈردى:

ــ مەن ھاۋانادا بارىدىغان پاراخوت
بېلىتىدىن بەشنى ئالدىم، كېلەر ھەپتە
سىلەر سانتائوندېرغا بېرىپ «ئۇچار بې-
لىق» ناملىق پاراخوتقا چۈشۈسىلەر؛ سى-
لەر ھاۋاناغا بارغاندىن كېيىن، يەنە ئامې-
رىكىنىڭ كالىفورنىيە شەھىرىگە بارىسىلەر،
ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، مەن سى-
لەرگە خەت يېزىپ نېمە قىلىشىڭلار ھەققىي-
دە دەپ بېرىمەن. سىلەر ئورۇنلىشىپ بول-
غاندىن كېيىن، مەنمۇ شۇ يەرگە بېرىپ
سىلەر بىلەن جەم بولىمەن. دوختۇرلار
مېنىڭ جاي يەڭگۈشلەپ، مۇھىتنى ئۆز-
گەرتىشىم ھەققىدە تەكلىپ بېرىشتى. ئەم-
دى ياخشى بولدى! ئۇ يەرگە بارغاندىن
كېيىن، ھەممىمىزگە ئىش تېپىلىدۇ. ئۇ دۆ-
لەتتە مۇشۇ پۇل بىلەن تەلىيىڭلار ئوڭدىن
كېلىدۇ. بولدى، كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمايلى،
سىلەر بېرىپ يولغا كېرەكلىك نەرسىلەر-
نى تەييارلاڭلار. سەككىز
كۈندىن كېيىن، سىلەر ئوچۇق دېڭىزغا
يېتىپ بارىسىلەر.

نەچچە كۈندىن كېيىن تان. ئانسارمو-
نىڭ قەلبى چەكسىز شادلىققا چۆمگەن
ھالدا ئايالى، بالىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆ-
يۈپ خوشلاشتى. ئۇلارنى يولغا سېلىپ 48 سا-
ئەتتىن كېيىن، ئۇ «بۈگۈن يولغا چىقتى-
مىز، سىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز» دېگەن
تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

تان. ئانسارمو ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ،
ئاللىقاچان يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئىككى
پارچە خەتنى ئېلىپ ئايال خىزمەتچىگە بې-
رىپ:

ــ سىز بۇ خەتنى بانكىنىڭ جىڭلىسىغا
ئاپىرىپ بېرىڭ، ماۋۇ خەتنى پوچتىغا سې-
لىۋېتىڭ، ــ دېدى. ئايال خىزمەتچى ئۆيدىن

چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەيسانىڭ ھەيكىلى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن، ياتاقتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

تان. ئانسارمونىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى بانكىدا ناھايىتى زور تەۋرىنىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇنداق يۇۋاش، ئەدەبلىك ئادەمنىڭ بۇ ھالاكەت يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇنىڭ بانكا جىڭلىسىغا يازغان خېتى مۇنداق ئىدى:

«مەن بولسام ئوغرى، مەن سىزنىڭ 200 مىليون پېزېتا پۇلىڭىزدىن سەككىز يىل ئىچىدە ئاز - ئازدىن ئوغرىلاش يولى بىلەن 4 تۈمەن پېزېتانى سوقۇۋالدىم. بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ! مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن، بالىلىرىم ئاچ - يالىڭاچ قالمىسۇن دەپ، ئىلاجىسىزلىقتىن ئاشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىزنىڭ بانكىڭىز تۇيۇقسىز 4 تۈمەن پېزېتادىن زىيان تارتتى، بۇنىڭغا مەن چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىمەن. سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پۇللار خۇددى دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىدىن ئىبارەتتۇر، خالاس.

مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈمدە قىلغىنىم ئاشۇ يەنى، ئەڭ ئاخىرقى ئاشۇ بىر ئەسكى ئىشتۇر! كەچۈرۈڭ، بالىلىرىمغا مېنى پۇل ئوغرىلىدى دەپ قويماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن، ھەرگىز مەتبۇئات ساھەلىرىگىمۇ خەۋەر قىلىپ قويماڭ!»

ئۇنىڭ ئائىلىسىگە يازغان خېتى بولسا مۇنداق ئىدى:

«سىلەرنىڭ ئىسپانىيەدىن يىراق بولغان جايدا سەمىمىيلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنىڭ قىلغان بارلىق ئىشىمنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. بەختلىك بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن!»

ئىككىنچى كۈنى، تان. ئانسارمو 25 يىل خىزمەت قىلغان بانكا گېزىتتە مۇنداق بىر خەۋەرنى ئېلان قىلدى:

«بانكىمىزنىڭ كونا خىزمەتچى خادىمى تان. ئانسارمو. ئېگىراغىياس ئەپەندى تۈنۈگۈن ۋاپات بولدى.»

ئۈچ كۈندىن كېيىن، گېزىتتە يەنە: «ھاۋاناغا ماڭغان «ئۇچار بېلىق» ناملىق يولۇچىلار پاراخوتى ھادىسىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭدىكى 300 نەپەر يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى بەختسىزلىككە ئۇچرىدى» دېگەن بىر خەۋەرمۇ بېسىلدى.

---

(بېشى 92 - بەتتە)

ئويۇنى بىلەن ھەلەك ئىدى.

مايمۇنجاننىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى...

ئاھ، ھايات، سەن نېمىدېگەن مۇرەككەپ - ھە، كۆز ئالدىڭدىن ئۆتكەن قىسقىلا دەۋر ساڭا تۈرلۈك كارامەت، سىرلىق مۆجىزات، ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى نامايان قىلدىڭ، تالاي - تالاي يېڭىلىقلارنى كۆرسەتتىڭ. سەن ئەنە شۇلار ئارىسىدىن ئۆزەڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق نىشانى ئىزدەيسەن. بەزىلەر سېنى بۇ نىشاندىن يىراقلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر سېنى بۇ نىشانغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ھېچنەرسە ۋە ھېچكىم تەنھا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ھەممىدە باشقىلارغا يۆلىنىشكە، تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. باشقىلارغا يۆلەنچۈك ۋە تايانچ بولۇپ بەرگەنلەر ئەڭ ئۇلۇغ شەپقەتچىلەردۇر. ئالىملار، بىلىم ئەھلىلىرى ئەنە شۇنداق شەپقەت ھەمشىرىلىرىنىڭ ئىلاھىسىدۇر...

# شېئىرلار

**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن**

## كېچە ۋە كۈندۈز

شار، ئۇپۇق، زېمىندىن سۆزلەر مۇنەججىم،
ئۇ ئەتىيار قۇياشنى، يەرنى ئايلىنار.
شۇ ئۇلۇغ ئايلىنىش ئۇپەيلى بەلكىم،
زېمىن ئېكرانىدا قىش، كۈز، ياز، باھار...

ئادەملەر ئايلىنار، باشنى ئايلىنار،
ۋە بەلكى ھاياتقا نۇر مۇشتۇر قۇياش.
بەزىدە قىشتىنمۇ دەھشەتىرەك باھار،
كالىندار بېتىگە باقماس كۆلكە، ياش.

ھېلىمۇ مۇنەججىم سۆزلەر شۇ پېتى،
قولىدا دۇگىلەك گۈلۈبۇس تۇتۇپ.
چۈشىدە نۇر مۇشتىن جۈيلۈيدۇ تېخى،
قاچاندىن ئۆزگەرمەس ئازگاللدا يېتىپ.

## ئۇ — دۇنيا، ئۇ — ئىنسان...

يۇپۇقلۇق تولپاردىن سىرغىپ چۈشتى شاھ،
تاشلاندى زەر پوتا، مىسران قىلىچ ھەم.
نەلەرگە چۆرۈلدى شاھانە كۇلاھ،
بىر ئادىي يىگىتتەك بولدى شاھ شۇدەم.

دەل شۇ چاغ ئۆزگىچە كۆرۈندى دۇنيا،
مۇشەققەت سوئاللار ئاپقاندەك يېشىم.
تەنتەنە، شۆھرەتلەر كۆپۈكتەك يانا —
يوقالدى، گەدەنلەر بولۇپ ئەۋرىشىم.

جەڭگاھلار قىپقالدى، قىپقالدى قىساس،
بىر قەدەم شارابقا پايلىماي جاھان.
چۇقانلار بېسىقىپ پۇتكەندە تىمتاس،
قۇياشنىڭ تەختىدە چاقنىدى جانان.

ئۇ—دۇنيا، ئۇ—ئىنسان، چىن، گۈزەل ھەم پاك،
ئەقلىدە زەر خەزىنە، ھېسسىي نەۋ باھار.
بەختىنىڭ قۇشىغا مىنەر ھەر غەمناك،
ئۇنىڭدا ئىنسانلىق زەۋقى يالتىرار.

## خىيال

ئۇپۇق بىر زەنجىردەك، ئۇندا يالتىراپ —
كۆكۈلنى جەلپ قىلار سېھىرلىك قۇياش.
ئۇپۇق بىر بوز ئۆيدەك، ئۇندا پارقىراپ —
ئالىپتە بىر كېلىن ئايلاندۇرار باش.

شۇڭا بۇ ئەقلىمۇ ئۇپۇقتا قالدى،
بىلمەيمەن ئۇپۇقنىڭ سىرتىنى پەقەت.
كۆزۈمگە شۇ كېلىن كۆزەينەك سالدى،
ئۆزىدىن ئۆزگىگە ئۆستۈرۈپ نەپرەت.

ئاھ، تونېم قەۋمىمەن، تاقمايمۇ ئۆكە،
ئۇپۇق ھەم بوز ئۆيگە شۇنچە بوپ ئىجىل.
خىيالىم قاچانمۇ ئۇ ئۇپۇقتىن ئۆتە،
ئەيساغا ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىنجىل...

1988 - يىل، 5 - مارت

# ياش دوستلارغا نەسىھەت

ھامىد مەھمۇدى

ھەقنى دوست تۇتقاي جاھاندا ئەقلى بار ھەر بىر كىشى،
ھەق ئۈچۈن قىلماق كۈرەش چىن ئەھلى ۋىجداننىڭ ئىشى.

ھەقنى سۆزلەپ — ھەقنى كۆزلەپ ئال جاھاندا ياخشى نام،
بۇ جاھانغا بىر كېلىپ، ئىككىنچى كەلمەيدۇ كىشى.

بۇ جاھان ياخشى - ياماننىڭ ئىمتىھان مەيداندۇر،
بەلگىلەيدۇ: ئىككىدىن - بىرنى ئۆزۈڭنىڭ قىلمىشى.

كىم ئەگەر ئۆز ئۆمرىنى ئۆتكۈزسە بىھۇدە ئەگەر،
قانچە پۇشمان قىلسىمۇ كەينىگە يانمايدۇ يېشى.

بولمىغىن ياشلىق باھارىڭدا ئېچىلغان ھەپىرەڭ...
بەلكى قارىغايدەك ياشارغىن — كۆكلىگىن يازۇ - قىشى.

سەن ئەدەپ - ئەخلاقنى ئەخلاقسىزلىدىن بەلكى ئۆگەن،
چۈنكى ئۇندىن يىرگىنىپ بول ياخشىلارنىڭ سەپدىشى!

سەن كىشىلەر قەلبىنى دوختۇر كەبى رىنتىگىندە كۆر،
ئالدىراپ بەزمە باھالار يالتىراپ تۇرسا تېشى...

بارمۇ ۋىجدان؟ بارمۇ مەيدان؟! نەچچە چەندان تەكشۈرۈپ،
شەرتى توشقان دوستلۇرۇڭنىڭ بول ھەقىقىي سىردىشى.

دوست بىلەن دۈشمەنلىكگە پەرقلىق نەزەر تاشلا ھامان،
ئالدىنىپ كەتمە ئاسانلا، ئويىنسا قەلەم قېشى...

سەن رەپىق بىرلە زەقىبنى ئايىرى مىڭ ۋاق تۇز بىلەن،
تەگمىسۇن بىر كۈن پىشانەڭگە ئۇنىڭ مىننەت ئېشى.

بەدنىيەت مەلئۇنلىدىن قاچقىن يىراق — مىڭ گەز نېرى،
چۈنكى يۇققاي مىڭ كاساپەت بىر تېگىپ كەتسە پېشى...

سۈرىتى ئادەم يىلانلار تولغىنىپ قىلسا خىرىدىن،
قىلچىمۇ قىلما پىسەنت، يوقتۇر ئۇنىڭكى مىڭ بېشى.

ھەق ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئۆتكەن ئىكەن سادىر بوۋام،
بولدى قۇربان ئۇشبۇ يولدا شائىر «قاينام ئۆركىشى!»

ئاھ، بۇنىڭدەك مىڭلىغان، ئون مىڭلىغانلار ئۆتتىغۇ...
بول شۇلارنىڭ تا ئەزەلدىن - تا ئەبەتلىك يولدىشى!

ئى، ۋەتەن پەرۋانىسى ئەجدادلىغا ۋارىس بولۇپ،
بول ئۇلارنىڭ ئەڭ سۇباتلىق جەڭگىۋار مەسلەكدىشى!

# شېئىرلار

## ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر



ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 1941 - يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجا شەھىرىدە پۈتتۈرۈپ، 1956 - يىلى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى، 1959 - يىلىدىن تارتىپ ھازىرغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە.

ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا شېئىر يېزىشنى باشلىغان، 1956 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا نۇرغۇن شېئىر، داستان، ھېكايە، ئىلمىي ماقالە ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى، يېقىندا «ئۈمىد چېچەكلىرى»، «دەريا ۋە بۇلاق» ناملىق ئىككى توپلىمى نەشر قىلىندى.

### شېرىن خىياللىرىم

ئاھ، مېنىڭ قاناتلىق
«شېرىن» خىياللىرىم.
كېزىسىلەر ئۇچقۇر شامالدەك
بىر پەستە بىپايان ئالەمنى.

لەززەتلىك،
گۈزەل غايىلەر
مەست قىلىدۇ ئادەمنى،
يىراق بولمىغاچ ئەقىل - ئىرادە
بوپقالىدىكەنلار «قول يەتمەس شاپتۇل».

ئاھ، شېرىن خىياللىرىم،
شېرىن خىياللىرىم،
گويا ئالدامچى سەتەڭلەردەك
قىلىسىلەر ھامان مېنى گول.

### ئەخلەت ساندۇقىدىكى موما

بىر يىگىت، قولىدا ئاپئاق موما،
بىر چىشلەپ، ئىككى چىشلەپ كېلەر ئىدى.
نېمىشقىدۇر، (زېرىكتى بەلكىم)
تاشلىۋەتتى شۇنچە مىزىلىك
بىرنەچچە چىشلەپ مومىنى.

ئاپئاق موما،
قالدى ئەخلەت ساندۇقىدا خارلىنىپ.
ئاھ، دېدىم بۇ ھالغا ئېچىنىپ.
يۈرمىگەنمىدۇق بىر چاغلار
بىر چىشلەم مومىغا زارلىنىپ.

### قۇشقاچلار نېمە بىلسۇن ...

قار ياغار بىر خىلدا، ئۆيۈمدە جىمجىت
ئولتۇرۇپ تەنھا خىيال سۈرىمەن.
تالادا قۇشقاچلار تىنماي ۋىچىرلاپ
قېرىشىپ ھېچ ئارام بەرمەيدۇ شۇدەم.

«قۇشقاچلار نېمە بىلسۇن مېنىڭ قەلبىمنى
ئۇنىڭغا بولسا بەس قۇرت - قوڭغۇز، يەم...»
دەيمەن پىچىرلاپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم
«ئۇ تىناسىز پەرزەندە، مەن بولسام ئادەم»

### سېغىن كالىنىڭ سۆزى

«تايىنى يوق سۈتىنىڭ نەس كالا بۇ»
دەپ ئىگىسى دۇمبالىدى كالىنى.
دېدى كالا بويۇن تولغاپ ھومىيىپ
«ئويلاپ باققىن ماڭا بەردىڭ نېمىنى؟

قوناق شېخى تاشلاپ بېرىپ كەچكىچە
كۆزلىدىڭسەن چېلەكلەپ سۈت ئالماقنى.
كۆزلىدىڭسەن «چىققىم قىلماي» سۈت سېتىپ
بۇ مەلىدە كۆرۈنگەن باي بولماقنى ...»

ئاڭلىغاندا كالىنىڭ شۇ سۆزىنى
«خوجايىن»نىڭ قالدى تىلى تۇتۇلۇپ.
يەم بەرمىسەڭ كالاڭغىمۇ ھەتتاكى
كېتەلەيسەن مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلۇپ.

## مەرۋايىتمۇ سىنايدۇ ئەرنى

هەر سەھەردە قولۋاقتا چۈشۈپ
چىقىسەن دېڭىزغا مەرۋايىت ئىزلەپ.
چۈشەلمىگەچ دېڭىز قەرىگە
قولۇڭ قورۇق، چېكىسەن ھەسرەت.

جانان نەدە جاندىن كەچمىسەڭ،
چۈش دېڭىزغا قورقماي لەھەڭدىن.
مەرۋايىت دەر: «جاپا چەكمىسەڭ،
ئۈز بىر يولى ئۈمىدنى مەندىن.»

مەرۋايىتمۇ سىنايدۇ ئەرنى
ئاڭا كېرەك قورقماس شىر يىگىت.
بول تىرىشىپ غەۋۋاسلار پىرى
شۇندا كۈلۈپ باقار مەرۋايىت.

## كېسەل يوقلاش

مېھرۇ ۋاپا، ئىنسانچىلىق خىسلىتى،
يۈرىكىمنى يالقۇنلاتتى باشقىچە.
يوقلاپ كەپتۇ كېسەل ياتقان دادامنى،
يەتتە ياشتىن تارتىپ يەتمىش ياشقىچە.

قوللىرىدا مېۋە - چېۋە، تائاملار،
يوقلاپ كەپتۇ چىن كۆڭلىنى ئىزھارلاپ.
كۆز ياش قىلار دادام شۇ دەم ئۆمچىيىپ،
رەھمەت ئېيتىپ، نېمىندۇر پىچىرلاپ.

ئەمەس ئىكەن كېسەل يوقلاش كىچىك ئىش،
كېسەل ئۈچۈن روھىي شىپا دورىكەن.
يوقلىمىغان كېسەللەرنى ئويلىسام،
سانجىلغاندەك بولۇر دىلغا بىر تىكەن.

## كۆڭۈل رەنجىش

« بىر ئاي بولدى بالنىتسىدا ياتقىلى،
تاغاڭ يوقلاپ بىرەر قېتىم كەلمىدى.
پۇللا بولسا بولىدىكەن ئۇنىڭغا،
بىرەر قېتىم ھالىمىغمۇ يەتمىدى ...»

دېدى تاغام قاتتىق رەنجىپ تاغامدىن،
بەكمۇ يامان ئىكەن كۆڭۈل رەنجىگەن.

پۇل دېگەنگۇ تېپىلاركەن ئادەمگە،
بىراق كۆڭۈل تېپىلماسكەن پۇل بىلەن.

## دېرىزە مېھرى

(بىر كېسەلنىڭ خىيالى)

ئاھ، يالتىراق مېنىڭ دېرىزەم،
سەن ھەمرىيىم، سىرداشىم ھەردەم.

بىمارمەن بالنىتسا، كۆزلىرىمدە سەن،
ئۇچقۇر خىياللىرىم كۆكسۆكنى كېزەر.
بىغۇبار، كۆپكۆك، تىنىق ھۆسنىڭدىن،
كۆرىمەن قۇياشنى ھەر تاڭ، ھەر سەھەر.

كېچىسى سەن بىلەن ساھىپ جامالدەك،
نۇرلۇق ئاي چېھرىسى كۆزۈمدە ئايان.
يۇلتۇزلار ئاچقاندا قۇچاقلىرىنى،
سېزىمەن قەلبىمدە باشقىچە دەرمان.

پايانسىز ئالەمنى كۆرىمەن سەندىن،
قوزغايسەن قەلبىمدە يېڭى بىر ھەۋەس.
ھاياتقا تەلپۈنۈپ سەبى بوۋاقتەك،
ئۈمىد باھارىدىن ئالىمەن نەپەس.

ئاھ، يالتىراق مېنىڭ دېرىزەم،
سەن ھەمرىيىم، سىرداشىم ھەر دەم.

## ئۆرۈك ھەققىدە

تاغام دېدى: — بۇ قوغۇن ئوغلۇم،
بەك تاتلىقكەن، ئۆرۈكى قېنى؟
— سوراپ قالدىڭ نېمىشقا دېسەم،
دېدى: — ئاسراپ تېرىيمەن ئۇنى.

لاۋزا بولسا دەمدۇ شۇ گەپنى،
ئۆرۈكنىڭ نېمە ھاجىتى؟
ئىجادىڭمۇ تېرىلار دىلغا،
شۇ قوغۇندەك بولسا شەربىتى.

## پارچە

قوغۇننى بىر پۇراپلا دېسە تاتلىق،
بولسىلا ئادەم دېسە «ئادەم» ئاتلىق.
قارىساڭ بەك چىرايلىق تەقى - تۇرقى،
ۋە لېكىن ئىچى قارا، زەھەر قاتلىق.

1986 - 1987 - يىللار، ئۈرۈمچى

# ئىلتىجا

## ۋارىسجان تۇردى

(مۆتىۋەر شائىرىمىز ئابدۇكېرىم خوجايۇپقا بېغىشلايمەن)

بىر كۈنى باردىم كېسەل دوستۇمنى يوقلاپ، ئەنسىرەپ،
ھالىنى كۆردۈم، چېكەمدىن چىقتى تەرلەر تەپچىرەپ.

ئۇ ياتار رەڭگى سامانندەك سارغىيىپ، چوڭ-چوڭ تىنىپ،
ئاھ! دېدىم كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى يامغۇردەك تېمىپ.

تەلمۈرۈپ دوختۇرغا باقتىم، بىر ئۈمىد بىرلە شۇئان.
ئۇ مېنى باشلاپ تالاغا، قەلبىمنى قىلدى ئايان:

«مەنمۇ سىزدەك غەمدىمەن، كۆڭلۈم جاراھەت، چاك» دېدى،
«بۇ كېسەلگە ھېچ داۋا يوق، چۈنكى كېسەل راك» دېدى.

تەنلىرىم كەتتى جۇغۇلداپ، ئۆرتىنىپ كۆيدى جىگەر،
نە ئۈچۈن دوستۇمغا چاپلاشتى، دېدىم، بۇ خىل خەتەر.

قانچە ئېسىل دوست يارانلار بۇ كېسەلنىڭ دەستىدىن،
سۇندى، قايرىلدى قاناتى ئايرىلىپ يار ۋەسلىدىن.

ئىلتىجا قىلدىم شۇ چاغ مەن مەرىپەت-پەن ئەھلىگە،
يوقمىدۇ ھېچ چارە-تەدبىر بۇ كېسەلنىڭ خەۋپىگە؟

تىلسىماتنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى ھېكمەت ئاچقۇچى،
تۇرسا قۇدرەتلىك ئىلىم-پەن ئالەم سىرىنى تاپقۇسى.

ئايغا چىقتۇق، كائىناتتا كەشپىيات سانسىز، بىراق،
نە ئۈچۈن راك زۇلمىدىن بىز تارتىمىز دەردۇ-پىراق؟

ئىلمۇ-پەن ئالىملىرى، ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ يۇلتۇزى،
كۆز تىكەر سىزگە زامان ئەھلى كېچە-يۇ-كۈندۈزى.

ئىلتىجا ئەيلەيدۇ قەلبىم، راك كېسىلى دەستىدىن —
قۇتقۇزۇپ ئىنسانىيەتنى قالسىڭىز شۇم قەستىدىن.

# ئىككى شېئىر

غوپۇر ئۇەەر

## نەۋرەم ئالدىدا

كۆردۈمەن، تۇنۇگۇنكى بوۋىقىمنىڭ،
مانا بۈگۈن، قوچىقىدا ئەركە بوۋاق.
مۇشكۇلدە پىتقان بىلەن، شادلىقتا مەست،
ۋاي ئىست! باشلىرىمغا كىرىپتۇ ئاق.

كۈلىدۇ، ئوماق نەۋرەم، تەلپۈنىدۇ،
تەلمۈرىدۇ، كۆزلىرىدە تۈمەن سوراق.
دەرىمكىن بىر كۈنلەردە ۋارقىراپ ئۇ:—
بىز ئۈچۈن قانداق ئىشلار قىلدىڭ دەپپاق؟

چۆلغىدى غەمسىز باشنى كۈرمىڭ خىيال،
سوئالنىڭ دەرياسىغا پېتىپ قالدىم.
ئەل - يۇرتقا، ئەۋلادىمغا نەسىۋەم يوق،
نەۋرەمنىڭ ئالدىدا داڭ قېتىپ قالدىم.

## خان دەيمەن سېنى

خان دەيمەن جانانىم، سېنى ھەر قاچان،
بۇۋامىمۇ، موماىنى ئاتىغان شۇنداق.
قەدرىڭگە يەتمىسەم مۇبادا سېنىڭ،
ئەۋلادىم يۈزىگە قارايمەن قانداق؟

خان دەيمەن جانانىم، تەڭرى تاغىمۇ خان،
قويۇلغان ئىكەن تەڭ، بۇ، مۇبارەك نام.
سۆيىمەن ئامرىقىم، قانمايمەن ساڭا،
سەن بۇغدا كۆلدەك پاك بىر ئالتۇن جام.

خان دەيمەن جانانىم، ئارامى جانىم،
تۈنلەردە ئاي ئۈزۈك، كۈندۈزى قۇياش.
ھاياتىم رىشتىسى باغلانغان ساڭا،
ئېيتقىنا مۇمكىنمۇ؟ سېنىڭسىز ياشاش.

# ئەقىللىق ۋەزىر

(چۆچەك)

ئوسمان قادىر

بار ئىكەن - يوق ئىكەن، زامانلارنىڭ زامانىسىدا ئۆزىنى شاھلارنىڭ شاھى دەپ ئاتىۋالغان، قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنىقى بولمىسىمۇ، مەرىپەت مۇتىۋەرلىرىدىن ئابروي-ئاتاق ئالىشىپ، ئۆزىنى بىلىملىك ھېسابلايدىغان بىر كۆرەڭ پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن.

بۇ پادىشاھ دائىم خىيالىغا كەلگەن سوئاللارنى كىشىلەردىن سوراپ كۆرىدىكەن، ئەگەر ئۆز سوئالىغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالمىسا، جاۋاب بەرگۈچىلەرنى جازالاپ زىندانغا تاشلايدىكەن. كۈنلەردىن - كۈنلەر ئۆتۈپ، پادىشاھنىڭ خىيالىغا «تۇرمۇشنىڭ لەززىتى نېمە؟» دېگەن سوئال كەپقاپتۇ. شاھ ئوردىسىدىكى ئەمەلدار - ئۆلىمالار بۇ سوئالغا ئۆزلىرى بىلگەنچە جاۋاب بېرىپ: «شەۋكەتلىك شاھ بولۇش؛ راھەت - ھالاۋەت كۆرۈش؛ سەيلى - ساياھەت قىلىش؛ ئوۋ-شىكارغا چىقىش؛ بەزمە - تاماشا قىلىش» دېيىشىپتۇ. لېكىن، بۇ جاۋابلارغا پادىشاھ ئانچە قانائەت قىلماپتۇ.

شاھنىڭ بىر ئۇلۇغ قول ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ پادىشاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشتە ئادىل، شاھقا ئەقىل كۆرسىتىشتە دادىل، ئەقىل - پاراسەتتە كامالغا يەتكەن، كۆپ ئويلاپ، ئاز سۆزلەيدىغان دانا زات ئىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ھېلىقى سوئالنى شۇ ۋەزىردىن سوراپتۇ. ۋەزىر:

—خوش، كېرەملىك شاھىم، مېنىڭ قارىشىمچە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى،—«يېمەك، ئىچمەك ھەم چىشماق»—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپتۇ.

—جاللات!—دەپ توۋلاپتۇ شاھ. ئالتە جال-

لات جان ئالىدىغان جەبرائىلدەك تەق بوپتۇ.

—ئەدەپ - دىيانەتسىز بۇ ۋەزىرنى زىندانغا تاشلانسۇن!!!—دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ.

ۋەزىر زىنداندا بىر مەزگىل ياتقاندىن كېيىن، پادىشاھقا بىر پارچە خەت چىقىرىپتۇ. خېتىدە: «كىبرەملىك شاھىم، مەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپتىمەن، مېنىڭ گۇناھىمدىن كەچسىلە»—دەپ يېزىپتۇ. «تەكەببۇر» ۋەزىرنىڭ بۇ ئىقرارىنى كۆرۈپ، شاھنىڭ سەل رەھمى كەپتۇ - دە، ۋەزىرنى زىنداندىن چىقىرىپ يەنە ئۆز ئەمەلىگە قويۇپتۇ، بىگۇناھ ھالدا زىنداندا ياتقىنىغا قايىل بولمىغان ۋەزىر ئۆز جاۋابىنىڭ توغرىلىقىنى بىر ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشنى ئويلاپلا يۈرۈپتۇ، شۇڭا، بىر كۈنى ئۇ، شەھەر سىرتىدىكى ناھايىتى مەنزىرىلىك جايدا شاھ شەرىپىگە كاتتا سەيلى ئويۇشتۇرۇپتۇ، چايدىن كېيىن يېڭى سويۇلغان قوي گۆشى شورپا، كاۋاپ تارتىلىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا پىشىپ ۋاھىغا يەتكەن، تاتلىقلىقتا شەربەتنى تىلىنى يارىدىغان قوغۇن تارتىلىپتۇ. بۇ مەنزىرىلىك جايدىن ئازغىنە يىراقتا ئۆزى تۈزۈك، سۈيى سۈزۈك بىر كۆل بار ئىكەن. كۆلدە شاھ ئۈچۈن مەخسۇس ياسىتىلغان ئاجايىپ كۆركەم بىر كېمە بار ئىكەن. تائامدىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر كېمىگە ئەل - نەغمىچى ۋە ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىسىز كىمكى كېمىنى چەتكە تارتسا كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھنى كۆلدىكى كېمە سەيلىسىگە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنكى سەيلىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا كېمىگە چىقىپتۇ. كېمىچى كېمىنى ھەيدەپ كۆلنى بىر ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىتىپتۇ. نەغمىچىلەر تازا بېرىلىپ ساز قىپتۇ، كېنىزەك قىزلار تازا پەيزى بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ، شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناز قىپتۇ.

بىر چاغدا شاھنىڭ قورسىقى «غولدۇر - غولدۇر» قىلىپ ئاغرىقلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شاھ بارغانسېرى بىئارام بولۇپتۇ، قۇلىقىغا نەغمە - ناۋامۇ كىرمەپتۇ، بۇ نازىنىن كېنىزەكلەرمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەي قاپتۇ. كېمىچىگە «كېمىنى چەتكە تارت!»—دېسە، ئۇ ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقىسىز چەتكە چىقىشقا ھەددى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، قىمىرلىماپتۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئادا تاپتۇرۇشنىڭ غېمىدىلا قالغان شاھ بەكمۇ بىئارام بوپتۇ. كۆل بويىدا ھەممىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ۋەزىر پەقەت شۇ چاغدىلا كېمىچىگە ئىشارەت قىپتۇ، كېمە قىرغاققا كېلىشى بىلەنلا شاھ ئالدىراپ - تېنەپ كىشىلەرنى تۇرتۇپ - ئىتتىرىپ، ئىزا - نومۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ، بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ... قايتىپ كېلىپ، ئوڭ قول ۋەزىرگە گەپ ئاڭلىمىغان كېمىچىلەرنى جازالاشنى بۇيرۇپتۇ.

كىبرەملىك شاھىم، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر مېيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — كېمىچىلەردە گۇناھ يوق، شۇنداق قىلىش ھەققىدە مەن تاپىلىغان. مەقسەت بىر چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ مەندىن سورىغان «تۇرمۇشنىڭ لەززىتى نېمە؟» دېگەن سوئاللىرىغا بۈگۈنكى سەيلىدە ئۆز ھېسسىياتلىرى ئارقىلىق جاۋاب بېرىش ئىدى. ئەمدى مېنىڭ شۇ چاغدا بەرگەن جاۋابىمغا قانائەت ھاسىل قىلالىدىلىمىكىن؟—دەپتۇ. پادىشاھ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ھەقىقەتەن قايىل بوپتۇ.

# شېئىرىيەتتىكى 22 خىل نىزام

شېن شېن

**—يېڭى دەۋر 10 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدىكى دىئالوگلار**

**پولات ھېۋىزۇللا تەرجىمىسى**

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

## 9. قوزغىلىش بىلەن سۈكۈت

ئا: بىراق، سەن ئېيتقان ئاشۇ خىل يېڭى پىكىر ئېقىمى ئاز دېگەندىمۇ مودېرنىزملىق شېئىرىيەت پەيدا قىلغاندىكىدەك تەۋرىنىشنى پەيدا قىلالمىدى.

ب: تەۋرىنىش؟ بۇ يەردە باشقا ئاتالغۇ بىرئاز ماس كېلىدۇ. ئۇنچە قاينام تاشقىنلىق پەيدا قىلالمىدى دېيىش كېرەك.

ئا: ئۇنداقتا تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى شېئىرىيەت ھەرىكىتىچۇ؟ ئۇنىمۇ قاينام تاشقىنلىق دېيىش كېرەكمۇ؟

ب: تيەنئەنمېن شېئىرىيەت ھەرىكىتى يېڭى شېئىرىيەت ئويغىنىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسىدۇر. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ 10 يىللىق تەرەققىياتى مەيدانىنى مەركەز قىلىپ رادىيالسىمان ھالدا تېخىمۇ كەڭ بوشلۇققا يېيىلدى.

ئا: ئوخشىمىغان ئېقىملارغا بۆلۈندى؟

ب: ھازىر شائىرلار توپى ياكى ئوخشىمىغان مەزھەپلەر دەپ قاراشقىلا بولىدۇ. مەزھەپكە ئىزىمنى قوشمىسىلا سەلبىي مەنىگە ياتمايدۇ.

## 10. مەيدان بىلەن مەزھەپ

ئا: يېڭى دەۋر 10 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بىر خىل ئايرىش ئۇسۇلى بار: يەنى «بۆسۈپ چىققان بىر ئەۋلاد»، «ئوتتۇرىدىكى بىر ئەۋلاد»، «يېڭى ئەۋلاد» تەخمىنەن ھەرقايسىسىنىڭ شۆھرەتلىك دەۋرى 3-5 يىل بولىدى. ئۆزگىرىش، ئالمىشىش سۈرئىتى غەرب مودېرنىزمىنىڭ ھەرقايسى ئېقىملىرىنىڭ بىرىككىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولغىنى ھەر خىل ئىزىم ۋە تەشەببۇس، مۇكەممەلچىلىك، تۇرمۇش ئېقىمى، ھازىرقى زامان تەجرىبە

شېئىرىيىتى دېگەنگە ئوخشاشلار ۋە يەنە ئىنكارچىلىق قاتارلىقلار. «يېڭى ئەۋلاد» نىڭ قارشىچە «بوسۇپ چىققان بىر ئەۋلاد» نىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى.

ب: باشقىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى جاكالاپ ئورنىغا دەسسەشتە سەنئەتتە يېتەرلىك ئەسەرلەر ئارقىلىق گەپ قىلسا بولىدۇ! «يۇلتۇزلار» نىڭ خەلق ئارا - يەنى سىنىشىدىن قارىغاندا كىتابخانلار ئارىسىدا تەسىرى زور بولغانلار دەل 80 - يىللىنىڭ ئالدى - كەينىدە شېئىرىيەت سەھنىسىگە چىققان ئاشۇ بىر تۈركۈم شائىرلاردۇر.① شۇنداقلا ھازىرقى ئىجادىيەت ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا ئۇلار يەنىلا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە. ئىزلىنىشتىكى جاسارىتى ئاجىزلاپ قالغىنى يوق. شۇڭا مەن رايون خاراكتېرلىك ئېقىملارغا بۆلۈشكە مايىلمەن. مەسىلەن، بېيجىڭ شائىرلىرى توپى، غەربىي رايون چېگرا شائىرلىرى توپى، باشۇ شائىرلىرى توپى …

ئا: سېنىڭكىدەك بۆلۈش بولار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە گۇەنىدۇڭ شېئىر ئېقىمى، سىرىق توپىلىق شېئىر ئېقىمى. جەنۇبىي شېئىر ئېقىمى… بۇ خىل رايون خاراكتېرلىك ئايرىش ئېقىمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدىن: 1. ئورتاق بىر ئىستېتىك ئىنتىلىش؛ 2. تەسىرگە ئىگە ۋەكىللىك خاراكتېردىكى شائىر ۋە ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەر؛ 3. نىسبىي تۇراقلىق كىتابخانلار توپى قاتارلىقلاردىن ئايرىلغان. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «يۇلتۇزلار» شېئىرىيەت ژۇرنىلىنىڭ ئېقىملارغا مەخسۇس ئاچرىتىلغان سانىدا تور ئەمەس، بەلكى ئېقىملار مەۋجۇت: ئەنئەنىچىلەر، تۇرمۇش ئېقىمى، ئىزلىنىش ئېقىمى، يەنە بولار بىر قەدەر ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن.

ب: بۇ ئىككى خىل ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە ئېيتقاندا ئەمەلىيەتتە ھەممىسى بىر تۈركۈم مەزھەپلەر. زادى 10 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي ئېقىم نېمە؟ تىيەنئەنمېن مەيدانىدىن باشلانغان يېڭى شېئىرىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى نىمە؟

**11. ئۇيۇشما بىلەن ئاساسىي ئېقىم**

ئا: ئەلۋەتتە، شائىرلار تۈركۈمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېڭى دەۋر 10 يىللىق شېئىرىيەت ھەرىكىتىگە تەسىر قىلغان ئىككى شېئىرىيەت تۈركۈمى بار. بىرى دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شېئىرىيەت سەھنىسىدە جانلانغان. 57 -

① بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى ئۆتكەن يىلى «يۇلتۇزلار» شېئىرىيەت ژۇرنىلى كىتابخانلارنىڭ تاشلىغان چەكلىرىنىڭ ئاز كۆپلۈكىگە ئاساسەن تىزىپ چىققان مۇنۇ ئون شائىردۇر. شۇ تىڭ، بېي داۋ، بوتيەنلىن، ياڭ مۇ، گۇ چېڭ، لي گاڭ، ياڭ لىيەن، يې ئەنپىڭ، جي ياڭخې، يې ۋېنفۇ قاتارلىقلار. — تەرجىمە قىلغۇچىدىن

يىلدىن كېيىن تەدرىجى شېئىرىيەت سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىپ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قايتا شېئىرىيەت سەھنىسىگە چىققان بىر تۈركۈم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش شائىرلار. بۇ 10 يىلدا ئۇلار كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق شېئىرىيەت سەھنىسىدە قەد تىكلەپ مەزمۇت قەدەملىرى بىلەن بۇرۇلۇش پەيدا قىلغۇچى ئىزلىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. يەنە بىر تۈركۈم 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن تۆۋەن قاتلامدىكى تۇرمۇشتا چېنىقىپ چىققان، 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ ئالدى-كەينىدە شېئىرىيەت سەھنىسىگە سەكرەپ چىققان ياش شائىرلاردۇر. ئۇلار شېئىرىيەت سەھنىسىدە 10 يىل جانلاندى. ئۇسلۇبى كۈندىن كۈنگە يېتىلىپ باردى. ھازىرمۇ تەسىرگە ئىگە.

ب: يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشۈڭ كېرەك. بۇ ئىككى تۈركۈم شائىرلارنىڭ ئارىسىدا بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش شائىرلار كىرزىس مەزگىلىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ 10 يىللىق شېئىرىيەت تارىخىدا ئاساسىي ئېقىمنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلاندى.

ئا: شۇنىمۇ كۆرۈشۈڭ كېرەك. تېخىمۇ ياش بولغان بىر تۈركۈم شائىرلار بۇ نىسبى تۇراقلىق ۋەزىيەتكە زىلزىلە بەرمەكتە.

ب: گەپ شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ساھەسىنىڭ بۇ ئىككى تۈركۈم شائىرلارنى ئاساس قىلغان يېڭى دەۋر 10 يىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمغا نىسبەتەن تەتقىقاتىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا. مەن ئوقۇغان ماقالىلەردىن قارىغاندا ئۇلار ياكى مەلۇم شائىر ئۈستىدىكى تەتقىقات بىلەن ياكى مەلۇم بىر قانات (مەسىلەن، «بۈگۈن» چىلەر) ئۈستىدىكى تەتقىقات بىلەنلا چەكلىنىپ ئاساسىي ئېقىمنى يوقىتىپ قويىدى.

ئا: جۇڭگودا نۇرغۇن ئېقىملار مەۋجۇت.

ب: نۇرغۇن ئېقىملار يەنە شەرقتىن غەربكە ئاقىدىغان ئورتاق ھالەتكە ئىگە!

ئا: مېنىڭچە، تۆۋەندىكىلەر ئاز دېگەندە ئاساسىي ئېقىم ھالىتىگە ياتىدۇ: «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى ئىنكار قىلىپ «زور بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن» قاتمال شېئىرىيەت ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىشى، شائىرلارنىڭ «ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش» بىلەن ئەمەلگە ئاشقان سەنئەتتىكى ئويغىنىشنى شەخسنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ھېسسىيات قىممىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشى، شائىرنىڭ مۇستەقىل خاراكتېرى بىلەن مىللىي ئازاب ئېڭىنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە رېئاللىققا نىسبەتەن چوڭقۇر كۆزىتىشى ...

ب: بۇ بۇرۇلۇش دەۋرى، شائىرلار يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەۋردىكىگە ئوخشاش بىرخىل رومانتىزملىق كەيپىياتنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئىدراكى ئويلىنىش

ئىچىدىكى كەيپىياتتادۇر. ئىدراك بىلەن ھېسسىيات ئۆزئارا بىرىكىدۇ ھەم ئۆز-ئارا تولۇقلىنىشىدۇ. بۇ بولۇپمۇ ھازىرقى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە روشەن ئىپادىلەنمەكتە.

## 12. ئىدراك بىلەن ھېسسىيات

ئا: بۇ دەۋر شائىرلىرى «ئىنقىلابىي رومانتىزم» بايرىقى ئاستىدا قەھرىمانى ئىلاھىيلاشتۇرۇش ۋە رېئاللىقنى پەدەزلەش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ھاكاۋۇرلۇق شۇنداقلا فورمىلالاشقان لىرىكا شەكلىنى چۆرۈپ تاشلىدى. مېنىڭچە لىرىكىلىق شېئىرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئەمەس. ئىدراكنىڭ كۈچى، ئالەم ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئىزلىنىش شېئىرنىڭ مەنا چوڭقۇرلۇقى ۋە سىغىمچانلىقىنى ئاشۇردى. ئالەم روھى ئۈستىدىكى ئىزلىنىش، ھايات بىلەن ئۆلۈم ھەققىدىكى تەپەككۇرلەردىن تارتىپ دىن توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ نادىر شېئىرلارنى يېزىشىغا تۈرتكە بولدى. مەسىلەن، مەلۇم بىر شائىر ئىنجىل تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ ئىنجىلنىڭ 64 رەملىك قۇرۇلمىسى ئارقىلىق مۇرەككەپ قاتلاملىق، قۇرۇلمىسى ئېنىق، ھەرىكەتچان، ئۆزگىرىشچان ئاڭ بوشلۇقىنى نامايان قىلغان، ئاپتور ئىنجىلنىڭ ئىچكى ئامىلى ئارقىلىق دۇنيانى چۈشىنىش مەقسىتىگە ئۈتكەن.

ب: سەن سۆزلىگەنچە مەن چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. ئاۋۋال مەن ئىدراكنى ئويلىنىش ئامىلىنىڭ بۇ دەۋر شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئەۋزەل ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن. بىراق شېئىرىيەت ئىلمى بىلەن پەلسەپە ئىلمىنىڭ پەرقى شېئىرىيەتنىڭ مەڭگۈ ھېسسىيات دۇنياسى بولغانلىقىدا، شېئىرىيەت تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ھېسسىيات تارىخىدۇر. ھازىرقى زامان ئېڭىنىڭ شاپائىتى، ئىدراكى ئويلىنىشنىڭ نۇرى شېئىردىكى ھېسسىياتنى كىشىلەرگە يېڭى ئىستېتىك لەززەت بەرگۈزدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لىرىكىنىڭ شەكلى بىلەن ھېسسىيات يەتكۈزۈش شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتتى. ھېسسىياتنى شېئىرىيەتتىن چىقىرىۋېتىپ ئىدراكنى شېئىرنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرماسلىق كېرەك. قەلبنىڭ بىۋاسىتە ئاشكارىلىنىشى بىلەن مەنا جۇغلانمىسىنىڭ غۇۋا يوشۇرۇن بولۇشىنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتلىق، دۇنيانى بىلىشنى ئېلىپ ئېيتايلى، شائىر شېئىر ئارقىلىق دۇنيانى ئىگىلەيدۇ — قەلب قەلبكە خىتاب قىلىدۇ، ھېسسىيات ھېسسىياتقا سۆزلەيدۇ. ئەگەر ئالەم روھى ئارقىلىق بىلىش دۇنيانى پەلسەپە ئارقىلىق چۈشىنىشنى كۆزسەتسە ئۇنداقتا ئۇ پەيلاسوپتۇر. بۇددانومى ياكى ئىنجىل ئارقىلىق دۇنيانى چۈشەنمەكچى بولسا ئۇنداقتا ئۇ خىرىستىئان ياكى بۇددىستۇر. راھىب بولغان كىشى دەرۋەقە پاك-پاكىز، ھېسسىياتسىز بولۇشى كېرەك. گەرچە ئۇنىڭ ئاشۇ

دۇنياسىدا ئاجايىپ - غارايىپ ئىلاھى «تەپەككۇر» بولسىمۇ.

ئا: شېئىر ئىدراكنى ئاساس قىلىدۇ!

ب: شېئىر ھېسسىياتتىن ئۇنۇپ چىقىدۇ.

ئا: پەقەت ئىدراكنى ئاساس قىلغاندا ئىدراكنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە شېئىر ئاندىن چوڭقۇر بولىدۇ.

**13. سىرلىقلىق بىلەن مۇرەككەپلىك**

ئا: چوڭقۇرلۇق دائىم مەلۇم خىل سىرلىقلىق ۋە ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ب: شېئىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى پەلسەپىنىڭ چىگىشلىكىدىن شۇنداقلا دىنىنىڭ سىرلىقلىقىدىن پەرقلىنىدۇ. شېئىرنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى شائىرنىڭ ئۆزگىچە ھايات تەجرىبىسى — چوڭقۇرلۇقىدىن چىقىدۇ.

ئا: رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا تەكشىلىكتىكى نەرسىلەر كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك، چوڭقۇر، كەڭ خاس مەزمۇننىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك.

ب: چوڭقۇر خاس مەزمۇن ئاددىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شائىر تالانتىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئەيچىنىڭ ئېيتقىنىدەك: «پىلە قۇرۇتى پىلە قۇسقاندا يىپەك يولىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان».

**14. قاتلام ۋە بوشلۇق**

ب: بۇ سۆز ئاددىي ھەم ئېنىق، ئەمما ئۇ كىشىلەرگە تەسەۋۋۇرنىڭ بوشلۇق كەڭلىكىنى نامايان قىلغان. ئۇ بەلگىلىك تارىخىي چوڭقۇر ھېسسىياتنى، ئازدۇر - كۆپتۇر قاتلام ۋە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان!

ئا: بۇ پەقەت رېئاللىقنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى خالاس. شۇنداقتىمۇ شۇنى كۆرۈش كېرەككى، پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار بۇ دۇنياغا ۋە بۇ دۇنيادىكى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تىگىرقاش تۇيغۇسىدا بولىدۇ. بۇ خىل تىگىرقاش تۇيغۇسى بىر خىل يۇقىرى قاتلاملىق، ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىشتىكى ئىزلىنىش ئېڭىدۇر. ئۇ رېئاللىقنى ئاساس قىلغان مەۋجۇتلۇق ئېڭى، بىخەتەرلىك ئېڭى، ئاممىۋى ئاڭ قاتارلىقلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىتابخانلارغا بەرگەن بوشلۇق مۇقىمسىز كۆپ نىشانلىق ۋە ئاددىي بولماسلىق، ئېنىق بولماسلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە.

ب: بىراق ئۇ يەنىلا كىتابخانلارغا بىر خىل ھېسسىي كەيپىيات بەخش

ئېتىدۇ. بۇ خىل ھېسسى كەيپىياتنىڭ بەخش ئېتىلىشىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كىتابخانىلارنىڭ ھېسسىيات دۇنياسىدا ماس ھېسسى كەيپىيات قاتلىمىنى تېپىشى كېرەك. شائىر بۇ خىل تىگىرقاش ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ھېسسى كەيپىيات ھالىتىنى ئىگىلىشى كېرەك. شۇنداقلا شېئىردا بۇ خىل ھېسسى كەيپىيات ھالىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇشى ۋە ئىجاد قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانىلارنىڭ قوبۇل قىلىپ ئوخشاش ھېسسى كەيپىيات يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بۇ بىر خىل ئاددىيلاشقان جەريان، خۇددى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىشقا ئوخشاش. تارقاتقۇچى بىلەن قوبۇل قىلغۇچى ئوخشاش بىر قانالغا يۈزلىنىدۇ. خۇددى جۇڭيى دورىلىرىنى قايىنىتىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش: بىر دۆۋە سۆز ئىبارىلەرگە تارىخ، پەلسەپە، دىنى ئېتىقات، رەمنى قوشۇپ بىر داشقازانغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ كىتابخانىلارغا سۇنۇلسا. بۇنىڭدا چوڭقۇر خاس مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ چىقىلى بولسىمۇ، بەھرىلەنگۈچىلەرنىڭ بىردىنبىر ئىنكاسى چۈشىنەلمەسلىك.

ئا: گەپ بەزى كىتابخانىلاردا بۇ خىل «قوبۇل قىلىش قانىلى» نىڭ بولمىغانلىقىدا، بۇ خىل يۇقىرى قاتلاملىق ئاڭ ھەممە ئادەمدە بولىۋەرمەيدۇ. ھەر بىر شېئىرنىڭ ھەممە كىشىلەرگە لەززەت بېغىشلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ب: بۇ ئاممىباپلىق بىلەن نەپىسلىك مەسىلىسىدۇر.

يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى ئىجادىيىتىدە بىر خىل يېڭى ھالەت بارلىققا كەلدى. يەنى بۇ ئاممىباپ گۈزەللىككە ئىنتىلىش.

**15. نەپىسلىك بىلەن قوپاللىق**

ئا: شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بەزى شائىرلار شېئىرلىرىنىڭ تىلىدىكى دەبدەبىلىكنى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇردىكى نازۇكلۇق ۋە نەپىسلىكنى، قاپىيىنىڭ راۋانلىقىنى خاھىشىنىڭ سېھىرلىك شۇنداقلا ئاتاق مەنپەئەتكە قارىتىلماسلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق بولۇپ يۈكسەك نەپىسلىككە ئىنتىلىپ كەلدى. بۇ تۈردىكى شېئىرلار تەدرىجى سالون ئەدەبىياتىغا ئۈستەل ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ بىر خىل رېئاللىقتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش يۈزلىنىشىدە بولدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار تۇرمۇش ئېقىمىنى تەكىتلەپ ئېغىز تىلىنى شېئىرغا ئېلىپ كىردى. ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ماتېرىيال قىلدى. جۈملە قۇراشتۇرۇشتىمۇ مۇزىكىدارلىققا ئېتىبار بەرمىدى. پەقەت قوپال، ئەمما تۇرمۇش پۇراقى بولۇشىنىلا قوغلاشتى.

ب: نەپىسلىك بىلەن قوپاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تالاش تارتىشلار ئەسلىدە سەن-

ئەت تارىخىدىكى مۇھىم ھادىسىدۇر. ئەدەبىياتنىڭ بارغانسېرى ئادەتتىكى كىشىلەر تۇرمۇشىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ ئاممىباپ ئەدەبىياتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىنى توساپ قالغىلى بولمايدۇ. پىرۇزا پەيدا بولۇشىدىنلا ئاممىباپ ئوقۇشلۇق ئىدى. تالىپلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان تاڭ شېئىرلىرى يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە قاۋاقخانا ۋە مەيخانىلاردىكى ئاممىباپ «يۈەن كۇيلىرى»گە ئورۇن بەردى. شۇنداقتىمۇ ئاممىباپلىق ئاممىباپ گۈزەللىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئورپ - ئادەت ئېتنوگرافىيىلىك تەرەپلەردە گۈزەللىك ۋە غەيرىي گۈزەللىك تەرەپلەر بار. خەلق قوشاقلىرىدا نەپىسلىك ياخشىلىق تەرەپلىرى بىلەن چاكىنىلىق تەرەپلەرمۇ بىرگە مەۋجۇت. ھازىر بەزى شائىرلار بويتاق ئەر ۋە تۇل ئاياللارنى، تىللاش - غەيۋەتلەرنى، جىنسىينى ھەتتا ئەپسانىۋى بىمەنە گەپلەرنىمۇ شېئىرغا ئەكىردى. بۇ ئاممىباپ گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى چاكىنىلىق.

ئا: بۇ بەلكىم شېئىر پەقەت قەھرىمانلارنى، مۇكەممەل ئادەمنى يۈزدە - يۈز بولىشىدىكىنى ئىپادىلەشكىلا بولىدۇ، دەپ قاراپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر. بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇ بىر خىل ساختا رېئالىزم! ئادەتتىكى كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش «قابىلىيەتسىز كىشىلەر» نىڭ تەقدىرىگە دىققەت قىلىش ئىلاھى پادىشاھلىقتىن ئادەملەر ئارىسىغا تاشلانغان چوڭ قەدەمدۇر.

ب: قەھرىمانغا تەبىر بېرىۋېتەيلى، بولمىسا بۇ مەسىلىدە سۆزلىشىشىمىز تەس بولىدۇ.

## 16. «قەھرىمان» بىلەن ئادەتتىكى ئادەم

ب: 4- ماي يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ بىر مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسى ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش. «دادۇخې مېنىڭ ئىنىك ئانام» بىر مىسالى. يېڭى دەۋردىكى 10 يىلدا بۇ ئەنئەنە راۋاج تاپتى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ھەتتا تراگېدىيىلىك تەقدىرى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىپادىلەندى. بۇ شېئىرلاردىكى ھەسرەت ئىككى دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قارىتالايدۇ. ئەمما بىر ساختا، قۇرۇق، پوچەك، پۈتۈنلەي مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن «قەھرىمان» ۋە ئاشۇ خىل ئىلاھقا چوقۇنغۇچى ئاڭنى تەنقىد قىلغان چېغىمىزدا غەيرىي قەھرىمانلاشقان خاھىش پەيدا بولدى. بەزى شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىنسان چاكىنا مەخلۇق — ئۇرۇشقاق، ھاراقكەش، بىكار تەلەپ قىلىپ تەسۋىرلەندى. بەزى شائىرلار تېخى بىر شۇنداق بىر توپ، بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ شېئىر يازىمىز دېيىشتى!

ئا: شائىرنىڭ رېئاللىقنى پەدەزلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. غەيرىي قەھرىمانلاشتۇرۇشنىڭ نەرى يامانكەن! ئوبيېكتىپلىقتا بۇلار مەۋجۇت. ئادەم ھەم پەرىشتە، ھەم

ئالۋاستى، ئادەم ھەم ئالىيجاناب، ھەم ئىپلاس.

ب: ياق، بىزنىڭ بۇ مىللىتىمىز قەھرىمانلىققا مۇھتاج بولمىغان مىللەت ئەمەس. ئۇ زور بۇرۇلۇش دەۋرىدە قەھرىمانلىق ھەرىكىتىگە موھتاج. قەھرىمانلىق ئەقىدىگە مۇھتاج. غايىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ. دەرۋەقە، قەھرىماننىڭ ئۆزى ئادەتتىكى ئادەم. ئۇ مول ھېسسىياتقا ئىگە ئادەم.

ئا: ئوبيېكتىپلىقتا رەزىللىك مەۋجۇت، پەسكەشلىك، ۋەھشىيلىك، بىكار تەلەپلىك، شاللاقلىق... نېمىشقا شېئىرنى چىركاۋغا ئوخشىتىپ پەقەت چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ راھىبەنىلا چىركاۋغا كىرگۈزۈش كېرەككەن؟

ب: شېئىر ئەخلەت ساندۇقىنىڭ رولىنى ئۆتىمەسلىكى كېرەك. گەرچە بۇ دۇنيا ئەخلەت ساندۇقىغا مۇھتاج بولسىمۇ.

ئا: كۆز قارىشىڭىزنىڭ تولىمۇ تار ئىكەن. ھازىر ئىستېتىكىدىن باشقا غەيرى ئىستېتىكا ئىلىمىمۇ مەۋجۇت.

### 17. ئىستېتىكا بىلەن غەيرىي ئىستېتىكا

ئا: ھەممىمىز چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىك بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دېيىشىمىز. نېمىشقا شېئىر پەقەت چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىلا سۆزلەيدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئەنئەنىمۇ ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىككە ئېيىبلىنىش ئورنى — ساتىرىك شېئىر ئاتا قىلغان. بۇرژۇئازىيە «رەزىللىك گۈلى» گە (مۇدىرنىزىمنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى بودلېرنىڭ شۇ ناملىق شېئىر توپلىمى — تەرجىمە قىلغۇچىدىن) رۇخسەت قىلىدىكەنۇ، بىز بۇنى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكۈزەلمەسمىزمۇ؟ غەربنىڭ «غەيرىي ئىستېتىكا»سىغا قانداق قارايسەن؟

ب: «رەزىللىك گۈلى» ساختىلىق، يامانلىق، رەزىللىك ئۈستىدىكى تەنقىددۇر. بىزمۇ بۇ خىل تەنقىدكە يول قويىمىز. ئەمما تۇرمۇشتىكى رەزىل ھادىسىلەرنى نامايان قىلىش ھەتتا ئۇنىڭدىن زوقلىنىش سەنئەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدۇر. «غەيرىي ئىستېتىكا» دا مېنىڭ تەتقىقاتىم يېتەرلىك ئەمەس، مېنىڭچە نەزەرىيە ساھەسىمۇ تېخى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىدى. بىراق، بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بايرىقى «غەيرىي ئىستېتىكا» ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن پارلاق سۆزلەردۇر.

ئا: كەڭ قورساق بولغان ياخشى، ئىتمۇ، كۈچۈكمۇ مەۋجۇتقۇ. بۈيۈك شائىرلارمۇ، ئادەتتىكى شائىرلارمۇ مەۋجۇت، «ئىستېتىكىلىق» شائىرلارمۇ، «غەيرىي ئىستېتىكىلىق» شائىرلارمۇ مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟

## ·18 «ئىت» بىلەن «كۈچۈك»

ب: چېخوۋنىڭ ئىتنى كۈچۈك بىلەن سېلىشتۇرۇشى يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل بىلەن جەمئىيەتكە سادا ياڭرىتىشىدۇر. ئەمما بىزنىڭ ئادەتكە ئايلانغان بىر كۆز قارىشىمىز بار. شائىرلارنى بۈيۈك شائىر بىلەن ئادەتتىكى شائىرلارغا بۆلۈۋالىمىز، بۈيۈك شائىر دەپ ئاتالغانلار خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغانلار «مەن» نى ئەمەس، بەلكى «بىز» نى يازىدىغانلار. دەۋر روھى بىلەن زور تېمىلارنى يازىدىغانلار. ئادەتتىكى شائىر دەپ ئاتالغانلار بولسا ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلار، مۇھەببەتنى، تاغ ـ دەريانى، ئاددىي ھەۋەسلەرنى، كىچىك تېمىلارنى يازىدىغانلاردۇر، مەن بۇنداق بۆلۈشكە قوشۇلمايمەن. شائىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تەسىرى زور تېمىلارنى يازغان ـ يازمىغانلىقى، دەۋر روھىغا ۋەكىللىك قىلغان ـ قىلمىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ سەنئەتتە كۆرسەتكەن توھپىسى بىلەن كىتابخانلار قەلبىدىكى ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. «يۇلتۇزلار» باھالاپ چىققان ئەڭ ئالقىشقا ئىگە شائىرلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىغا تىزىلغان شۇتىڭ خانىمنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ زور تەسىرات قالدۇرغىنى مۇھەببەت شېئىرلىرىدۇر!

ئا: شائىرلار بۈيۈك شائىرلار ۋە ئادەتتىكى شائىرلار دەپ بۆلۈنىدۇ. جۇڭگو تارىخىدا زور تەسىرگە ئىگە شائىرلارنىڭ قايسىسى دەۋر روھىغا، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلمىغان؟ چۈيۈەن، لى بەيلەرنى قويۇپ تۇرايلى. ئەي چىڭ ئاشۇنداق ئەمەسمۇ؟! نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چەتئەل شائىرلىرىنىڭ قايسىبىرى بىر مىللەتكە، بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلمىغان؟ توغرا، بىر بۈيۈك شائىرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئەلۋەتتە شەخسىي تىرىشچانلىق ۋە شەخسىي تالانتىنىڭ ئامىلىدىن بولىدۇ. شۇنداقلا مەلۇم مەدەنىيەت مۇھىتىغا موھتاج بولىدۇ، چۇ مەدەنىيىتى بولمىسا چۈيۈەن بولامتى؟ گۈللەنگەن تاڭ مەدەنىيىتى بولمىسا لى، دۇ بولامتى؟ يېڭى دەۋردىكى 10 يىل پەقەت جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدىكى تەييارلىق باسقۇچى، بۇرۇلۇش دەۋرى ۋە قايتا گۈللىنىۋاتقان خۇاشيا مەدەنىيىتى بۇنىڭغا ئوخشاش بۈيۈك شائىرلارنىڭ بۇ دەۋردىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇشىنى ئىستەۋاتىدۇ، چاقىرىۋاتىدۇ.

ب: ئۇنداقتا سەن دەپ باققىن، كىم بۈيۈك شائىر كىم، ئادەتتىكى شائىر؟

ئا: ھازىر تېخى «سەھنىگە چىقمىدى» بىراق مەن ئىشىنىمەن، ھەقىقىي بۈيۈك شائىر رىقابەت ئىچىدىن تاللىنىپ كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇلىدۇ. ئەمما ئاز دېگەندە ئاشۇ كىچىك ئائىلە خاھىشى ئېغىر شائىرلار زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلالمايدۇ.

ب: يۇمران گۈل ـ گىيالارنىمۇ كىشىلەر ياخشى كۆرىدۇ. سەن ئېيتقان «كىـ

چىك ئائىلە خاھىشى» شەكلىدە ئىپادىلىنىپ چىققانلىقى كۆرسىتەمدۇ ياكى مەزمۇندىمۇ؟

### 19. شەكىل بىلەن مەزمۇن

ئا: كىچىك ئائىلە خاھىشى بەزى شائىرلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىكى مەسىلىدۇر. بىراق سەن ئېيتقان شەكىل مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىش زۆرۈر. بەزىلەر شېئىر ئۈستىدە توختالغاندا شەكىل - مەزمۇن دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئىجادىيەتتە نوقۇل گۈزەللىكچىلىك ۋە شەكىلۋازلىقنىڭ مەنبەسى. نەزەرىيە ساھەسىدىمۇ شەكىلدىكى كۆپ خىل قايتىلىنىشقا دىققەت قىلىندى. بۇنداق شەكىلۋازلىق شېئىرىيەتتى تاشقى شەكىلدىكى كۆپ خىللىق ئارقىلىق مەزمۇندىكى پوچەكلىكنى يوشۇرۇپ كەلدى.

ب: يەنە بىر خىل ھادىسىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدۇ. ھەرخىل ھەر شەكىلدىكى خىتابنامە، بايراق، ئىزىم، تەشەببۇسلار ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. بىراق بۇ بايراقلار ئاستىدىكى ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق ئېلان قىلىنغان خىتاپ تەشەببۇسلار بىلەن ئانچە ئىچكى باغلىنىش يوقلۇقىنى كۆرىمىز. مېنىڭچە بۇ خىل شەكىلۋازلىق ـــ قەستەن مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان سىپاگەرچىلىك نەزەرىيەدىكى شەكىلۋازلىقتۇر.

ئا: شەكىلۋازلىقنىڭ يامراپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەب، مېنىڭچە شائىرلارنىڭ تۇرمۇش ئۈستىدىكى كۆزىتىشى، ئويلىنىشى كەمچىل بولدى. تۇرمۇش جۇغلانمىسى ۋە تۇرمۇش كەچۈرمىشى كەمچىل بولدى، شۇڭا مۇھىمى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنى تەكىتلەش كېرەك.

ب: مېنىڭچە بۇ تەھرىر قوشۇنىمىز سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىنى، ياخشى - ناچارنى ئايرىيالماسلىق، قالايمىقان كۆككە كۆتۈرۈشلەرنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مۇھىمى تەھرىرلەرنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز، تەھرىرلەرنىڭ كۆپ كىتاب كۆرۈشىنى تەكىتلىشىمىز كېرەك.

ئا: كۆپ كىتاب كۆرۈش پەقەت نەزەرىيەۋى تەربىيىلىنىش ۋە پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ. لېكىن شەكىلۋازلىقنى پەقەت قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش ئارقىلىقلا يەڭگىلى بولىدۇ. ھازىر ئەركىن شېئىرلار ئەركىن بولۇشتا ئۆز بېشىمچىلىققا يۈزلەندى. مەسىلەن، شېئىر بىلەن نەسرى شېئىرنىڭ چېگرىسى نېمە؟ نەسرى شېئىر بىلەن نەسرنىڭ چېگرىسىچۇ؟

### 20. ئەركىنلىك بىلەن قېلىپ

ب: مېنىڭچە يېڭى شېئىرىيەت ئەركىنرەك بولغىنى ياخشى، يېڭىچە شېئىرىيەت ۋەزىنلىك شېئىرنىڭ قاتتىق قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ تەرەققىي قىلغان. گەرچە بەزىلەر يېڭى شېئىرىيەتنىڭ مەلۇم قېلىپىنى ۋە يېڭىچە ۋەزىنلىك شېئىرنىڭ قېلىپىنى

تاپماقچى بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ھېچكىم بىر يول تېپىپ چىقالمىدى.

ئا: قېلىپ بولمىسا دائىرە شەكىللەنمەيدۇ. گەپنى ئوچۇق ئېيتقاندا، بىر لېرىك نەسىرنى كىچىك ئابزاسلارغا بۆلسە نەسرى شېئىرغا، ئۇنى بىرقۇر بىرقۇردىن مىسرالارغا بۆلسە شېئىرغا، يەنە ئۇنى مىسرالارغا بۆلۈشتە غەلىتىلەشتۈرسە توغرا قاتارغا تىك قاتارنى قوشۇپ ئۇنى يانتۇ - ئەگرىلەشتۈرسە، ھازىرقى زامان تەجرىبە شېئىرىغا ئايلىنىدۇ. سەن «ياق ئۇنداق ئەمەس» دېيەلمەيسەن، چۈنكى سېنىڭ ئۇنىڭ شېئىر ياكى شېئىر ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىدىغان ئۆلچىمىڭ يوق.

ب: مېنىڭچە شېئىرنىڭ قېلىپلىشىشى ئاۋۋال نەزەرىيەدىكى قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش. شېئىر سەنئەتتۇر، سەنئەت مۇقىمسىزدۇر، شېئىرىيەت نەزەرىيىسى پەن، پەن توغرا بولۇشى كېرەك. بەلكى ئۇ ئاۋۋال ئۇقۇمنىڭ ئىلمى. شېئىر دېگەن نېمە؟ لېرىكىلىق ھېسسىيات دېگەن نېمە؟ تەپەككۇر دېگەن نېمە؟... ئۇلارنىڭ چېگرىسى قانداق؟ ئەگەر ھەتتا ئۇقۇممۇ قېلىپلاشمىسا تەبىر ئىلمىلىكتە ئىگە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن نەزەرىيە سىستېمىسى، تەھلىللەپ يىغىنچاقلاپ خۇلاسە چىقىرىش ئىلمىلىككە ئىگە بولالماي قالىدۇ، — لېكىن نۆۋەتتىكى شېئىرىيەت نەزەرىيىمىز ئاساسەن چۇۋالچاق، سۇبيېكتىپ تەسىرات شەكلىدەدۇر. ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى قۇرماي تۇرۇپ يېڭى دەۋر 10 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ چەك ئېلانىغا جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ!

### 21. نەزەرىيە بىلەن ئىجادىيەت

ب: يېڭى دەۋردىكى 10 يىل شېئىرىيەت نەزەرىيىسى جەھەتتە يەنىلا قالتىس ئۇتۇقلۇق بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن شېئىرنىڭ ئەمدى مەلۇم سىياسىي ياكى مەلۇم سىياسەتنىڭ ياللانمىسى بولماسلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شائىرنىڭ «ئۆز» دىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئورنىنى ھەل قىلدى، «چوڭ بىرلىككە كېلىش» نى بۇزۇپ تاشلاپ ھەممە گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىش، بۇلبۇللار بەس - بەستە سايراش ئۈچۈن ياخشى ۋەزىيەت ياراتتى، ۋەھاكازا. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا: شېئىرىيەت كەڭ، ئەركىن زېمىنغا ئىگە بولدى. لېكىن ئەركىن ئىجادىيەتنىڭ زېمىنى نەزەرىيە بەخش ئەتكەن مۇقىم چېگرا ۋە ياخشى - ناچارنى باھالىغىلى بولىدىغان پايدىلىنىش سىستېمىسىغا مۇھتاج. بولمىسا ياخشى - ناچارنىڭ باھالىنىش ئۆلچىمى يوق بولۇپ قېلىپ مۇنازىرىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسى بولماي قالىدۇ. بۇ پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ ئوردىناتى جۇڭگو شېئىرىيىتى بولۇپمۇ، يېڭى شېئىرىيەت تارىخى تەمىنلىگەن ئىستىتىك ئۆلچەم. بۇ پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ ئابىزىسساسى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئېڭىدۇر.

ئا: پايدىلىنىش سىستېمىسىدىن پەقەت بىرى بولسىلا بولمايدۇ. بولمىسا بىر

خەلق ئۇقۇم، بىر خەلق ئىستېتىكىلىق قاراش، بىر خەلق شېئىرىيەت قېلىپىدىكى «چوڭ بىرلىككە كېلىش» بولۇپ قالىدۇ. سەن ئېيتقان ئوردىنات جۇڭگو شېئىرىيىتى تەمىنلىگەن ئىستېتىك ئۆلچەم. مېنىڭچە غەربنىڭ ھەتتا غەرب مودېرنىزمى نېمىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئابزىسسا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئېڭى بولسا بولىۋېرىدۇ.

ب: بۇ بىر ئادەتتىكى ساۋات، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى يارالغاندىن بۇيان ئىككى مەنبەگە بۆلۈندى: بىرى، غەرب مەدەنىيىتى. ئىككىنچىسى شەرق مەدەنىيىتى. ئۇلار تارىختا ئۆز ئارا ئالمىشىش ئېلىپ بېرىپلا قالماي يەنە قارشى تەرەپنىڭكىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلدى. جۇڭگو يېڭى شېئىرىيىتى شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ «4- ماي» دىن كېيىنكى ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى ئاساسىدا راۋاجلانغان، ئەمما ئۇ يەنىلا شەرق مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ كەلدى، ئەلۋەتتە. شەرق مەدەنىيىتىدە بولۇپمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتىدە بار بولغىنى پەقەت بىرلا پايدىلىنىش سىستېمىسى ئەمەس. ئالدىنقى چىن دەۋرىدىلا خىلمۇ خىل ئېقىملار مەۋجۇت ئىدى. مەدەنىيەتكە ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى كۆكزىچىلار بىلەن تەرىقەتچىلەر ئېقىمى بولدى. گەرچە خەن دەۋرىدىن كېيىن كۆكزىچىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ تەرىقەتچى لاۋجۇاڭنىڭ ئىدىيىسى جۇڭگونىڭ ئىدىيە مەدەنىيەت ساھەسىگە تەسىر قىلىپ تۇرماقتا. گەرچە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى دۇنيانى كىچىكلىتىۋەتكەن بولسىمۇ بىراق ئىستېتىك مەنبەدە ھاسىل بولغان قىممەت ئۆلچىمى شۇنداقكى، ئەدەبىيات بولۇپمۇ شېئىرىيەت ماشىنىدىكى «ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىنىدىغان زاپچاس»قا ئوخشاش خالىغان ئورۇنغا ئالماشتۇرۇلسا بولمايدۇ.

ئا: گەرچە شۇنداق بولسىمۇ. مەن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچى، پەقەت بىر خىللا شېئىرىيەت نەزەرىيىسى سىستېمىسى، پەقەت بىرخىللا پايدىلىنىش سىستېمىسى بولماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، رېئالىزم ئاساسىي ئېقىممۇ، ئەمەسمۇ؟ جۇڭگو ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى قايسى ئىزمنى ئاساسىي ئېقىم قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭدا ئوخشاشمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ب: ئەلۋەتتە شۇنداق. ھازىرقى زامان جۇڭگو تۇرمۇشى تۇپرىقىدىن يىلتىز تارتقان، شەرق مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلانغان، دۇنيا سەنئىتىنىڭ ھەر تەرەپتىن كەلگەن شامىلى بىلەن ئۇچراشقان ھالدا شېئىرىيەت گۈلى مەڭگۈ گۈللەپلا قالماستىن، يەنە نەزەرىيە دەرىخىمۇ باراقسانلايدۇ.

ئا: نەزەرىيىدىكى بەس - مۇنازىرىدە ھەر خىل ئېقىملار بولۇشى كېرەك. بىراق ھەر خىل ئېقىملارنىڭ مۇنازىرىسى كەڭ كۆشادە ماس شارائىتقا مۇھتاج.

## 2.2 ماسلىشىش بىلەن كەڭ ـ كۇشادىلىق

ئا: بىراق، قىزىقچىلىق تەرتىپىدە ئېيتقاندا كەڭ كۇشادىلىق ئاسان. ماسلىشىش تەس، كەڭ كۇشادىلىق بولسىلا ھەممەيلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن بەس ـ بەستە سۆزلىشىدۇ. ئۇ چاغدا ماسلىشىش قانداق مەۋجۇت بولالىسۇن؟ ماسلاشقۇچى ـ بىر خىل ئاھاڭ شەكلىدە، كۆپچىلىك ئوخشىمىغان ئاۋازدا تەڭكەش قىلىشتۇر. شۇنىڭ بىلەن تەڭكەش مۇزىكا ماسلىشىشچان ھالدا بارلىققا كېلىدۇ.

ب: بۇ ئىككى كاتېگورىيىدىكى مەسىلە: بىرى ھەر خىل ئوخشىمىغان شېئىرىيەت نەزەرىيىلىرىدە بىر ئاساسىي ئاھاڭ بارمۇ ـ يوق، مەن بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. بۇ ئاساسىي ئاھاڭ دەل شەرق مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان جۇڭگو ھازىرقى زامان شېئىرىيەت نەزەرىيىسىدۇر. ھەر خىل ئېقىملار مۇشۇ ئاساسىي ئاھاڭنىڭ تەڭكەشىدۇر. يەنە بىر مەسىلە مۇنازىرىدىكى سەنئەت دېموكراتىيىسى مەسىلىسى، ئۇ ئۇزۇن مۇددەت شەكىللەنگەن «مۇنتىزىملىق» ئىدىيىنى، «بۇزماسلىق، قۇرماسلىق»تىن ئايرىلالمايدىغان «بيۇروكراتلىق تەلىمات» ئادىتىنى يېڭىشكە مۇھتاج.

ئا: مەن ئىشىنىمەنكى كەلگۈسى 10 يىلدا نەزەرىيە ساھەسى يېڭى دەۋر 10 يىللىق شېئىرىيەت چىقارغان چەك ئېلانىغا جاۋاب بېرىدۇ، كەلگۈسى 10 يىل شېئىرىيەت نەزەرىيىسى تەرەققىي قىلغان پارلاق بىر سەھىپە بولۇپ قالىدۇ.

ب: مەنمۇ شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، شېئىرىيەتنىڭ كەلگۈسى 10 يىلدا شېئىرىيەت نەزەرىيىسى چىقارغان چەك ئېلانىنى قوبۇل قىلىشى جۇڭگو يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدىكى بىر سەھىپىسى بولۇپ قالىدۇ.

### خاتىمە

بىرسى مەندىن: «خاتىرىلىگۈچى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتىدە سەن كىمگە مايىلراق؟» دەپ سورىدى. مەن ئويلانغان ھالدا شۇنداق جاۋاب بەردىم: «ھەر قايسىسىنىڭ ئەقلىدە ئۇيغۇن تەرەپلىرى ھەم بىر تەرەپلىمە تەرەپلىرى بار. شۇڭا بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيمەن». ئۇ كۈلۈپ كەتتى: «سەن بىر نەچچە تاشنى كۆلگە تاشلاپ قويۇپ قاچىدىغان بىرنېمىكەنسەن!». مەنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «تاشنى مەن تاشلىمىغان، مەن پەقەت چەمبەر بولۇپ يېيىلىۋاتقان مەيىن دولقۇنلارنى كۆزىتىۋاتىمەن!» دېدىم.

(«يۇلتۇزلار» شېئىرىيەت ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 12 ـ سانىدىن ئېلىندى)

# ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

## ئىلاھى بۆرە ناخشىلىرى

(شېئىرلار)

ئەخمەتجان ئوسمان

### ھالاكەت غارى

بوغۇزىمدا
تىتىلماقتا زاماننىڭ تورى.
ۋۇجۇدۇمغا كۆمۈلدى،
چىرىپ كەتكەن كارۋان جەسىتى.
كېچە - كۈندۈز،
قۇرۇپ چىقتىم چۈشۈمنى،
سۆڭەكلىرىدە تارىخنىڭ.
مەن،
يارىلانغان ئىلاھى بۆرە،
ۋەھشىيانە ھۇۋلاپ بارىمەن،
ھالاكەتنىڭ غارىدا.

### روبىنسون كروزو

چىقىشىم كېرەك،
ۋۇجۇدىمدىن ئەكس سادانىڭ.
چاقاي ئەمدى پارچە ئەينەكنى —
كۆرسىتەلمەي قالغان سىرىمنى.
ئىزلىشىم كېرەك،
مەن ئىستىگەن ئاشۇ تەگرىنى،
قىلىشقا سەجدە.
يىرتاي تېرەمنى،
ئۆزۈم ئاڭا قالدى سىغالماي،
كىيىۋالاي ئۇپۇقنى.
كېتىشىم كېرەك،
سوئالىمغا سولاپ جاھاننى.
شەيئىلەرنى كۆزىتەي ئەمدى،
گۇمان كۆزىدە.
بۇ زاماننىڭ روبىنسونىمەن،
قۇرۇپ چىقاي
ئارىلىمنى
ئىككىنچى بىر دۇنيا يۈزىدە!

### نېچۈن؟...

نېچۈن؟...
سۇدا ئۈنۈپ چىققاندا ئېسىم،
قالار تەمتىرەپ،
تۇتقان ھالدا سىرلار بىر ھازا،
بارماقلىرىمنى.
نېچۈن؟...
سەكرىگەندە بېلىقلار
تۇيغۇ چىملىقلىرىدا،
يېرىلىدۇ چاراسلاپ
باش سۆڭىكى كېچىنىڭ.
نېچۈن؟...
ھۇۋلاپ چىقار تاڭ ئاتقىچە
جان بۆرىلىرى،
ئۇخلاپ قالسا چۈش
ئىلىنغانچە سۆگەت شېخىغا.
نېچۈن ئۆچمەس ھەسرەت شەپىقى؟

## خاقان

كەلدىم ھۆكىرەپ...
سورىمىغىن كەلدىم قەيەردىن.
خالىغانچە ئاتىغىن مېنى،
بوران دەمسەن
ئەزرائىلنىڭ ئوبرازى ياكى،
باردىم قومۇرۇپ
ئىمزا قويغان دەرەخلەرنىڭنى
كېلىنشىمگە.
بارىمەن يالماپ
خەرىتەڭنى سىزغان سۇلارغا.
نۇرغۇنلىغان پۇتۇم ئاستىدا
يانچىلماقتا تارازىلىرىڭ.
ئارىسىدا بارماقلىرىمنىڭ
تاشلايمەن مىجىپ
مەن كۆرگىنىم كۆرمىسە مېنى،
مەن كۆرمىسەم مېنى كۆرگەننى.
ھېرىپ قالسام،
ئولتۇرىمەن
چېچەكلەردىن ياساپ تەختىمنى.
كېپىنەكلەر
لەشكەرلىرىم.
قۇرماقتىمەن
خاندانلىقىمنى
گۈلدۈرماما، شاماللاردىن...

## جىنايەت

كىرگەندە شەپەق،
كارۋىنىمغا يېقىنلاشقاندا
كۆردۈم ئويغىنىپ
بوغۇزلانغان چۈشۈمنى
ياستۇق ئۈستىدە.
ناخشا ئېيتار دېرىزە،
شامال چالار تومۇرلىرىمنى...

## شەھۋەت بەندىسى

خالتا كوچىغا سۆرەپ چېچەكدىن،
تەڭرى شەھىرىدە
تەگدىم
نومۇسىغا
شېئىرنىڭ!

## زامان دەرياسى

شاقىرايدۇ زامان دەرياسى...
چېقىلماقتا دولقۇنلىرىدا
ئېسىم قولۇقى،
خارابىلىق تېرەن تەكتىدە
ھۆكىرەيدۇ روھىم دىۋىسى.
يۇرەر قوغلاپ ئېزىتقۇسىنى
قېنىم چۆلدە
كارۋانلىرى بەرباتلىقىمنىڭ.
جەسىتىمگە ئالغان يۆگىنىپ
سېرىق زۇلمەت ئەجدىھالىرى.
ياۋايىلارچە ئوينايمەن ئۇسسۇل
ئويغاتقىچە
دولقۇنلارنىڭ ياۋۇز كىشنىشى.

1987 - يىل، دەمەشق.

# يېتىم ناخشىلار

ئىلغارجان سادىق

### يېتىم

بىر ناخشا
ئۇنتۇلغان بىر ناخشا
يالتىرايدۇ كىرپىكىدە جاھانىنىڭ
دومىلىسا ئۇ
مارجانلىققا تېرىۋالار كىم؟

### تەڭرىگە يېزىلغان شېئىر

1

ئېچىۋەت
ئاسمىنىڭنىڭ روجەكلىرىنى
تېپىۋالاي
يۇتتۇرغۇنۇمنى.

2

مەن ياتىمەن بۆشۈكۈڭدە
تەۋرىتىدۇ ئاي

3

مەن ئىزدەيمەن
ئۇپۇقتىن سېنى
سەن ئىزدەيسەن
بۆشۈكتىن مېنى.
ئايرىلىقىمىز كەلمەس غېرىچچە
نېچۈن
ئۇچراشمايمىز تېخىچە.

### سەۋدايى تىنىقلىرى

مەجنۇنمەن
ئايدا كۆڭلۈم كۆلەڭگۈسى
ھەر كېچىلىكى
ئىستەيمەن ئانا
ھېجرىنىڭنى قەبرىلىرىڭدىن

مەجنۇنمەن
ئىدىلىرىم قوڭغۇرىقىنىڭ شاماللار
ئېزىقتۇرار ئېسىمنى
ئالىدىنىمەن ئۆزۈمگە
ئىزلىرىمدا
تەمتىرىگەن سايىلەر
تۇتاشقان
يەردىن - ئاسمانىغىچە.

### ھەقىقەت

كۆرىمەن
نەپەسلىرىڭنى چۈشلىرىمدە
سەن
چۈشلىرىمنىڭ كۆلەڭگۈسى.
شاماللار
تەۋرىتىدۇ ئۇنى
ئەللەي ئېيتىدۇ ناخشىلىرىدا
بۆشۈكۈمنىڭ ئۈستىگە
ئېسىپ قويۇپ
يۇلتۇزنى.

### ئادەملەر

يەر
ئاسمان
چېكىت بولۇپ سىغار مېنىڭ كۆزۈمگە
ئادەملەر
يۈرەر ئۇندا تەمتىرىشىپ
سوئال شەكلىدە.

### كۆلەڭگىدىن ياسالغان يوللار

قالىدۇ
تەسىرى كۆزىنىڭ تۆشۈكلىرىدەك

كۆڭلۈم تەلپۈنۈشى تاپقان چۈشلەر
ۋىچىرلىشىپ ئۇۋا سالار ئۇندا
ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىم
بىر ئۈزۈن كۆلەڭگە.
تۇتاشقان
بۇ گۆردىن ئۇ گۆرگە
چۈشلىرىم
يۈگۈرەيدۇ تىنماي
كۆلەڭگىدىن ياسالغان يولدا

## ئوغرىلانغان چۈش

تاڭ ئوغرىلاپ تىنىقتى قوينىغا
ياپراقلارغا قونغان چۈشۈمنى
قۇياش نۇرلىرى
ھەيرانلىقتا قالدى قارىشىپ
بىر ناخشا
تۆرەلدى ئۇنىڭ نالىلىرىدىن
زامانلارنىڭ تومۇرلىرىدا
ئاشۇ ناخشا
ئاشۇ چۈش

## ماھىيەت

ئاقتۇرىمەن
ھېسلىرىمدىن بىر سېنى
ياش تۆكۈمەن
ئېزىقىشىمدا ئىزلىرىڭغا
چارچاش
ئەللەيلەيدۇ مېنى
ناخشىلىرىڭ
ئالداپ قاچار چۈشۈمنى
ئىسىم
ئىزلەپ بارار سېنى قۇياشتىن.

## گۇگۇم

1

دەپنە قىلدىم
دولقۇنلىرىغا كۆڭلۈمنىڭ
ياشاڭغىراپ تۇرغان گۇگۇمنى
بەلگە قىلدىم يۇلتۇزنى
ئېزىقمىسۇن كارۋانلار.

2

گۇگۇم
ئۆلۈپ تۇرار يىلدا نەچچە رەت
قۇرىمايدۇ نەسلى نېمىشقا.

## بوۋاق

1

بۆشۈكىدە سۆيگۈنىڭ
تەۋرىنىدۇ ئۆمۈر
ئاي
يۇلتۇزلار
ھەسەت قىلار كېچە ئۇيقۇڭغا

2

كۆزلىرىدە ئۆمىدىنىڭ
ئىككى تامچە ياش
بىرى سۆيگۈ
بىرى غەزەپ
ئانا سالار سۇسىكىنى
ھېچ بىلەلمەي
بۇ ياشلارنىڭ قىسمىنى.

## سېغىنىش

ئىزلەيمەن
تۇپرىقىدىن كۈلكىنىڭ
بىر چاغلار
سىڭىپ كەتكەن ناخشاڭنى
قان پۇرىقى
ئۇرۇلىدۇ ئۇندىن
ئۇ
قان يۇتتىمۇ ـ ناخشىمۇ؟
قارچۇقىدا چۈشۈمنىڭ
جىلغىسىدۇ تاڭغىچە
تىرنىك
يېتىم بىر ناخشا.

1986 - 1987 — يىللار ئۈرۈمچى، تۇرپان

# ئىككى شېئىر

### قۇربان ئەمەت

## رەشىك

جىمجىت كېچە، سۈزۈك كۆلدە كۆرەر ئاي،
جامالىنى، نۇرلار چېچىپ پارقىراپ.
كۈندەشلىكى تۇتۇپ كۆلنىڭ تۇرالماي،
ئاي ئەكسىنى چاچتى ھەر يان پارچىلاپ.

## قاراشلاردا

مېنىڭ كۆزۈم ئىزدەر سەندىن ئۆلگىلەر،
سېنىڭ بولسا ئەيىب تېپىپ ئۆلگۈرەر.

# جەھەننەمدىكى يول

### كېرەمجان سۇلايمان

« توۋا! »
ئۇخلاپ تۈن كېچە،
كۆرۈپتىمەن ئاجايىپ بىر چۈش.
ئېچىلماي تېخى،
ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرسىمۇ،
بېشىمغا،
ئەجەل قۇشى قونغانمىش...
سوت قىلىپ مېنى،
مۇنكىر - نەكىرلار.
دوۋزاققا مەھكۇم قىلغانمىش.
كۆيۈپتىمىشمەن دوۋزاقتا.
بىر كۈنى ئۇندا،
ئىسيان بولغانمىش.
قوشۇلغانمىشمەن،
ئىسيانكارلار قوشۇنى ئارا،
قانلىق جەڭگاھتا،
تەڭرى... ئۆلگەنمىش...

# سۆيگۈ

### ئەسئەت ئەمەت

ئاسمىنىمدا يوقىتى تولۇنئاي،
ئاسمىنىمدا ھەم يۇلتۇز، قۇياش.
ئاسمىنىمدا مېسكىن بۇلۇتلار،
تۇپرىقىمغا تۆكەر ئىدى ياش.

تۇپراقلىرىم ئەمەستى مۇنبەت،
ئۇندا يۇراق چاچمايتتى چېچەك.
جەزىرەمدە ئۇخلايتتى بارخان،
ئۇيقۇقىچە يېيىپ كەڭ ئېتەك.

ئەي سەن تەڭرىم، ئەي مېنىڭ تەڭرىم،
سەن تۇيۇقسىز كىرىپ قوينۇمغا،
قۇياش، ئاي... نى بارچە ھەممىنى،
تىزىپ چىقتىڭ بوشلۇقلىرىمغا.

مەن زۇلمەتلىك تۇمان ئىلكىدىن،
ھالقىپ چىقتىم چەكسىز يۈكسەككە.
بىنا بولدى يېڭى بىر ئالەم،
يوللىرىنى سىزىپ پەلەككە.

# سۆيگۈ قىسسىسى

### تۇرسۇنجان ھاشىم

1

سۆيگۈ چۆلىدە
قارچۇقىڭدىن دومىلىغان ياش
قېتىپ قالدى بەرگىمدە.
كۆزلىرىڭدە ئۆلگەن ئىشىق،
سېھىرلەندى قەلبىمدە.
قۇياش بولدۇڭ
كۆيۈپ كەتتىم تەپتىڭدە.

2

گادايلىقنىڭ چۆلىدە
دومىلىدى كۆزلىرىمدىن ياش.
ئىزلىدىم سېنى
ئاھ
يۈرىكىمنى پارتلاتتى
يۈرىكىڭدىن ئېتىلغان بىر تاش.

# ئىككى شېئىر

### خالمۇرات ئازاد

1

چېگرا كۆزەتچىسى
ئېمە دېيەلىسۇن دەرياغا.

2

ھەر ئىككىمىز
كىيىۇق يېڭى كىيىم.
سەن قارىدىڭ ئەينەككە
مەن ساڭا.

# شېئىرلار

### جېلىل خېلىل

**ئېلتىجا**

ئانا...
جېنىم ئانا!
مەن ئۆلسەم ئەگەر
قىلىپ بەرگىن بۆشۈك تويۇمنى،
قىلمىغىن نەزىر.
ئېلىپ كېتەي
جەننەتكە بالىلىقىمنى.

**يۈرەك**

ئۈن قويىندا يېلىنجار يۈرەك،
قىيا تاشقا يۆلىنىپ غەمكىن.
ئۈچقۇنلىرى ئۇچۇپ بارار تېز
قەلەندەردەك تاپالماي ئەمىن.

تاڭ ئاتاردا كېلىپ بورانلار،
سورۇپ ئويىنار كۈللەرنى سەرسان.
ئۆكسەر قوياش ئىزلەپ يۈرەكنى.
قىيا تاش ھەم كۆتۈرەر پىغان!...

**چېقىلدى ئەقلىم**

كۆز ئالدىمدا كۈلۈپ تۇرسەن،
ۋىسالىڭدۇر شۇنچىلىك يىراق.
ئۇنىلەر شورلۇق نامىڭنى بوران،
ئازابىمغا بولمايسەن ئورتاق.
ئۇچۇپ كەتتى ئىلاھى ئۆتمۈش،
غازاڭلاردىن ئابىدە ياساپ.
پىراقىڭدا چېقىلدى ئەقلىم،
توختىدى ھەم يۈرەك قانسىراپ.

## قۇياش ئۆچتى

دېڭىزىڭدا ئۆچتى زەر قۇياش،
ئورمانلىرىڭ تۆكتى ئاچچىق ياش.
دولقۇنىڭدا سەرسان قولۋىقىم،
ئەمدى قايان ئېلىپ كېتەر باش...

## ئۆلگەن كۈزدىكى سادا

باھار ئىزلەپ كېلىپ دۇنياغا،
قىش باغرىدا يىقىلدىم بىھوش.
قار تەكتىدە مۇزلىدىم بىۋاق،
يۈرىكىمنى ئوۋلاپ كەتتى قوش...

## ...غا

**ئابدۇغاپپار ھەسەنجان**

بارمىدۇ كۆڭلىڭدە جانان مەنكەبى يارىڭ سېنىڭ،
دېمىگىن ھەرگىز ماڭا نە مەن بىلەن كارىڭ سېنىڭ.
ئۇ نېچۈن تۇرغاي چىداپ دەپ ئويلىمامسەن ھەر نەپەس،
مەن ئازاب ئىچرە چۆكەرمەن چەكسە دىل تارىڭ سېنىڭ.
بىر ئۆمۈر ئارماندىمەن كەتسەم جاھاندىن خوشلىشىپ،
كىمگە بەخشەندە ئېتىلگەن بىلمىدىم بارىڭ سېنىڭ.
ياش تۆكەرمەن سەن ئۈچۈن، سەن ياش تۆكەرسەن كىم ئۈچۈن،
سەن نىگارسىز ياشىماسەن بارمۇ ئامال چارىڭ سېنىڭ.

## پەرۋانە

**دولقۇنجان روزى**

پەرۋانە
ئۆزىنى ئۇرار چىراغقا.
بىلسە ئىدى كۆيۈشلىرىدىگە
ئۆزى ئىنتىلگەن ئاشۇ چىراغنىڭ
تۇرغانلىقىنى قىلماستىن پەرۋا...!

## ئاھ، بىچارە دادا

(مىكرو ھېكايە)

**جەلىل مىرەھمەت**

ئايسىز كېچە،

دادام بۈگۈن يەنە ئىككى تاغار بۇغداي ئۆگىتى بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسى بىلەن 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۈگمەنگە ماڭدى. يەنە تۈن قاراڭغۇلۇقى دادامنى ئۆز قوينىغا تارتىماقتا، يۇتماقتا...

ئاھ، بىچارە دادا، سىزنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدا مېڭىشىڭىز، يەنە تۈن قاراڭغۇسىدا قالماسلىقى ئۈچۈن ئىكەن - دە!

## ئويغاندى قۇياش

ئەركىن كېرەم (ئوقۇغۇچى).

تاپالمىدى ئانا ئوغلىنى،
كۆزلىرىدە لىغىرلايتتى ياش.
قاراڭغۇدا تەمتىلەپ مېڭىپ،
دەپ قوياتتى ئوغلىنى «بەگباش»،
كۆزلىرىدە لىغىرلايتتى ياش.
ئاسماندىكى ساناقسىز يۇلتۇز،
كۆز قىساتتى مەسخىرە ئارىلاش.
ئاي مەلىكە تاماشا كۆرۈپ،
سوغاق كۈلۈپ سۈزەر ئىدى قاش،
كۆز قىساتتى مەسخىرە ئارىلاش.
«بەگباش» ئوغۇل نەلەردە تىنەپ،
يۈرىدىغاندۇ يەنە لاغايلاپ؟
نېمە ئۈچۈن مەزلۇم ئانىنى،
قاقشىتىدۇ كۈنلەپ ھەم ئايلاپ؟
يۈرىدىغاندۇ يەنە لاغايلاپ ... ؟!
باش كۆتۈرسە ئويغىنىپ قۇياش،
باشلىناتتى يېڭى بىر ھايات.
مەزلۇم ئانا تېپىپ ئوغلىنى،
خاتىرجەم بوپ كۈلەتتى خۇش-شاد،
باشلىناتتى يېڭى بىر ھايات ...!
تۈن پەردىسى يېپىلغان مەزگىل،
باش كۆتۈردى ئويغىنىپ قوياش.
ھايال ئۆتمەي سۆيىدۇ ئۇنى،
ھەممە جانلىق ھەممە قېرى-ياش،
باش كۆتۈردى ئويغىنىپ قۇياش!

1988-يىل، 17-يانۋار

## بەخت قەدرىنى

(نەسر)

ئابدۇكېرىم ناسىرى

سەن ئىنسانلارنىڭ مېھنەت رومكىسىدىكى ھالاۋەت شارابى، كىشىلەر سېنى بىر ئۆمۈر ئىچىشنى مەقسەت قىلىدۇ. سېنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل مەيدانىدىكى خۇشاللىق تۇغىنى لەپىلدىتەلەيدۇ. سەن ماڭلاي تامچىسى ئىچىدىلا مەۋجۇتلۇق كۈيلىرىنى ياڭرىتالايسەن، ئۆز قەدرىڭنى نازاكەتسىمان تولغاپ، يالقۇنلۇق سېھرى كۈچىڭنىڭ بۈيۈك قارمىقى بىلەن تەشنالىق كۆلچىكى ئىچىدە تېڭىرقاپ ئۈزۈپ يۈرگەن يۈرەك بېلىقلىرىنى ئاجايىپ كارامەت ئىلكىدە ئالدىيالايسەن.

سەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت باغچىسىدىكى ئەڭ ئاخىرى ئېچىلىدىغان ئىستەك غۇنچىسى.

مەن سېنى ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى داللاردا غىل-پال ئۇچرىتىپ قالىمەن. كۆزۈمنى چوڭ ئېچىپ، سېنى نۇرغۇن مەۋجۇت نەرسىلەر ئىچىدىن تونۇپ بولغۇچە غايىپ بولىسەن. مېنىڭ كۆرىدىغىنىم پەقەت سېنىڭ تىترەڭگۈ شولاڭدىن ئىبارەت بولىدۇ.

سەن رىيازەت خاكلىرى بىلەن مۇشەققەت قاتلىرىدىن يۇغۇرۇلۇپ پۈتكەن گىگانت ھەيكەل. مەن ئالدىڭدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ساڭا ئىشتىياقىمدىن سېغىنىشنىڭ ئۈمىدلىك تونىنى كەيدۈرۈۋاتقان، بەستىمدىن بەستىڭگە قامەت ئېلېمېنتلىرىنى ياردەم ئەيلەۋاتقان، شەپقەت يېشىمدىن پۈتكەن دېڭىزىغا، شەپقەت يېشىمدەك يامغۇرىڭنىڭ چۈشۈشىنى ئىلتىجا ئەيلەۋاتقان، مىسكىن سەۋدايى دەرۋىش.

سەن ئىنسانلارنىڭ كېلىچەك ئەينىكىگە چۈشكەن لەززەت شولىسى. بۈيۈك تالانتنىڭ ئۈزۈلمەس ئۈمىدى. مەن سەۋدايى خىيالىنىڭ ئىلكىدە نەپەس باھارىمنى كۈتۈش بىلەن

ئاۋارە بولغان چاغلاردا سەن خەيرخاھلىقتا مەنزىل يولۇمغا ماياك بولسەن، ھېسداشلىقتا مەيلىم كېچىسىدىكى تولۇن ئاي بولسەن، ئەسرارلىقتا كۆكۈمدا سوققان سەلكىن شامال پەرىشتىسى بولالايسەن.

سەن ئىنسانلارنىڭ روھىيەت باغچىسىدىكى ئەڭ ئاخىرى ئېچىلىدىغان ئىستەك غۇنچىسى.

غايىۋى گۈزەللىك ـ رېئال رەزىللىكتىن ئەۋزەل، مەن غايىۋى بىلەن رېئال دېگەن بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ھەسەت ئوقىنى ئېتىپ، دوستلۇق كېلىشىمىدە پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئىگشاپ قالغىنىمدا، ئۆزۈمنى بىر مەيۈسلۈكنىڭ قۇچىقىدا كۆرىمەن. بىچارە ھاياجانلىقىنىڭ سېھرى كۈچىگە تەشەككۈر يوللايمەن.

ئەي بەخت تەڭرىسى، سەن جاپاكەشنىڭ غالىپ يۈرىكى، كۆڭۈل قۇلىقىمنىڭ تۆۋىدىكى نازۇك ئاۋاز، مەن سېنىڭ تەبىئىتىڭ بىلەن ئاقىلانە، روھىڭ بىلەن مەردانە، مۆجىزەڭ بىلەن شەرەپلىك، ھەرىكىتىڭ بىلەن پاك، سەن ماڭا يول بەردىڭ. ئەمدى سەندىن قول تەلەپ قىلىمەن.

سەن تەبىئەتنىڭ ئۆز قۇچىقىدىكى بالىلىرىغا ئاتىغان مۇكاپات سوۋغىسى، پاراغەت قوشىقى، لاتاپەت ئەترىسى. سەن تەبىئەتتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۈركۈتنىڭ تىرناقلىرى ئىچىدىكى خاسىيەتلىك ئولجا. ساڭا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى تەلمۈرگەن قەدەملىرى گۈل تەقدىم ئەيلىگەن بولىدۇ.

مەن سېنى جاپا تېغىنىڭ چوققىسىدىكى بورانلارنىڭ ئارىسىدا، ساداقەت غۇنچىلىرىنىڭ توپلاشقان يىلتىزلىرى ئارىسىدىكى ئۆكسۈش كۈيلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرىدا، بوۋاقلارنىڭ ئىڭراش نالە ـ زارلىرىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان دېڭىز بېتىدىكى ئۈمىد شولىلىرىدا كۆرىمەن.

سەن جەزىبىلىك تومۇرىدا ئاققان كۈيلەرنىڭ ئۆركىشى، شۇڭا سەندىن ھاياتنىڭ ئەندىشىسىنى تەلمۈرۈپ سورايمەن، زىننەتسىز كۆڭلۈم بىلەن ئالقىش ئالقىنىدا تىپىرلايمەن، ئاۋازسىز ناخشىنىڭ تېكىستى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

سەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت باغچىسىدىكى ئەڭ ئاخىرى ئېچىلىدىغان ئىستەك غۇنچىسى.

سەن ھاياتلىق ئوتىدىن كەشتىلەنگەن سوئال بەلگىسى. ئىنسانلار سېنى ئىزدەپ دۇنياغا كېلىدۇ. سېنى ئىزدەپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

سەن ئۆمرى قىسقا كەلگەن زىبانىڭ تەقدىرى ئىنتىلىش ۋەجىدىن زارلىنىسەن، جىمجىتلىق ۋەجىدىن خارلىنىسەن، داۋالغۇش ۋەجىدىن يارىلىنىسەن.

سېنىڭ ئۆمرۈڭ مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ داۋامى. كۈندۈزى قۇياش نۇرى بىلەن روھىي بوۋاقلىرىڭنى ئالداساڭ، كېچىسى ئاي شولىسى بىلەن تەلۋە تەلىپىنى بەزلەيسەن.

سەن گاھ يۇقىرىغا ئۆرلەيسەن، گاھ تۆۋەنگە شۇڭغۇيسەن. مەن نادامەت قەبرىسىنىڭ ئەتراپىغا خاتىرجەملىك سۆيىنى سېپىۋاتقاندا، سەن يېنىك چاكلارغا قېتىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيسەن.

مەن بۇلۇت قوشۇنلىرىغا زوقلىنىپ قارىغاندا سەن بىر ئەسكەرلىك لىباسىنى كىيىپ بەرگ خانەڭگە قاراپ تۆۋەنلەيسەن. شۇنىڭ بىلەن خاتىرەم قاناتلىنىدۇ. غايەم تىياتىر خانىسىدا مەسخۇش ناخشا پەرىشتىسى بولۇپ گەۋدىلىنىسەن. شۇنىڭ بىلەن مەن چۈشۈمدە كۆلەڭگۈگە ئايلىنىمەن. كۆلەڭگەمنىڭ مەنبەسىگە ئەگىشىپ قىسمەت داۋانلىرىدىن ھالقىيمەن.

ئەي بەخت تەڭرىسى!؟.... سەن باھارىم ئاسمىنىدىكى پەزىلەتلىك ئاققۇ، كۆڭلۈم جەزىرىسىدىكى سۆيۈپ تۈگمەيدىغان بۇلاق، خىيالىم تۈنلىرىدىكى ۋەقەسىز ھېكايە، ئۈمىدىم ئورمانلىقىدىكى نازۇك شىۋىرلىق كۈي. تەرسالىق زېمىنىمدىكى ھېسسىيات گۈلزارلىقى .....

ئاچ قوينۇڭنى؟!......

# مايمۇنجاننىڭ يۇرتىغا قايتىشى

## ئابلىكىم باقى

(شۇ ناملىق چۆچەك پوۋېستىدىن پارچە)

### مۇقەددىمە

كىچىك دوستلار، بۇ چۆچەكتە كىچىككىنە مايمۇنجاننىڭ شەھەردىكى هايۋاناتلار باغچىسىدا ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتقانلىقى توغرىسىدىكى هېكايىلەر بايان قىلىندۇ.

مايمۇنجان ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىن جاڭگاللىقتا ئۆزى سىڭلىسى بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندا، ئوۋچىلار سىڭلىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى يارىدار قىلىدۇ. كېيىن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ داۋالىتىپ، هايۋاناتلار باغچىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ هايۋاناتلار باغچىسىدا نۇرغۇن دوستلار بىلەن تونۇشىدۇ ۋە يېڭىچە هايات كەچۈرىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ يۇرتىغا قايتىش يولىدا قەيەردىن قېچىپ كېتىدۇ. يول بويى نۇرغۇن قىزىقارلىق، ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

سىز بۇ هېكايىلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، چوقۇم كىچىك مايمۇنجاننى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى ئويلايسىز. ئەگەر راستىنلا شۇنداق قىلىشنى خالىسىڭىز، مەن سىزگە ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرەي:

«ئالتۇنتاغ تەۋەسي قوغداش رايونى سۈت ئەمگۈچى هايۋاناتلار تەۋەسي باغچىسى خەۋەرلىشىش بۆلۈمى ئارقىلىق دوستۇم مايمۇنجانغا تەگسۇن» دەپ خەت يازسىڭىز بولىدۇ.

### مايمۇنجاننىڭ يۇرتى

مايمۇنجان ئۆزىنىڭ قاچان ۋە قانداق تۇغۇلغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئېسىنى بىلگەندىلا، ئىنتايىن يوغان بىر توپ دەرەخنىڭ تۆت - بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۆتىكىنىڭ ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى؛ ئەتراپتا سانسىزلىغان دەل - دەرەخلەر ۋە هايۋانلار بارلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇ كىچىك سىڭلىسى تۇغۇلغاندىلا، ئۆزىنى ئاپىسى تۇغقانلىقىنى، ئاۋۋال ئاپىسىنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولۇپ، ئاندىن مۇشۇ كۆتەكنىڭ ئىچىدە، بىر يىل بۇرۇن تۇغۇلغانلىقىنى بىلىۋالدى. بىراق ئۇ دادىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتى. پەقەت ئاپىسىغا ئوخشاش ئىككى - ئۈچتىن بالىسى بار بىر توپ مايمۇننى بېشى ۋە بەدىنى يوغان، تۈكلىرى قارامتۇل خۇددى تاراپ قويغاندەك رەتلىك، قاپىقى يامان بىر مايمۇننىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بەكمۇ تەرسا ۋە زومىگەر ئىدى. بارلىق مايمۇنلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئولىشىپ ئۆزىنى ئىسسىتىپ قويۇشقا زورلايتتى. هەتتا مايمۇن بالىلىرىنىمۇ بەدىنىدىكى بۈرگىلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلايتتى. بىراق ئۇ باشقا هايۋانلار ياكى باشقا مايمۇنلار كېلىپ قالسا، ئىنتايىن تېزلىكتە هەممىگە خەۋەر بېرىپ قوغدىنىشقا چاقىراتتى. جىددىي پەيتلەر-

دە بولسا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئېلىشىپ
ئۆز قوۋمىنى ھىمايە قىلاتتى. شۇڭلاشقا بار-
لىق مايمۇنلار ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىتائەت قىلاتتى.
بىر كۈنى مايمۇنجان ئون نەچچە دوستلى-
رى بىلەن بىللە شاخلىرى يەرگىچە ساڭگىلاپ
تۇرغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىدە مۇنچاق
تېرىپ يېگەچ ناخشا ئېيتىپ ئوينىۋاتاتتى. تۇ-
يۇقسىز ھېلىقى چوڭ مايمۇننىڭ يىراقتىن:
— باللار دىققەت! چاپسان سولغا قېچىڭ-
لار، دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ، تېز قېچىڭ-
لار! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
مايمۇنلار قى - چۇ قىلىشىپ ئالاقزادىلىك ئىچى-
دە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.
مايمۇنجان پەسكە ئېگىشىپ، تۈكلىرى پارقىراپ
تۇرغان چوڭ قوڭۇر ئېيىقنىڭ، نۇرسىز كۆزلى-
رىنى چىمچىقلىتىپ دەرەخ شېخىغا ئېسىلىۋاتقان-
لىقىنى كۆردى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇ،
دەرەخنىڭ شېخىنى بىرلا قايرىپ ئۇشتىۋەتتى.
مايمۇنلار يەرگە چۈشۈپ پىتىراپ كەتتى ۋە
ئالمان - تالمان ئۇياق - بۇياقتىكى دەرەخلەرگە
يامىشىشقا باشلىدى. چوڭ مايمۇن كۆزنى يۇ-
مۇپ - ئاچقۇچە بۇ شاخقا سەكرەپ چۈشتى - دە،
ئېيىققا خىرىس قىلىپ چىقىراپ ئېھتىيات بىلەن
قولىنى سوزۇپ تاتىلاشقا تەمشىلىۋاتاتتى. ماي-
مۇنجان ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇراتتى. يېقىن ئەت-
راپتا سەكرەپ چىقىۋالغۇدەك دەرەخ بولمىغاچ-
قا، ئۇ قاياققا قېچىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ
قالغانىدى. ھېلىقى قوڭۇر ئېيىق ۋەھشىلەرچە
ھۆكۈرەپ چوڭ مايمۇنغا ياماشتى. ئۇ كەينىگە
داجىپ ھەم تىرناقلىرىنى ئۇنىڭغا ئىنتايىن تېز
سوزاتتى. ئارقىدىنلا خۇددى سوزۇپ قويۇپ
بەرگەن رېزىنكىدەك ئىتتىك قايتۇرۇپ ئالاتتى.
ئېيىقنىڭ كەينىدە يەنە بىر چىشى ئېيىق، سەل
يىراقتا ئاچلىقتىن غىڭشىپ تۇرغان يەنە بىر
كىچىك ئېيىق خۇددى دادىسى تۇتۇپ بەرگەن

ئولجىنى يېيىشكە تەمشەلگەندەك ئۈمىدۋارلىق بە-
لەن ئاغزىنى تامشىپ مايمۇنغا قاراپ تۇراتتى
مايمۇنجان ئەمدى جىددىيلەشتى. ئۇ «ئېيىققايە،
بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى. يۈ-
رىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئەتراپتى-
كى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن ماي-
مۇن ئولىشىپ ۋارقىرىشاتتى، چىقىرىشاتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئېيىققا ۋەھىم سېلىپ، ئۇنى پەي-
لىدىن ياندۇرماقچى بولاتتى. بىر نەچچە كۈن-
دىن بۇيان ھېچقانداق ئوزۇق تاپالماي ئاچ
قالغان بۇ ئېيىق كۈتۈلمىگەندە بىرەر ماي-مۇن
بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ، بالىسىنىڭ قورسىقىنى توق-
لاشنى نىيەت قىلىپ كۆزى يەتمىسمۇ قاراملىق
قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەندە، تەجرىبىسىز مايمۇن-
جاننىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا يەم
بولۇپ كېتىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلى-
قىدا قالغانىدى. چوڭ قوڭۇر ئېيىق زور ئى-
شەنچ بىلەن ئەتراپىدىكى شاخ - شۇمبىلارنى
قايرىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئەمدى ماي-
مۇنجان بىلەن كەينىگە داجىپ كېلىۋاتقان
چوڭ مايمۇننىڭ ئارىلىقى ئىككى غۇلاچلا قال-
غانىدى. چوڭ مايمۇن ھوشيارلىق بىلەن نەزەر
تاشلاپ دەرھال پىلانىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ چاق-
ماق تېزلىكىدە بىرلا سەكرەپ ئېيىق بالىسىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە چاڭ سال-
دى. قورقىنىدىن قېتىپ قالغان مايمۇنجانغا
ئەمدىلا ئېسىلغان چوڭ ئېيىق، بالىسىنىڭ دەھ-
شەتلىك چىقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال
ئارقىغا بۇرۇلدى. چوڭ مايمۇن گويا «ئەگەر
سەن مېنىڭ بالامغا چېقىلساڭ، مەنمۇ سېنىڭ
بالاڭنىڭ كۆزىنى تاتىلاپ ئويۇۋېتىمەن» دې-
گەندەك قىلاتتى. بالا مېھرى ئاچلىق ئولجىسى-
دىن ئۈستۈن كەلدى. چوڭ ئېيىق خىيالىدا
«ئاۋۋال بالامنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ، ئاندىن بۇ
مايمۇننى تۇتمايمەنمۇ» دەپ ئويلىدى - دە،

ئارقىغا ياندى. يىپقىنلاپ قالغان ئانا ئېيىق بولسا بالىسىنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپلا ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىغانىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە چوڭ مايمۇن پورژىنىدەك بىر سەكرەپ ئېيىق بالىسىنىڭ مۇرىسىگە، ئاندىن توختىماي بىر تاخلاپ دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ھەممە مايمۇنلار:

— مايمۇنجان ئەمدى چاپسان قاچ! تېز ئارقاڭغا بۇرۇل! — دەپ توۋلاشتى. شۇ ئەسنادا مايمۇنجاننىڭ ئانىسى ئېتىلىپ كېلىپ، بالىسىنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئىككى سەكرەپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئالدانغان ئېيىق ئاچچىقىدا ھۆكۈرەيتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قولدىن چىقىرىپ قويغان ئولجىسىغا ھەسرەت بىلەن قارايتتى. مايمۇنلار كۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇلار دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يۇلۇپ:

— ھەي ئاچكۆزلەر، مانا سىلەرگە بۇنى يەڭلار، — دەپ ئاتاتتى. ئېيىقلار گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك ئالدىرىماي كېتىپ قىلىشتى.

چوڭ مايمۇن بولسا مايمۇنجانغا زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئەگەر سەزگۈر بولمىساڭ، جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، چاققان بولمىساڭ دۈشمىنىڭگە يەم بولىسەن، پاراسەتلىك بولمىساڭ، جەڭدە مەغلۇپ بولىسەن، ئىتتىپاق بولمىساڭ تىرە - پىرەڭ بولىسەن!

ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان پاراكەندىچىلىكلەر ئۇلارنى يۈرەكزادە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق تەدبىرلىك ۋە چاققان قىلىپ قويىدى.

قىش كۈنلىرى ئاق قار ۋە كۆك مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان كوئىنلۇن ۋە چىمەن تاغ ياز كۈنلىرىمۇ قىياپىتىنى ئانچە ئۆزگەرتمەيتتى. پەقەت بۇ ئىككى تاغنىڭ قاپتىلىغا جايلاشقان پەس ئويمانلىق — يەنى، ئالتۇنتاغنىڭ ئارقىسىدىكى سىرلىق دۇنيا ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. بۇ يەر ئىنسانىنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن جەننەتتەك چىرايلىق رايون ئىدى. بۇ يەردىكى ئوت - چۆپ، گۈل - گىيالارنىڭ، دەل - دەرەخ، مېۋىزارلىقلارنىڭ ھېسابى چەكسىز ئىدى. تاغدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن زۇمرەت بۇلاقلار كېچىلىرى ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. بۇلاقلاردىن ئېقىپ، ئېقىنلار قوشۇلۇشىدىن زورايغان سۇ ساي - جىلغىلاردىن شىلدىرلاپ، ناخشا - كۈي ياڭرىتىپ پۈتۈن ئالتۇنتاغ تەۋەسىدىكى قوغداش رايونىغا زىننەت قوشاتتى. بۇ شارقىراتما سۇلارنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن ئاياغ قۇم، تاتلىق سۇ، ئېشەكپاتتى قاتارلىق ئون نەچچە كۆل بۇ جەننەتنىڭ سۇ ئامبىرى، جان - جانىۋارلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەئى ئىدى. قاچانلاردۇر، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر سودىگەر سازلىق ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، ئون نەچچە ئېشىكى سازلىققا پېتىپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن شەكىللەنگەن بۇ كۆلگە «ئېشەكپاتتى» دېگەن ئىسىم قويۇلغىنى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇ كۆللەردە قارا بويۇن تۇرنا، ھاڭگىرت، چىل، ئۆدەك، غاز قاتارلىق 50 نەچچە تۈرلۈك قۇشلار ياشايتتى. چوڭ قوڭۇر ئېيىق، بوز بۆكەن، قوش كوكىلىق تۆگە، ياۋا ئېشەك، ياۋا ئات، دۇنيانىڭ قىممەتلىك ھايۋانلار پادىشاھى ياۋا قوتاز قاتارلىقلار ئەنە شۇ كۆللەردىن سۇ ئىچەتتى. دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردەك ئېگىزلىكتە ياشايدىغان ئەركەك بۆكەنلەرنىڭ قىلىچتەك قىيپاچ ۋە ئۇزۇن مۈڭگۈزى كۈن نۇرىدا رەڭگارەڭ جۇلا بېرىپ تۇراتتى. بۇ ماكان — ئەنە شۇلارنىڭ جەننىتى ئىدى. مايمۇنجان بۇ يەرگە قاچان، قانداق قىلىپ كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەمما ھېلىقى چوڭ مايمۇندىن ئەسلى يۇرتىدا ئاجايىپ قىرغىنلار بولغانلىقى، يىرتقۇچلارنىڭ

زۇلمىدىن ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىلىكى ئېشىپ كەتكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئوقيا، قورال ۋە باشقا سايمانلار بىلەن قوراللىنىپ، مايمۇنلارنى تۇتۇپ شەھەرگە ئەپكىرىپ ھەشەمەتلىك سارايلاردا ئۇستەل قىسقۇچىغا قىسىپ قويۇپ، چىقىرتىپ تۇرۇپ مېڭىسىنى يەپ ھۇزۇرلانغانلىقى، شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىنسان ئەزەرى چۈشمىگەن خاتىرجەم ماكان ئىزدەپ پۈتۈن ئەۋلادلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئۇزۇن رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ بەزى - بەزىدە ئەنە شۇنداق ئۇۋچىلارنى يولۇقتۇراتتى. بىراق ئۇلار نېمىشقىدۇر مايمۇنلارغا چېقىلمايتتى. بىر قېتىم مايمۇنجان شۇنداق بىر كارامەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بىر نەچچە ئۇۋچى يىراقتىن ئاجايىپ چىرايلىق بولغان پايپاقلىق چىلنى ئاتتى. پاك قىلىپ چىققان ئاۋازدىن كېيىن بىر چىل تىنىك چۈشتى. ئۇ شۇ ھامان ئۆلگەنىدى. ئەتراپتىكى 20 — 30 چىل مىدىر - سىدىر قىلماستىن قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ لۆمۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن «ھە، قېرىندىشىمىزنى ئۆلتۈردۈڭلار! ئەمدى بىزنىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن غەزەپلىك نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. ئۇۋچىلار ئالدىرىماستىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئېتىپ يىقىتتى. ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ:

— ھە مانا، ئەخمەق چىل دېگەن ئۇۋچىنىڭ تەييار ئولجىسى ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان مۇنداق ئەخمەقلەردىن جاھاندا باشقا بولمىسا كېرەك» — دېدى - دە، ئۇلارنى يۈكۈزلاشقا باشلىدى. قورقۇنچلۇق بۇ ئىشنى كۆرگەن مايمۇنجاننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان مايمۇنلار ھەممىسى نېمىشقىدۇر مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاندىن كېيىن، گويا ئۆزلىرىگىمۇ قانداقتۇر بىر خەۋپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك جىم بولۇشۇپ كەتتى. چوڭ مايمۇن ئادەملەرگە دەرغەزەپ بولۇپ ئالايماقتا ۋە ئەخمەق چىللار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشنىڭ غېمىنى يەۋاتقاندەك غەمكىن ئىدى.

— كۆردۈڭلارمۇ كۆپچىلىك، — دېدى ئۇ مايمۇنلارغا قاراپ بىلىملىك دانىشمەنلەردەك تەلەپپۇز بىلەن، — ئىنسانلار بۇ بىچارىلەرنى قىرغىن قىلدى. ھەتتا ئۆلۈكلىرىگىمۇ ئارام بەرمەيدۇ. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇلارنىڭ ئىختىيارىچە بۇزۇپ - چېچىشىغا، ئۆلتۈرۈپ يېيىشىگە يارالغاندەك ئۇلار ئورمانلارنى بۇزدى، يايلاقلارنى تىلغىدى. كۆللەرنى بۇلغىدى. كۆزگە قادالغان ھەرقانداق جانلىقنى ئۆلتۈردى. ھەتتا پاقا - چېكەتكىلەرنىمۇ تۇتۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇلار مانا شۇنداق ئاچكۆزلۈك بىلەن ھەددىدىن ئاشىدىكەن، كائىناتتىن تۆرەلگەن جانلىقلارنىڭ ئانىسى تەبىئەت ئۇلاردىن چوقۇم ھېساب ئالىدۇ. ئەي، مايمۇنلار، سىلەر ئۆز رەقىبلىرىڭگە نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋە بىھۇدە ئەجەلگە ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدىغان ئەخمەق چىللارنى ھەرگىز دورىماڭلار، ھوشيار بولۇڭلار، سەزگۈر بولۇڭلار، چاققان بولۇڭلار. تەبىئەت ئانىمىز بىزگە بۆلۈپ بەرگەن ھالال نېسىۋىلەرنى ئاسراڭلار. جەننەت ماكانىمىزغا چاڭ سالغان بۇزغۇنچىلاردىن ئۆچ ئېلىڭلار، ئۇلارنى توسۇڭلار. تەبىئەت گۈزەل ھۆسنىنى مەڭگۈ نامايان قىلسۇن.

مايمۇنلار زادىلا ئاڭلىمىغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

### مايمۇنجاننىڭ يالغۇز قېلىشى

تەبىئەت راستىنلا ئۆچىنى ئالدى.

كۆكلەم پەسلى ئىدى. مايمۇنلار جايلاشقان

سايىنىڭ ئىچى تولىمۇ چىرايلىق بېزەلگەنىدى. ھەممە يەر خۇددى يېشىل گىلەم يېيىپ قويغاندەك ياپيېشىللىققا چۆمگەن، ھەممە ھاياتلىق تىرىلىشكە باشلىغان، قۇشلار شادلىق بەزمىسىنى ياڭرىتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ھاۋا بۇزۇلۇپ، قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلاپ، يەر - زېمىننى ئايرىغىلى بولمىغۇدەك قاراڭغۇلۇق باستى. دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىلار گۈلدۈرلەپ، سۈرلۈك چاقماقلار چېقىشقا باشلىدى. مايمۇنلار قورققىنىدىن بىر توپ بولۇشۇپ، چوڭ مايمۇننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىشىپ، ۋەھىمىلىك كۆزلىرىنى ئەتراپقا يۈگۈرتەتتى. چوڭ مايمۇن ئۈمىدسىز ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي، يامان بولدى، دېمىدىممۇ؟ باشقىلار تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن جانلىقلارنىڭ روھى قوزغالدى! چاقماق ئۇلارنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنى، گۈلدۈرماما ئۇلارنىڭ ئىنتىقام ئاۋازى، يامغۇر ئۇلارنىڭ كۆز يېشى، ھەي، بۇ كۆز ياشلىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. «بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەندەك بولغۇلۇق بىزدەكلەرگە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن بىلىدىغان ئاپەتلەر ھەممىسى مۇنداق ھەيۋەتلىك ئەمەستى. قارىغاندا ئەتىلا زور كەلكۈن كېلىدۇ، ئېسىڭلاردا بولسۇن، چوڭ دەرەخلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىڭلار، جېنىمىز ياراتقان ئىگىسىگە ئامانەت!

مايمۇنجان كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. كېچىچە ياغقان يامغۇر باشقا چاغلاردىكىگە ئوخشاشلا ساي ئىچىنى تولدۇرۇپ، سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ئالدىراپ ئاقماقتا. لېكىن بارغانسېرى زورايماقتا. چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن مايمۇنجاننىڭ كۆزى ئەمدىلا ئېلىنغان ئىدى. تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتى. جىرا ئىچىدىن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق سۈرلۈك بىر ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. دەل - دەرەخلەرنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مايمۇنلار چىقىرىشىپ، پىتىراپ كېتىشتى. ساي ئىچىنى توشقۇزۇپ ئېقىپ كەلگەن كەلكۈن دەرەخلەرنى ئۆرۈپ يىقىتىپ، دومىلىتىپ ئېقىتىشقا باشلىغانىدى. مايمۇنجان نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ سۇ ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. بىر چاغدا لەيلەپ چىقىپ تەپەسلىنىۋالدى. يەنە چۆكۈپ كەتتى. يەنە ئاقتى.

مايمۇنجاننىڭ تەلىيى بار ئىكەن. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سۇ سايدىن ئېقىپ تۈزگە چىقتى - دە، بىر ئاز يېيىلىپ ئېقىشقا باشلىدى. مايمۇنجان مەھكەم تۇتۇۋالغان دەرەخ يەرگە تىرىلىپ قالغان يەنە بىر دەرەخكە تاقىشىپ توختاپ قالدى. مايمۇنجان ئېسىلىۋالغان شاخ بولسا ئاسمانغا قاراپ يۇقىرىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىنى كۆزەتتى. بۇ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق مەنزىرە ئىدى. ھەممە نەرسە ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە قوڭغۇر ئېيىقلارنىڭ بېشى، توشقانلارنىڭ پۇتى، بۆكەنلەرنىڭ مۈڭگۈزى كۆرۈنۈپ - كۆرۈنۈپ قالسا، بەزىدە «بىزگىمۇ بەرىبىر ئىدى» دېيىشىپ چۇقۇرۇشۇپ كېتىۋاتقان غاز - ئۆردەكلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مايمۇنجان قانچە كۈن ئاققانلىقىنى، ئېقىپ قەيەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ۋە بۇندىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. سۇ ئاستىلىماقتا ۋە پەسەيمەكتە ئىدى.

مايمۇنجان يىراقتىن بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان تونۇش بىرسىنى كۆرۈپ قالدى. مانا ئۇ ئېقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى تونۇدى ۋە دەرھال قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنى سۈزۈۋالدى. ئۇ ھوشسىز ئىدى. مايمۇن ئۈن سېلىپ يىغلىدى. ئامال قانچە؟ ئاغزىدىن بىر تالاي سۇ ياندىغاندىن

كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى نەپەس ئېلىشقا باشلى-
دى ۋە كۆپ ئۆتمەيلا كـۆزىـنى ئاچتى. ماي-
مۇنجان سىڭلىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ خۇ-
شال بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىرنەچچـە كـۈننى
ئاشۇ دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ ئـۆتكۈزدى.
لەيلەپ كەلگەن نەرسىلەرنى سۈزۈپ ئېلىپ يې-
دى. سۇ بارا - بارا ئازىيىپ كېيىن سىڭىپ كەت-
تى. كۈن چىقىپ ئەتراپنى قىزدۇرۇشـقا باشلى-
غاندا مايمۇنجان سىڭلىسىنى يېتىلەپ بېشى قاي-
غان تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. يول بويى ها-
ياتلىق ئاز، يېشىللىق ئاز ئىدى. پەقەت ئۇچار
قۇشلارلا بىر ياققا قاراپ ئۇچۇشاتتى. مايمۇن-
جان ئاشۇلار ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تەرەپـكە قا-
راپ ماڭدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېـيىن، ئۇلار ساي ئى-
چى يوغان - يوغان قورام تاشلارغا ۋە دەرەخ
كۆتەكلىرىگە تولغان، ئىككى يوتىسى ئانچە زى-
ياندا ئۇچرىمىغان بىر جىبراغا كەلدى - دە، قې-
لىن ئورمان ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئـۆزى-
نىڭ چوڭ بولغان چـىرايـلىق ماكانى ۋە ئۇ-
رۇق - تۇغقانلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئىـزلەپ
بېقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئامال بولمىدى. پە-
قەت يىراقتىكى ئاقباش كوئىنلۇن تېغىغى ئۇ-
نىڭ يەنىلا ئۆز ماكانى ئالتۇنتاغدا ئىكەنلىكى-
نى ئىسپاتلايتتى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى.

بىر كۈنى سەھەردە مايمۇنجان چۆچۈپ ئويـ-
غىنىپ كەتتى. دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۆت ئادەم
پەچىرلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قولـلىرىـدا ئۇزۇن
ھەم قوپال قورااللار بار ئىـدى. شەك - شۈب-
ھىسىزكى ئۇلار ئوۋچىلار ئىدى. ئەجىبا، شۇن-
چە دەھشەت كەلكۈن ھەممە نەرسىنى ۋەيـران
قىلدى. تەبىئەتنى تەڭشىگەن بۇ ئاپەت نېمىش-
قا بۇلارنى ئېقىتىپ كەتمىگەندۇ - ھە؟ مايمۇن-
جان، ئادەملەرنىڭ بۇ ئاپەتتىن خـۇشاللىنىـپ
كەلكۈننى سۇ ئامبىرىـغا قاچـىلاپ يەنە پالانى
يىللاپ سۇ خاتىرجەملىكىگە ئېـرىشـىپ، ئوۋغا
چىققان شەھەرلىك ئەزىمەتلەر ئىكەنلىكىنى نە-
دىن بىلسۇن؟

مايمۇنجان سىڭلىسىنى ئويغاتتى - دە، دەر-
ھال ئۆرلەپ قېچىشقا باشلىدى. شىلدىرلىغان ئا-
ۋاز ئوۋچىلارنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى. مايـمۇن-
جان سەكرەپ بىر دەرەخقە چىقىۋالدى. سىڭ-
لىسى بىر شاخقا ئېسىلىپ پۇلاڭشىۋاتقاندا «پاڭ»
قىلغان ئاۋاز چىقتى. سىڭلىسى يەرگە چۈشۈپ
كەتتى. يەنە بىر ئوۋچى مايمۇنجانغا قارىـتىپ
ئوق ئاتتى. مىلتىق ئاۋازى پۈتۈن ساي ئىچى-
دە ئەكس سادا ياڭراتتى. مايمۇنجان مۆكۈۋې-
لىپ تۆۋەنگە قارىدى. سىڭلىسىنىڭ بىـلىكىدىن
قان چىقىۋاتاتتى. ئۇ يىغلايتتى، تىپچەكلەيت-
تى. يۇلغۇنۇپ قېچىشـقا ئۇرۇناتـتى. ئادەملەر
قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ئۇنى باغلاپ قويدى. شۇ-
نىسى قىزىق، ئوۋچىلار ئۇنى چىلنى ئۆلتۈر-
گەندەك ئۆلتۈرۈپ تاشلىمىدى. ئەكسىچـە ئۇ-
نىڭ بىلىكىگە قانداقتۇر دورىلارنى سـۈركەپ،
داكا بىلەن تېڭىپ قويدى. ئاندىن كۆتۈرۈپ،
سۆرەپ دېگەندەك ئېلىپ ماڭدى. مايـمۇنـجان
ئۇلارغا ئەگىشىپ سايدىن چۈشتى. ئۇنىڭ پۈ-
تۈن پىكىر - خىيالى سىڭلىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋې-
لىش ئىدى. دەسلەپ:

— ئاكا، جېنىم ئاكا، چاپسان كەل، مېنىڭ
يېنىمغا كەل! — دەپ توۋلىغان سىڭلىسى ئۇنى
كۆرگەندى ھەمدە بۇ يەرگە كەلسـە ئۇنىـڭمۇ
باغلىنىدىغانلىقىنى ياكى ئېتىپ تاشلىنىدىغانلىقى-
نى بىلەتتى. شۇڭا ئۇمۇ ئاكىسىنىـڭ پـۇرسەت
كۈتۈپ بىللە كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەنىدى. ئوۋ-
چىلار بىر پارچە يېشىل چىملىققا كەلـگەنـدە
توختاشتى. ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ بۇ يەرنى
مۇۋاپىق كۆرۈشتى - دە، نەرسە - كېـرەكلىرىنى
قالايمىقان تاشلىدى. ئوۋ قورااللىرىنى كۆتۈرۈپ
ساي ئىچىگە ئۆرلەپ كېتىشـتى. بىرى يۈك -

تاقلىرىنى ساقلاپ، قازان ئېسىپ چاي قاينىتىش-
قا قالدى. ئۇ سىڭلىسى بىلەن ئىشارەت قىلىشى-
ۋېلىشقا ئۈلگۈردى. بىراق ھېچقانداق ياردەم
قىلالمىدى. ئوۋچى خېلى يىراقتا ئېتىۋاتقان
بولاق سۈيىنى ئەپكېلىشكە كەتكەندە، مايمۇن-
جان ئۇچقاندەك كېلىپ دەرەخقە باغلاپ قوي-
يۇلغان سىڭلىسىنى يېشىۋېلىشقا باشلىدى. تۈگۈن
بەكمۇ مەھكەم ئىدى. ئۇ تارتىپ ئۈزەلمىدى.
چىشلەپ يېشەلمىدى. جان ئاچچىقىدا ئالدىراپ
چىرقىراپ تاشلىدى. ئوچۇقچىلىقتا بولۇۋاتقان
بۇ جەڭنى، چىقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ئوۋ-
چى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چۈگۈننى تاشلاپ يۈ-
گۈرۈپ كەلدى. دەسلەپ مايمۇنجاننىڭ ئال-
دىغا يۈگۈردى. مايمۇنجان ئۇنىڭغا خىرىس
قىلىپ ئېسىلغاندى. ئۇ كەينىگە يانىدى - دە،
قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ بەتلەشكە باشلىدى. ماي-
مۇنجان سىڭلىسىنى بوشىتىشقا ئۈلگۈرمەي سەك-
رەپ دەرەخقە چىقتى. ئوۋچى «پاڭ» قىلىپ
ئوق چىقاردى. مايمۇنجان چاققانلىق بىلەن
شاختىن - شاخقا سەكرەپ ئوقتىن ئۆزىنى دال-
دا قىلىپ قېچىپ كەتتى. شۇنداق پاراكەندى-
چىلىكلەر ئىچىدە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كەچ-
كە يېقىن تاققا چىقىپ كەتكەنلەر قايتىپ كې-
لىشتى. ئۇلار ئولجىلىرىنى ئاتقا تارتقانىدى.
20 — 30 چىل، ئون نەچچە ياۋا غاز، ئۆ-
دەكلەر پۇتلىرىدىن باغلاپلا ئېسىپ قويۇلغانىدى.
ئۈچ كىيىك ئىگەرگە ئارتىپ قويۇلغان بولۇپ،
ئۇلاردىن ئېقىۋاتقان قان ئاتنىڭ قورسىقى ۋە
يوتىسىنى قىپقىزىل بوياۋەتكەنىدى. ئۇلار ئې-
گەر غانجۇغىسىغا باغلانغان خورجۇننى ئاۋاي-
لاپ چۈشۈرۈپ يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ ئاستىغا
يوشۇرۇپ قويۇشتى.

— ھە، ئولجا قانداقراق؟ — دەپ سورى-
دى قازان بېشىدا قالغىنى.

— چاتاق يوق، خورجۇن توشتى. كەلگۈن-
دىن كېيىنرە، ھەممە جانىۋارلار بىز ئۈچۈنلا
بىر يەرگە توپلاپ قويۇلغاندەك ئەمەسمۇ؟

كەلگەنلەر مىلتىقلىرىنى تاشلاپ، كىيىم - كېچەك-
لىرىنى، سېلىپ يانپاشلاشتى. سۇ بويىغا بېرىپ
قانسىراپ تۇرغان يۈز - كۆزىنى ۋە قىپقىزىل
بويالغان قوللىرىنى يۇيۇشتى. قازان بېشىدىكى
ئوۋچى يامغۇرلۇق چاپاننى قايرىپ، خورجۇن-
نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆردى. خۇشاللىقىدىن
كۆزىنى يۇمۇپ، تامىقىنى قېقىپ، بېشىنى لىڭ-
شىتىشقا باشلىدى. خورجۇننىڭ بىر بېشىدا بەش -
ئالتە بوغا بىلەن بۆكەنىنىڭ مۈڭگۈزى، يەنە
بىر بېشىدا ئېيىقنىڭ تېرىسى قاچىلاقلىق تۇراتتى.

كەچ كىردى. ئوۋچىلار داستىخان راسلاش-
تى. پىشقان گۆشلەر، كونىيرۋالار، پىۋا - ھا-
راقلار دۆۋىلەندى. ئۇلار ھوزۇرلىنىپ غىزا-
لاندى. ھاراق ئىچىپ مەست بولدى. مايمۇنجان
دەرەخ ئۈستىدە كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. مەستلەر
ئۇخلاپ قالغاندا سىڭلىسىنى ئاستا تۈيدۇرماي
يېشىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئويلايتتى. ئەمما
مەستلەر ئۇخلاش ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىچە بار-
غانسېرى جانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. غاز گۆشىدىن
كاۋاپ راسلايتتى. پىۋا بوتۇلكىلىرىنى ساي ئى-
چىگە قارىتىپ ئېتىپ جاراڭلىتىپ ئاۋاز چىقى-
رىپ ھوزۇرلىناتتى. بىر مەست باغلاقلىق مايمۇن
بالىسىنى دەرەختىن يېشىپ داستىخانغا ئېلىپ
كەلدى. ئۇ ئىنچىكە يىپ بىلەن چەمبەرچەس
باغلانغاچقا مىدىر قىلالمايتتى. مەستلەر بىر نې-
مىلەر دەپ كۈلۈشتى. كۈندۈزى چۈگۈن ئې-
سىپ چاي قايناتقان ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئو-
چاقنى ئېلىپ كېلىشتى. بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىس-
قۇچ بار ئىدى. ئۇلار ئۈچ پۇتىنى كېرىپ
قىسقۇچنى داستىخاننىڭ ئۈستىگە توغرىلاپ ئور-
ناتقاندىن كېيىن، مايمۇن بالىسىنىڭ بېشىنى
قىسقۇچ ئىچىگە قىستۇرۇپ بۇرمىسىنى چىڭىتى-
ۋەتتى. بىچارە مايمۇن ئاغرىق ئازابىدىن جېنى

چىقىۋچە چىرقىراشقا باشلىدى. چىدىمىغان مايمۇنجان سىڭلىسىغا كېلىۋاتقان ئازاب دەستىدىن غەزەپلىنىپ داستىخانغا ئۆزىنى ئاتتى. ئوۋچىلار ئالمان - تالمان قوللىرىدىن قورال ئېلىپ ئۇنىڭغا ئوق چىقاردى. ئۇ يەنە قېچىپ كەتتى. ئۇلار مايمۇن بالىسىنىڭ پۇت - قولىنى يېشىۋەتتى. ئۇ تىنماي تىپىرلايتتى، چىرقىرايتتى، بېشىنى قىسىپ تۇرغان تۆمۈرنى تاتىلايتتى. بىر مەست ئوۋچى ياۋۇزلىشىپ قولىدىكى بولقا بىلەن مايمۇننىڭ بېشىغا ئۇردى. تۆشۈك ئېچىلدى، ئۇلار قوشۇقلىرىنى سېلىپ، چىرقىراپ نالە - پەرياد ئۇرۇپ تۇرغان مايمۇن بالىسىنىڭ ئىسسىق مېڭىسىنى ئېلىپ يېيىشتى. قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

— غالجىرلاشقان يىرتقۇچلار! توختىتات قولۇڭنى، نائىنساپ قاتىللار! خەپ رەھىمسىز تاش يۈرەكلەر، — مايمۇنجاننىڭ غەزەپ تېشىپ تۇرغان ساداسى جاڭگال ئىچىدە ھەريان ياڭرايتتى. ئاڭا قارشى ئېتىلغان ئوق ئاۋازى تېخىمۇ دەھشەت سالاتتى.

مانا، ھايات ئۆچۈن كۈرەش! ياشاش ئۈچۈن كۈرەش!

بىردىگە جان قايغۇسى، بىردىگە ياغ قايغۇسى.

ھەي، مايمۇنجان، سەن ئۆز قېرىنداشلىرىڭنىڭ نالە - پەريادىنى، دەھشەتلىك ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ قانلىق ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدىڭ. بىلەمسەن، خۇرجۇن ئىچىدىكى تېرە، مۈڭگۈزلارنىڭ ئىگىسى — سوۋۇمىغان جەسەتلەر يەرگە كۆمۈلگىچە ھېچكىم سەزمىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق جىم - جىم ئازلاپ كېتىۋېرىدۇ، مۈڭگۈزنى يىغقۇچىلار بولسا كۆپىيىدۇ. تېرىلەردىن كىيىم كىيىپ يايرىشىدۇ.

## مايمۇنجاننىڭ ئۆچ ئېلىشى

يېرىم كېچە، مايمۇنجاننىڭ سىڭلىسىنىڭ مېڭىسىنى يېگەن مەست ئوۋچىلار خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا. مېڭىسىدىن ئايرىلغان جەسەت چەتتە ياتىدۇ. مايمۇنجان يەنە كەلدى. بىراق قورقتى. سىڭلىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. بىراق ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا نېمىشقىدۇر پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ تارتىشقىنى سىڭلىسىنىڭ جېنى، روھى ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاچچىق ئۆچمەنلىككە تولغانىدى. ئۇ پىششىق - خام گۆشلەرنى سۆرەپ توپىغا مىلەۋەتتى. شورپا، سۇ، چايلارنى تۆكۈۋەتتى. خۇرجۇننى سۆرىيەلمىدى. ئامالسىز يىرتىپ، مۈڭگۈزلارنى چېچىۋەتتى. ئادەملەر ھېچنېمىنى تۇيمايتتى. شۇنىسى قىزىقكى، مايمۇنجان ئۆزى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەرگە بولسا چېقىلالمايتتى، مىلتىقنى ئېلىپ ئۇلارنى ئېتىپ تاشلاشنى ئۇ بىلمەيتتى. بىر چاغدا ئۇ، ئادەملەرنىڭ پۈتۈن دۇنيادىن ئايرىلغان بولسىمۇ مىلتىقنى چىڭ قۇچاقلاپ ياتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرسىنىڭ مىلتىقنى ستۋولىدىن تۇتۇپ تارتتى. ئوۋچى مىلتىقنى يېنىكلا قويۇپ بەردى. لېكىن تېزلا ئويغىنىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە:

— تۇرۇڭلار! مىلتىقنى ئەپقاچتى، بەچچىغەر مايمۇن، — دەپ توۋلىدى. قالغانلىرى ئورنىدىن تۇرغۇچە مايمۇنجان مىلتىقنى خۇددى قوناق شېخىنى كۆتۈرگەندەك ساڭگىلىتىپ كۆتۈرگىنىچە شاختىن - شاخقا، دەرەختىن - دەرەخقە سەكرەپ كۆزدىن غايىپ بولدى. چالا مەست ئوۋچىلار غەزەپ بىلەن ۋارقىرىشىپ قالايمىقان ئوق چىقىرىپ پاتىپاراق بولۇشتى. ئادەملەر ئۇنى ئىزدەپ سايىنىڭ ئىچىگە، مايمۇنجان بولسا جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

مايمۇنجان مىلتىقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چارچىدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا مىلتىقنى ئويناشقا باشلىدى. ئۇ قانداق قىلىپ بۇ قورال بىلەن ئادەملەرنى ئاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. مىلتىقنىڭ ستۋولىغا قاراپ باقتى،

بارماق قولىنى تىقىپ باقتى. پايىنكىنى سىلاپ باقتى. زاتۇورنى تارتىپ باقتى. تەپكىسىنى بېسىپ باقتى. «پاك» دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىپ مىلتىق يەرگە ئۇچۇپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن مايمۇنجان مىلتىقنىڭ قانداق قىلىپ بەتلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە ئېتىلىپ كەتكىنىنى بىلمىدى. پەقەت سېسىق، بەدبۇي دورىنىڭ پۇرىقىدىن سەسكىنىپ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. مىلتىقنى ئالماقچى بولۇپ يەرگە ئېڭىشتى - يۇ، يەنە ئېتىلىپ كېتىشىدىن قورقتى. ئالايمۇ، ئالمايمۇ، دەپ ئويغا پاتتى. ئاچ قورساق ۋە ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ ئۇيقۇغا سۆرەپ ماڭدى. ئۇ چۈشىدە چوڭ مايمۇننى كۆردى. «ھوشيار بول، سەزگۈر بول، چاققان بول» دەيتتى چوڭ مايمۇن قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، ئۇ ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ مايمۇنجانغا قارىتىپ بىر يوغان تاشنى ئاتتى. مايمۇنجان قورقۇپ ئەندىكتى - دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. يېقىنلا يەردىن ئوۋچىلارنىڭ:

—ئەنە، ئەنە، ئۆزى بار، مىلتىق يوق تۇرىدۇ، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مايمۇنجان دەرھال سەگەكلىشىپ ئۆزىنى تۆۋەنگە ئاتتى. ئۇ مىلتىقنى ئالدىراپ كۆتۈردى. لېكىن تاسما بىر شاخقا ئېلىنىپ قېلىپ زادىلا چىقمىدى. مايمۇنجان ئۇيان - بۇيان سىلكىپ تارتىۋاتقاندا ئوۋچىلار ئوق چىقاردى. «پاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مايمۇنجان يوتىسىغا ئىسسىق بىر نەرسە تەگكەندەك ھېس قىلدى. ئارقىدىنلا يوتىسىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئوۋچىلار يېقىنلاپ قالغان بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئوق چىقىرىشقا تەييارلىنىپ، مىلتىقنى تەڭلەپ ئۇنى قارىغا ئېلىۋاتاتتى. مايمۇنجان قېچىپ كەتتى.

ئەسلىدە «چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ» دېگەندەك مايمۇنجان ئۆزى ئوق چىقىرىپ ئوۋچىلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار مىلتىقنى ئېلىپ كېتىشتى.

مايمۇنجان قېچىپ يۈرۈپ بىر چاغدا ئوڭ پۇتىدا دەسسىيەلمەي قالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا يوتىسىغا ئوق تەگكەنلىكىنى بىلدى. يوتىسىدىن توختىماي قان ئاقاتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىشقا، ئاغزى قۇرۇپ ئۇسساشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قولىدا شاختىن - شاخقا ئېسىلىپ، كېيىن ئىككى قولى ۋە بىر پۇتىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىۋاتقان سۇ تەرەپكە قاراپ تۆۋەنلىدى. ئۇنىڭ مېڭىشى بارغانسېرى تەسلەشمەكتە، كۆڭلى بارغانسېرى قۇرۇشماقتا، نەپسى بارغانسېرى سىقىلماقتا ئىدى. ئۇ مىڭبىر تەسلىكتە سۇ بويىغا كەلدى. تۇمشۇقىنى چىلاپ سۇ ئىچتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېغىر بىر نەپەس ئالدى. ئارقىدىنلا بېشى ئېغىرلىشىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قانچە ۋاقىت ھوشسىز ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى. يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان «گۈر، گۈر، گۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى. پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. مايمۇنجان بەكمۇ تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بىر مەخلۇق تۆت پۇتىنى پىرقىرىتىپ تۆت چاسا يوغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ گۈكىرەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىنلاپ قالغاندا، مايمۇنجان ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدە ئىككى ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. دەرھال قېچىشقا تەمشەلدى. ئۇ قېچىش تۈگۈل مىدىرمۇ قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بەدىنى گويا يوغان تاشقا باستۇرۇلۇپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. بۇ كېلىۋاتقان غەيرىي مەخلۇق ئىنسانلار ئىجادىيىتى بولغان تۆمۈر پىل — ئاپتوموبىل ئىدى.

كىچىك ئاپتوموبىل ساي ئىچىدە ناھايىتى ئاستا ۋە تەسلىكتە يول ئىزدەپ ئۆرلىمەكتە ئىدى. قېرىشقاندەك مايمۇنجاننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇلار توختىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساي ئىچىدە يىلان باغرى ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ ئېقىنى بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بولۇپ، كىچىككىنە چىرايلىق چىملىق يېنىدا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاپتوموبىلدىن كىيىنىشى تۈنۈگۈنكىگە ئوخشىمايدىغان تۆت ئادەم چۈشتى. ئۇلار چىملىققا كېلىپ ئولتۇردى. ئارىسىدىن ئاق پىشماق، زىلۋا بىر ئايال «+» بەلگىسى سېلىنغان سومكىسىنى قويۇپ سۇ تەرەپكە ماڭدى. مايمۇنجاننى ئۇنىڭ ئاۋۋال كۆرۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. مايمۇنجان مىدىر - سىدىر قىلالماي بىچارە كۆزلىرىنى ھەريان يۈگۈرتۈپ ياتاتتى. ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ تىك تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىن سىنچىلاپ قاراپ تېزلا يېتىپ كەلدى ۋە يولداشلىرىنى چاقىردى. ئۇلار مايمۇنجاننى كۆتۈرۈپ چىملىققا ئېلىپ كەلدى. مايمۇنجان قورقىنىدىن ئۆلۈپ قالاي دېدى. ئەمما مىدىرلىيالمايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇزۇن مىلتىقلار كەلدى. ئەمما بۇلاردا مىلتىق يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر قىسقۇچ كەلدى. ئەمما بۇلاردا ئۇمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئادەملەر كىيىنىشىدىن، چىرايىغىچە نېمىشقىدۇر ئاخشامقى ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇنى رەسىمگە ئالدى. ئايال سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، بىر يىڭنىنى ئۇنىڭ تېرىسىگە سانجىپ بىر سۇيۇقلۇقنى كىرگۈزدى. ئارقىدىنلا يۇمشاق پاختا بىلەن ئۇنىڭ يوتىسىنى سۈرتتى. پىچاق بىلەن يوتىسىنى كەستى. مايمۇنجان قاراپ ياتاتتى. ئەمما زادىلا ئاغرىغانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ پۇتى ھوشسىزلاندۇرۇلغانىدى. ئايال ئۇنىڭ يوتىسىدىن گۈرۈچنىڭ ئاقىبالدىقىدەك بىر پارچە قو-

غۇشۇننى ئېلىپ ئاق تەخسىگە تاشلىدى. يەنە بىر كىشى ئوقنى سىنچىلاپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— ماناپولكىنىڭ ئوقى، بۇ يەرگە ئادەم كەپتۇ، ئوۋچىلار! — دېدى جىددىي تۈسكە كىرىپ.

ئايال ئۇنىڭ يوتىسىغا قانغا ئوخشاش رەڭنى سۈرۈپ داكا بىلەن تېڭىپ تاشلىدى. مايمۇنجان ئاغرىقىنىڭ سەل پەسەيگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

بۇ ئادەملەر ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى ۋە پوزىتسىيىسىدىن بىر خىل مېھرىبانلىق مۇئامىلىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار تاماقلاندى. دەم ئالدى، ئۇخلىدى. ئايال ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزدى. سۇ ئىچكۈزدى. ئۇ زادىلا يەپ باقمىغان تاتلىق يېمەكلىكلەرنى بەردى.

مايمۇنجان ئۆزىدە ئازراق دەرمان سەزگەندىن كېيىن، دەرھال يۈلىنىپ قاچماقچى بولدى. بىراق ئون قەدەم بارمايلا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئوق چىقىرىش ئورنىغا:

— ساقايدى، ساقايدى، — دەپ خۇشال كۈلۈشۈپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بىراق مايمۇنجان تىرناقلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارغا چاڭ سالدى. ئۇ:

— يېقىن كەلمەڭلار، بولمىسا تاتىلىۋېتىمەن، — دېگەندەك قىلاتتى. بۇ كىشىلەر تولىمۇ تەدبىرلىك ئىدى. ئۇنىڭ قول - پۇتىغا يۇمشاق تېرە پەلەي كىيدۈرۈپ قويدى. ئاغزىدا چىشلەپ تاتىلىغانىدى، بېشىغا يۇمبۇلاق تور سىم قاپلاپ قويدى. تور سىمنىڭ بوغۇچىغا بولسا ئىنچىكە فار - فور زەنجىر ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى بىرسى تۇتۇۋالدى. مايمۇنجان بىر قانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ بېقىپ ئامال قىلالمىغاندىن كېيىن، ئىلاجىسىز ئۆزىنىڭ ئەسىرگە

چۈشكەنلىكىگە تەن بەردى.

ئۇلار ئۇنىڭغا تاماق بەردى. يوتىسىغا دورا سۈرتۈپ تېڭىپ تۇردى. ئۇنىڭغا ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۈلدى. ئۇنى ئاپتوموبىلغا سېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. مايمۇنجان بۇ ئادەملەرنىڭ تۈنۈگۈنكىلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئايال ھەر قېتىم دورا يۆتكىگەندە گويا:

— ھەي بىچارە، كىم سېنى ئاتتى، بىزگە كۆرسىتىپ قويغىنا، — دېگەندەك قىلاتتى.

ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوموبىل پەقەتلا ماڭالمىدى. ئۇلار پىيادە يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ھېلىقى سۈرەتچى ئۇچرىغان مەنزىرە، ھەر بىر ھاشارات، ئۇچار قۇشنىڭ ھەممىسىنى «چارس» قىلىپ رەسىمگە ئالاتتى. بىر چاغدا ئۇلار ئاچا سايغا توغرا كەلدى. مايمۇنجاننى كۆتۈرۈۋالغان بىرسى شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇلار شۇ ياققا مېڭىشقا تەمشەلدى. بۇ چاغدا مايمۇنجان شەرق تەرەپتىكى سايىنىڭ تۈنۈگۈن كېچىدە ئۆزى قېچىپ چىققان ساي ئىكەنلىكىنى تونۇدى ۋە ھاياجانلانغان ھالدا شۇ تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ چىرقىراپ توۋلىدى. ئۇلار دەسلەپ ھەيران قالدى. كېيىن قىلچە ئىككىلەنمەي:

— مانا بىزنىڭ يول باشلىغۇچى نىشان كۆرسەتتى. ئالغا، — دەپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ شەرقىي سايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئاق چاچلىق كىشى ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرەتتى. تور سىمدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا تاتلىق كەمپۈتلەرنى سالاتتى. ساي ئىچىدە ئۆرلەپ كېتىۋاتقان مايمۇنجان ئۇۋۇچىلارنىڭ قونالغۇسىنى تونۇدى ۋە ئۇلارغا ئاشۇ تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدى. ئۇلار بىر ئاز سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ھېچنەرسىنى سەزمىدى ۋە يەنە ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ چاغدا مايمۇنجان زادىلا چىدىيالماي يۇلقۇنۇپ چىرقىراشقا، يەنە ئاشۇ يەرنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىككىلىنىپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، گويا «قېنى كۆرۈپ باقمايلىمۇ، نېمە كارامەت باركىن؟» دېگەندەك قىلىشىپ ئۆرلەپ يوتىغا چىقىشقا باشلىدى. يوتىنىڭ ئۈستىدىكى بىر تەكشىدە بىرمۇنچە قالايمىقانچىلىقلار ياتاتتى.

بوتۇلكىلار، كونسېرۋا قۇتىلىرى، ئۈستىخانلار يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. بىر كىشى چىم ئۈستىدىكى ئەدىيالدا ئۇخلاۋاتاتتى. يېنىدا مىلتىقى تۇراتتى. ئۇ كەلگەن مېھمانلارنى سەزمەي بىر خىل پۇشۇلدايتتى. مايمۇنجان يەرگە چۈشتى ۋە ئالدىراشلىق بىلەن بىر چەتتە قارىغاي ئاستىدىكى يامغۇرلۇق چاپانغا ئورالغان ھېلىقى خۇرجۇننى تارتىپ چىقاردى. ئاق چاچلىق كىشى خۇرجۇننى ئېچىپ كۆرۈپلا جىددىيلەشتى. مايمۇنجان يىراقتا تاشلىنىپ ياتقان سىڭلىسىنىڭ جەسىتى يېنىغا بېرىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ رەھىمسىزلەر ئۈستىدىن رەھىمدىللارغا شىكايەت قىلماقتا ئىدى. ئاق چاچلىق كىشى قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ يېنىدىن كىچىككىنە يان قورالىنى چىقاردى. شۇپۇر مىلتىقنى ئېلىۋالدى. ھېلىقى مەست ئويغىتىلدى ۋە دەرھال دەرەخكە باغلاپ تاشلاندى. كەچكە يېقىن قايتىپ كەلگەن ئۈچ ئوۋچىمۇ قورالسىزلاندۇرۇلدى. ئۇلار تۆت ئوۋچىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ كىنىشكىلىرىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئادرېسلىرىنى يېزىۋالغاندىن كېيىن قويۇپ بەردى. كىنىشكىلىرىنى قايتۇردى. قوراللىرىنى ۋە ئوۋلىرىنى بولسا بەرمىدى.

مايمۇنجان ھەيران قالدى! بۇ ئوۋچىلار كەتكۈچە:

— خەپ ھەممىنى قىلغان سەن توكۇر ئەمەسمۇ؟ — دېگەندەك ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ

ئالايدى - دە، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ كېتىپ قال-
دى. لېكىن ئۇنىڭغا چىقىدىغان ئىشىمۇ پېتىنالمىدى.

تووا، ئادەملەر نېمىدېگەن مۇرەككەپ - ھە!
بەزىلىرى سېنى ئۇرىدۇ، ئاتىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ،
يەيدۇ. بەزىلىرى سېنى ئاسرايدۇ، قوغدايدۇ،
سېنى باقىدۇ، ئۆچىڭنى ئېلىپ بېرىدۇ.

ئوخشىماسلىق قارىمۇ - قارشىلىق، زىددىيەت،
ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك دېگەنلەر مانا مۇشۇن-
داق پەيدا بولغان ئىكەن - دە.

مايمۇنجاننى قاقاھلاپ كۈلۈپ ئاتقان ياۋۇز
ئادەملەر كۈلۈپ تۇرىدىغان يوۋاش ئادەملەر-
گە غەدىلىك - پەيدىلىك قىلالمىدى.

## مايمۇنجاننىڭ شەھەرگە كىرىشى

مايمۇنجان، ئوق ئېتىپ پۇتىنى ياردىلاندۇر-
غان، سىڭلىسىنى ئۆلتۈرگەن، ئېيىق، بۆكەن،
بۆغىلارنى ئاتقان ئوۋچىلارنى تۇتۇپ بېرىپ
ئۆچىنى ئالغاندىن كېيىن ۋە يىغلاپ ئىچىنى
بوشىتىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى يېنىكلەپ قال-
غاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ھەمراھلىرى
بىلەن ئويناپدىغان بولدى. پۇت - قوللىرىدىكى
زەنجىرلەرنى قويۇۋەتسىمۇ قېچىپ كېتىشكە ئۇ-
رۇنمايدىغان بولدى. لېكىن يەنە قاچاندۇر بۇ-
لارنىڭمۇ ئۆزىنى بىرەر ۋاق تاماقى ئۈچۈن
قۇربان قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەممە كىشى
ئۇخلاپ قالغاندىلا ئاندىن ئۇخلىدى. ئۇلارنى
سەزگۈرلۈك بىلەن كۈزەتتى.

بۇ كىشىلەر كىم؟

ئەسىرلەردىن بېرى تىلسىم پېتى تۇرغان
ئالتۇنتاغ رايونى گەرچە يەرلىك ئاھالىلارنىڭ
ئانچە - مۇنچە تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بە-
زى - بەزىدە ئوۋچىلارنىڭ شىكار مەيدانىغا
ئايلىنىپ قالسىمۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ زادى
قانداق زېمىن ئىكەنلىكىنى سىستېمىلىق تەكشۈ-
رۈپ چىقىدىغان ۋە خەلققە مەلۇمات بېرىدى-
غان سەپەرچىلەر بۇ يەرگە ئاياغ باسمىغانىدى.

مانا بۇ ئېكسپېدىتسىيەچىلەر پەنلەر ئاكادېمى-
يىسى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن تۇنجى قېتىم-
لىق تەكشۈرگۈچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يولباش-
چىسى تەبىئىي پەنلەر بويىچە دوكتورلۇق ئۇن-
ۋانى ئالغان، پېشقەدەم ئالىم — ئەخمەتجان
ئاغا ئىدى. ئۇ بىرقانچە خىل چەتئەل تىلى
بىلەتتى. ھايۋانشۇناسلىق، تۇپراقشۇناسلىق،
ئورمانچىلىق، گېئولوگىيە ئىلىملىرىدە كامالەتكە
يەتكەن كىشى ئىدى. ئۇ تاغ قاپتاللىرىدىكى
ھەر بىر گىيا - چۆپ، دەل - دەرەخ، تاش، توپا،
مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل كۆزى-
تەتتى ۋە دەرھال ھۆكۈم قىلاتتى. يەنە بىر
يولداش ئۇنى خاتىرىلەيتتى، سۈرەتكە ئالاتتى.
ئالتۇنتاغنىڭ جۇغراپىيەۋى تۈزۈلۈشى، ئېكو-
لوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى، يەر قاتلىمى بايلى-
قى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلەتتى. بۇلارنىڭ مەق-
سىتى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتىش بو-
لۇپ، ئالتۇنتاغنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىش ئىدى.
بۇ ئېچىش ھەرگىزمۇ بۇزۇپ - چېچىش، بو-
لاپ - تالاشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە بۇزۇپ
چاچقۇچىلار ئۈچۈن چەك قويۇش، بۇلاپ - تا-
لىغۇچىلارنى توساش ئۈچۈن بولۇپ، ئادەم-
لەرنى ئىنساپقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر
بولغان مىزان، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۆز-
لىرىگە چەكلىتىدىغان تۈزۈم—قانۇن تۈزۈش
ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈ-
رۈش ئىدى. ئۇلار ئورمان قانۇنى، يايلاق
قانۇنى، قىممەتلىك ھايۋانلارنى قوغداش قا-
نۇنى، قېدىرىپ تەكشۈرۈش قانۇنى دېگەندەك
قانۇنلارنى بەلگىلەش ئۈچۈن رېئاللىقنى كۆ-
رۈشى، كۆزىتىشى لازىم ئىدى.

ئاكىسىز مايمۇن بۇ خىل ئىنسانىي تەپەك-
كۇر بىلەن بولىدىغان پائالىيەتلەرنى نەدىن
بىلسۇن، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ئۆلچىمى
بولۇپ، مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەتلەر — ئىللىق،

دۆشمەنلىنىڭ ھەرىكەتلەر — نەپرەتلىك تۈيۈلاتتى. ھەممە ئۇنى قوغدىشى، ئاسرىشى لازىم، شۇنىڭدىلا ئۇ ئوبدان، مېھرىبان بولاتتى.

ئەھۋال تۈيۈقسىز ئۆزگەردى.

گۈگۈم پەيتى ئىدى. تەكشۈرگۈچىلەر ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ بىر تۆپىلىككە يېتىپ كېلىشىگە كۈتۈلمىگەن يەردىن ئېيىقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار جىددىيلەشتى. ئايال بولسا ۋارقىرىۋەتتى، مايمۇنجاننى كۆتۈرۈۋالغان كىشى ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى. خۇددى تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلگەندەك ئۈچ ئېيىق دەھشەتلىك چىرقىراپ، قورقۇنچلۇق ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇلارغا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى ناھايىتى ئېچىنىشلىق خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. ئۇلار ھەممىسى تەبىئىي ھالدا ئاق چاچلىق پىشقەدەم ئالىمنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى. پېشقەدەم ئالىم ئەخمەتجان قورقۇپ تەمتىرەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئېيىقنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەچ قويىنىدىن پارقىراپ تۇرىدىغان ئاپئاق كۈمۈش تاپانچىسىنى چىقىرىپ بەتلىدى. پەقەت بىرىنچى ئېيىق ئۇنىڭغا قولىنى سوزۇپ كەلگەندىلا ئۇ ئوق چىقاردى. شۇنىسى قىزىق، ئاۋازىمۇ ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ تاپانچىدىن چىققان ئوق ئېيىقنى شۇ سېكۇنتنىڭ ئۆزىدىلا يىقىتتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئېيىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئەخمەتجانغا ئېسىلغانلىقىنى ۋە تارقىدىنلا ئوق يەپ يەردە يېتىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى. مايمۇنجان گەرچە مىلتىق دورىسىنىڭ سېسىق پۇرىقىنى سەزمىگەن بولسىمۇ، يەردە ئۆلۈك ياتقان ئېيىقلارغا قاراپ تېنى شۈركۈندى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئۇچۇق كۆرگەندەك بولدى. كۆز ئالدىغا گۈلخان ئالدىدىكى مەست چىرايلار، مەست كۈلكىلەر، ئۈچ پۈتلۈق قىسقۇچلار كەلدى. ئۇ جىددىيلىك ئىچىدە بوش قالغان زەنجىرنى بىرلا سىلكىدى - دە، ئۆزىنى دەرەخلىككە ئاتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولدى.

— ئاپلا، قېچىپ كەتتى، كاساپەت توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىدى، — دېدى ئۇنى قاچۇرۇپ قويغان شوپۇر خىجالەت ئارىلاش.

— كېرەك يوق، ساقايغاندىن كېيىن جېنىنى باقالايدۇ. ھەي بىزنىڭ زەنجىرىمىزنى تاشلاپ كەتسىچۇ، ۋاپاسىز، خەير بولدى، — دېدى ئاق چاچلىق دوكتۇر ئۇلارنى ئالدىرىتىپ، كېلىڭلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى، ئۇلار 100 مىنۇتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىدۇ، تېز تەكشۈرۈپ، تېز خاتىرىلەيلى. ئۇلار جىددىي ھەرىكەتكە چۈشۈپ كەتتى. مايمۇنجان ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇلار ئېيىقلارنىڭ بويىنى ئۆلچەيتتى، چىشىنى سانايتتى، كۆزىنى كۆرەتتى. تۈكىنى سىلايتتى، تاپىنىنى كۆزىتەتتى، دوختۇر قىز ئۆپكە، يۈرەك ھەرىكىتىنى تىڭشايتتى، قان بېسىمىنى ئۆلچەيتتى. شپرىستا قان ئېلىپ پرابىركىغا قاچىلايتتى. بىر چاغدا ئۇ كىچىكرەك قوڭۇر ئېيىقنىڭ يانپىشىدىكى چىشلەپ جاراھەتلەنگەن يىرىڭلىق يارىنى كۆردى - دە، دەرھال دورا سۈرتۈپ خۇددى مايمۇنجاننىڭ پۇتىنى تاڭغاندەك داكىدا يۆگەپ تېڭىپ قويدى. ئۇلار سائەتكە قارىدى. رەسىمگە ئالدى. ئالدىراشلىق بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. مايمۇنجان ھاياتىدىن ئايرىلغان بىچارە ئېيىقلارغا ئىچ ئاغرىتقىنىچە دەرەخ ئۈستىدە مىدىرلىماي قاراپ ئۇزاققىچە تۇردى. خېلى بىر چاغلاردىن كېيىن ئېيىقلار ئارقا - ئارقىدىن ھوشىغا كەلدى. گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك، ھېچكىمنى كۆرمىگەندەك، ھېلىلا ئۇخلاپ ئويغانغاندەك، ئەتراپقا ھەيران-

لىق بىلەن قاراپ قويۇشتى. ئىككى چوڭ ئېيىق دەسلەپ بىر - بىردىن كېيىن بالىسىغا قارىدى. بالىسىنىڭ تېڭىرقىلىق يارىسىنى يۇرىدى. ئۇنىڭ رازىمەنلىك ئەكس ئەتكەن چىرايىغا قاراپ كىملەرگىدۇر تەشەككۇر ئېيتقاندەك سوزۇپ ھۆكۈرەپ قويدى - دە، ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىپ قالدى.

مايمۇنجان ھەيران قالدى. كىشىلەر ئۇنى ئاتتى، لېكىن قان چىقمىدى، تەكشۈردى، لېكىن تېرىسىنى شۇلۇۋالمىدى. ئېيىقلار يەنە تىرىلدى ۋە خۇشال بولۇشتى. بۇ نېمە سىر؟

ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە ئېتىلغان بۇ ئوقنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن!

ئەمما، ئۇ تەسىرلەندى. ئۆزىنىڭ قېچىپ كەتكىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ بېشىنى سىلاپ، يارىسىنى داۋالاپ، كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ، تاتلىق يېمەكلىكلەرنى بەرگەن كىشىلەرنى ئەمدى قانداق تاپالىسۇن. ئۇ دەرھال يۈگۈرۈپ ئۇلارنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدى. قاراڭغۇ چۈشكەندى. ئۇ تالاي ئورمانلارنى كېزىپ، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇ ياققا ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇلارنى تاپتى. ئەمما تولىمۇ قىزىق ئىش يۈز بەردى. ئۇلار ئادىتى بويىچە ئىككى كىچىك بېرىدىزىنت ئۆيىدە تۇراتتى. يېرىم كېچە بولۇپ ئۇلار تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئەتراپتا بولسا ئىنچىكە سىملار تولا ئىدى. مايمۇنجاننىڭ بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا ساڭگىلاپ تۇرغان زەنجىرى تۇيۇقسىز ھېلىقى سىملارنىڭ بىرىگە تېگىپ كەتتى. تەڭلا جىرىڭلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. نېمىدۇر زەنجىرنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. مايمۇنجان مىدىر قىلالمىدى. ئۇ ئاللىقاچان ئېلېكترونلۇق قاپقان تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشكەنىدى. شوپۇر يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە خۇشاللىقىدىن:

— ئەقىللىق مايمۇن قايتىپ كەپتۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. قالغانلارمۇ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلار چېھرىدىن خۇشاللىق، شادلىق نۇرلىرى ئەكس ئېتەتتى. مايمۇنجانمۇ نېمىشقىدۇر خۇشال ئىدى. ئۇ تاتلىق كەمپۈتلەرنى شوراپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، رادىئوگراممىا ئاپپاراتى توغرىلىنىپ، ئەخمەتجان دوكتور قولىغا مىكروفوننى ئېلىپ نەگىدۇر بىر يەرگە بۇيرۇق بەردى. ناشتا ئارىلىقىدا ئاسماندا تىك ئۇچار پەيدا بولدى. دوختۇر ئايال ئاپئاق بايرىقىنى پۇلاڭشىتتى. تىك ئۇچار بىردەمدىلا پەسلەپ ئۇلار تۇرغان تەكچىگە چۈشتى ۋە تەكشۈرۈش سايمانلىرى، ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار مايمۇنجاننى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشتى. مايمۇنجان قورقۇنچلۇق ئاۋاز ۋە سۈرلۈك بوران چىقىرىپ تۇرىدىغان بۇ ئۇچقۇدىن قورقتىمۇ ياكى قەدىناس كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىدىمۇ ئىشقىلىپ زادىلا كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئىككى رەت قېچىپ كېلىۋېلىپ، ئىنچىكە ئاۋازىدا چىرقىراپ شوپۇرنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. تىك ئۇچار ئامالسىز كېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ مايمۇنجان بىر ھەپتىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. ئاخىردا ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ ئۇزۇن يول ماڭغاندىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. مايمۇنجان ئازادە كوچىلارنى، ئېگىز ئىمارەتلەرنى، مىڭ - مىڭ ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئازادە مېھمانخانىدا دەسلەپ قورۇنۇپ جىم تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، بىر قونغاندىن كېيىنلا ھەممىلا يەرگە يۈگۈرۈپ ئېسىلىپ، سەكرەپ تاخلاپ ئوينايدىغان، مۇنچىلارغا كىرىپ دوشقا چۈشۈۋالىدىغان، تاماقخانىغا كىرگەندە ئادەملەرگە ئوخشاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ

قىزالمىغان بولدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار ئاپتوموبىل بىلەن ئايرودرومغا چىقىپ ئايروپىلانغا چۈشتى. بۇرۇن بۈركۈت، قالغاچلارنىڭ ئاسمانىدا ئۇچۇۋاتقىنىغا ھەيران قالىدىغان مايمۇنجان، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچۇۋاتقانلىقىدىن تۇرۇپ قورقسا، تۇرۇپ خۇشاللىنىپ بىردەم، بىردەم دېرىزىدىن تۆۋەنگە قاراپ قوياتتى. باشقىلارنىڭ يالغۇز تاشلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئەخمەتجان دوكتورنىڭ چاپانلىرىنى مەھكەم قامالاپ، چىڭ يېپىشىۋالاتتى. ئايروپىلان ئۇلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا ئەكىلىپ قوندى.

مايمۇنجان بۇ يەردىكى قىقاس - چۇقانغا تېخىمۇ ھەيران قالدى. چىرايلىق كېيىنگەن ھېسابسىز پىئونېرلار يېقىملىق توۋلاپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ناغرا - سوناي، داقا - دۇمباقلار ياڭرىماقتا ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇلارنى قارشى ئالماقتا ئىدى. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن، ئەخمەتجان دوكتور قاتارلىقلارغا گۈل تەقدىم قىلىنغان كىچىك بالىلار مايمۇنجانغىمۇ بىر دەستە گۈلنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقان كىشىلەر مايمۇنجان بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قويدى. ئۇلارنى ئالدىراش رەسىمگە تارتىۋاتقان مۇخبىرلار مايمۇنجاننىمۇ ئايرىم رەسىمگە تارتىۋالدى.

ھەممە كىشى تەنتەنە قىلاتتى. ئەخمەتجان تاغىغا سالام بېرەتتى. ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. مايمۇنجان شۇ سېكۇنتلاردا ئۆزىگە يول بويى كۆيۈنگەن ئەخمەتجان تاغىنىڭ ھەممىگە باراۋەر كۆيۈنىدىغان، ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئالىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. كۆيۈمچان كىشىلەرنىڭ ئېرىشكەن بەخت - سائادىتى تۈگىمەس - پۈتمەس ئالقىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەندەك بولدى.

ئۇلار خۇددى خوتەن شەھىرىدىكىدەك ئازادە ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، كۆركەم مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. كەچكى زىياپەتتە قايسى بىر كىچىك بالا بىر پارچە گېزىتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. گېزىتتە بىر مايمۇن بىر دەستە گۈلنى تۇتۇپ تۇراتتى. مايمۇنجان كەچلىك گېزىت مۇخبىرلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى تارتىپ گېزىتكە چىقارغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنى ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ بىر نەچچە نەپەر باققۇچى تېخنىكلىرى ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئەخمەتجان تاغىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي تىپىرلاپ باقتى، لېكىن زادىلا ئامال بولمىدى.

مايمۇنجاننى ئېلىپ كەلگەن تېخنىكلار ئۇنى ئۇدۇل ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئاپئاق خالاتلىق دوختۇرلار ئۇنى خۇددى ئېيىقنى تەكشۈرگەندەك ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى. ئۇنىڭ ياردىسى تېخى تولۇق ساقىيىپ بولمىغاچقا، ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە بالنىتسىدا يېتىپ داۋالىنىشقا توغرا كەلدى.

مايمۇنجان ساقىيىپ ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىققاندا، ئۇ شەھەرنىڭ ئىچىدىكى بۇ ئاۋات ھايۋاناتلار باغچىسىغا قاراپ ھەيران قالدى. ھېسابسىز قەپەزلەردە سانسىزلىغان ھايۋاناتلار سولاقلىق تۇراتتى. ھەممىسى ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارايتتى. ئاخىرى مايمۇنلار تېغىغا يېتىپ كەلگەندە مايمۇنجان ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋېتىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ مايمۇنلىرى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى... نەچچە يۈزلىگەن مايمۇنلار ئۇنىڭ كىرىپ كەلگىنىگە پەرۋامۇ قىلماي ئۆز

(ئاخىرى 48 - بەتتە)

# پىروئىدنىڭ سەنئەت قاراشلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

### چىن گوڭ

### سەنئەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

دەۋرنىڭ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەكس ئېتىشى؟ ئىنسانلاردىكى ئېزگۈلۈك، ئالىيجانابلىقلارنى مەدھىيىلەپ قاباھەت، رەزىللىكلەرنى قامچىلاش؟ ... ؟ ياق، ھەممە، ھەممىسى ئەمەس. پەقەت شېرىن خىيال دېگەن ئىككى سۆزدىنلا ئىبارەت خالاس.

مانا بۇ پىروئىد (1856 — 1939) نىڭ، ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئۈچ چوڭ ئەربابلارنىڭ بىرى سانالغان پىروئىدنىڭ جاۋابى.

خوش، ئۇنداقتا شېرىن خىيال دېگەن نېمە؟

شېرىن خىيال، ئويغاق ھالەتتە كۆرۈلگەن چۈش دېمەكتۇر.

ئەگەر، سەنئەت ئويغاق ھالەتتىكى چۈش دېيىلسە، ئۇ ھالدا چۈشنىڭ سەنئەت بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ ھەئە، پىروئىد ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇنى ئىسپاتلىدى: چۈشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي رولى مەيلى قانداقلا ئوي-خىياللار بولمىسۇن ئۇنى ئوبرازلاشتۇرۇش. چۈش مۇھىتىدا بەزى خىياللار كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش سېزىملىرى قاتارلىق سېزىم ئەزالىرىنىڭ پىششىقلىشىدىن ئۆتكەن بىۋاسىتە سېزىم ئوبرازلىرىنى شەكىللەندۈرسە، يەنە بەزى ئويلار سىمۋوللۇق ئوبرازلارنى شەكىللەندۈرىدۇ.

چۈش مۇھىتىدا ئاساسەن ۋەقە ھادىسىلەرنىڭ لوگىك باغلىنىشى، باش-ئايىغى ئېنىق بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۆتمۈش، كېلەچەك مەۋجۇت بولمايدۇ، ئادەم ۋاقىت جەھەتتىن ھازىر كاتېگورىيىسى دائىرىسىدىلا پائالىيەت ئېلىپ بارالايدۇ. بۇ مۇھىتتا ئىدراك ئەمەس، ئانتى ئىدراك تېخىمۇ ئۇچۇق ئېيتقاندا جىنسىي ئاڭ ئادەمنىڭ پائالىيىتىنى ئىزگىنلەپ تۇرىدىغان يېگانە خۇداغا ئايلىنىدۇ.

سەنئەتنىڭ مەنبەئى نېمە؟ چۈش؟ دىن؟ تەقلىدىيەت؟ تۇرمۇش؟ ...

بۇ مەسىلىگە پىروئىد، سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەئى جىنسىي ئاڭ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ يەنە بەزىدە، سەنئەت بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا تاشلىنىپ قالغان سەبىي ئىستەكلىرىنىڭ، ئويۇن-تاماشىلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى دەپمۇ قارايدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ پىسخىك ئېنېرگىيىدە بالىلىقتىكى ئويۇن-تاماشا ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن تۇنجى تەسىراتلار سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ئويۇن-تاماشىلىرى چوڭلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلغانلىقىنىڭ «تەقلىد قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بالىلار چوڭ بولغاندا، ئويۇن-تاماشىغا بولغان قىزىقىش-ھەۋەسلىرى

ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىلىق ئويۇن ـ تاماشاغا بولغان قىزىقىشىنى ئىككىنچىلەپ باشتىن كەچۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ ئۇخلىماي تۇرۇپ كۆرۈلگەن چۈش، شۇنداقلا سەنئەت.

پىروئىدنىڭ سەنئەت مەنبەسى قارىشى «يۈكسەلدۈرۈش» نەزەرىيىسىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، جىنسى تەبىئىي ئىقتىدار رېئاللىقتا ھەر تۈرلۈك چەكلىمە ۋە بېسىملارغا ئۇچرايدۇ. بۇ بېسىم ئادەمنى ياكى روھىي كېسەللىككە مۇپتىلا قىلىدۇ ۋە ياكى ئادەمنى يۈكسەلدۈرۈپ بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

سەنئەتنىڭ پەيدا بولۇشى جىنسى مەسىلە بىلەن راستىنلا مۇناسىۋەتسىز بولمىسا كېرەك. سەۋەبى، جىنسى تەبىئىي ئىقتىدارى ئىپتىدائىي ھاياتنى كۈچىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتى. سەنئەتنىڭ ھەرقايسى ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھاياتىي كۈچىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى.

پىروئىد بىزنى بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىنىڭ رېئاللىق پەيتى، بالىلىق ئەسلىمىلىرى، جىنسى ئارزۇدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەرتىپى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۈرلۈك رېئال كەچۈرمىشلەر ئۇنتۇلغان يىراق بالىلىق ئەسلىمىلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسكە سېلىپ، رېئاللىقتا قاندۇرۇلۇش مۇمكىن بولمىغان ئەسەبىي جىنسى ئارزۇلار گويا چۈش مۇھىتىدەك ئوخشاش سەنئەت ھېسابلانغان شېرىن خىيالدا ئەركىن ھالدا قاندۇرۇلىدۇ.

رېئال كەچۈرمىشتىن ئىبارەت بۇ پەيت قارىماققا بىزنىڭ ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق سەنئەت قارىشىغا بىر ئاز يېقىنلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە تۆۋەندىكىدەك روشەن پەرقلەر مەۋجۇت:

### 1. بالىلىق ئۈچۈر مەنبەسى

بالىلىق دەۋردە كىشىلىك تۇرمۇش بىر تەرەپتىن ئەڭ چوڭقۇر خاتىرىلەرنى، ئەڭ گۈزەل ـ شېرىن ئەسلىمىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر تەپەككۇر شەكلى، تىل ئىشلىتىش، بايان قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتلىرى بالىلىق دەۋردىن باشلاپلا ئاستا ـ ئاستا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

### 2. سۇبيېكتىلىق

پىروئىد، سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى سۇبيېكتىلىق ئورنىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئېمىنىڭ تاللىنىشىدىن تارتىپ ئەسەر ئۇسلۇبىغىچە بولۇپمۇ پېرسوناژنى سۈرەتلەش جەھەتتە، ئەسەرگە سەنئەتكارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللاشقان تامغىسىنى چوڭقۇر بېسىش لازىم. يازغۇچى ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇششاق پارچىلاپ نۇرغۇنلىغان ئۆز ـ ئۆزىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ھەمدە شۇ ئارقىلىق پېرسوناژلارنى رېئال تۇرمۇشتىكىدەك ئاڭسىز ئاڭغا ستېرېئولۇققا ئىگە قىلىش زۆرۈر.

### 3. ئاڭسىز ئاڭنىڭ رولى

پىروئىدنىڭ پىسخولوگىيە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور نەتىجىسى ئاڭسىز

ئاڭ بولسىمۇ، ئۇ، پسىخولوگىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى.

پىروئىد، ئىجادىيەت تەرتىپى ھەققىدىكى باياناتلىرىدا بالىلىق خاتىرە، ئەسلىمىلەرنىڭ رېئال كەچۈرمىشلەر تەرىپىدىن ئويغىتىلىپ، غىدىقلىنىش ئارقىسىدا سەنئەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا رېئال كەچۈرمىشنىڭ زور دەرىجىدە تەسادىپىلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. شۇ سەۋەبلىك، سەنئەتكار ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پەيتىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدۇ ھەم مۇقىملاشتۇرالمايدۇ.

ئىجادىيەتتىكى ئاڭسىز ئاڭنىڭ رولى يەنە ئىجادىيەت مۇددىئاسى، مەقسىتىنىڭ تۇتۇقلىقىدىنمۇ كۆرۈلىدۇ. چىن سەنئەتكار ئەسىرىنى تاماملاشتىن ئاۋۋال ھەتتا مۇكەممەل پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئەسەرنى ئىجاد قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىگە ئايدىڭ بولماستىن، بەلكى تولىمۇ غۇۋا، تۇتۇق بولىدۇ.

ئىجادىيەتتىكى ئاڭسىز ئاڭنىڭ رولى ئىجادىيەت جەريانىنى چەكسىز ئەركىنلىك بوشلۇقىغا ئېلىپ كىرىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ تەرىپلىشى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، ئەگەر ئىدراك تەسەۋۋۇر باغچىسىنىڭ ئىشىكىدىن ئالدى-قاچان كىرىپ بولغان خىيالنى قايتىدىن قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا، ئىدراك ئىلھامنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە قەلب، ئىدراكنى دەرۋازا قاراۋۇللۇق سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ جىمىكى ئوي - خىياللىرىنى ئەركىن، چەكلىمىسىز ھالدا كەلتۈرەلەيدۇ. ئىجادىيەت شەكلى، پېرسوناژ يۆنىلىشى، ھېسسىيات خاھىشى، قۇرۇلما تۈزۈلۈشى، ماتېرىياللارنىڭ تاللىنىشى، تەشكىللىنىشى ۋە باشقا كونكرېت تەپسىلاتلار قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمىشە ئاڭسىز ئاڭ غايەت زور رول ئوينايدۇ. ئەمدى ئىجادىيەتنىڭ رولى مەسىلىسىگە كەلسەك، قەدىمقىلار «پاكلاش»، «گۈزەللەشتۈرۈش» ۋە «پايدىلىق بولۇش» دەپ بىلەتتى. بىزچۇ؟ بىز، سەنئەتنىڭ رولى بىلىش قىممىتىدە، ئىجتىمائىي قىممىتىدە ۋە ئېستېتىك قىممىتىدە دەپلا كېلىۋاتىمىز. پىروئىد بولسا بۇ مەسىلىگە، «چىقىرىپ تاشلاش» ياكى «جىددىيلىكنى پەسەيتىش» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پىروئىدچە بولغاندا، مەيلى بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بولسۇن ۋە مەيلى بەدىئىي ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش بولسۇن، ھەممىسى ئادەملەر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان يوشۇرۇن سەزگۈ، رېئاللىق بېسىمى ئاستىدا تونجۇقۇپ تۇرغان ھەر خىل ئارزۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرمىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل غىدىقلىنىش، جىددىيلىك (پىروئىد ئۇنى «جىددىيلىك» دەپ ئاتىسا، بەزىلەر ئۇنى «ئازاب» دەپمۇ ئاتىشىدۇ) نى پارتلىتىپ چىقىرىپ تاشلاش ياكى پەسەيتىش ئۈچۈندۇر.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، پىروئىد سەنئەتنىڭ ھەرقانداق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا ئۇنۇمى ھەمدە رولىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ جىنسىي ئاڭنى ئىپادىلەش دېگىنى، ماھىيەتتە سەنئەتكار ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلىش، ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش كېرەك دېگەنلىك بولۇپ، چىن سەنئەتنى، سەنئەتنىڭ ساپلىقىنى تەكىتلەشتىن ئۆزگە مۇددىئا يوشۇرۇنمىغان.

(«چاڭئەن» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 8 - سانىدىن قىسقارتىپ رەتلەندى)

# ئۇتلۇق چەمبەر

## (تارىخىي ھېكايە)

خىزمەت ئابدۇللىن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئەپسۇسكى، مەزكۇر ئۇچرىشىشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تەيخېي ئەتتەي ئېلىپ قالغان تۇردالىم ئاقساقال، جۈڭگو ھارىقىنى تۇرپاننىڭ مۇسەللىسى چاغلاپ، كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ قويدىمۇ، يەۋقۇلئاددە بىر ھاياجانغا چۈشۈپ، ھېچ كىمنىڭ سۆزىگە زەڭ قويماي، ئۇدزەر تېگىن ئارقىلىق تەيخېيگە ئەۋەتىلگەن كىتابلار، ئۇلارنىڭ مۇئەللىپ ۋە تەرجىماللىرى توغرۇلۇق، قىزغىن مۇلاھىزىلەرگە بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ قەدەر ھاياجانغا كېلىشىگە تەيخېينىڭ كىچىك دادىسى، خاقان كەيچەن بىلەن ئانىسىدىن كەلگەن خەتمۇ سەۋەب بولدى، كۈچلۈك ھاراقنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغۇزغانمۇ شۇ خەتلەرنىڭ مەزمۇنىدۇر بەلكى؟!

تەيخېينىڭ ئاغىسى ئىمپېراتور كەيچەن ئۆز خېتىدە: «ئەمدى نېمە قىلالايمىز — ئۆز مەيلىڭ؟ خالىساڭ چاقىرغىنىڭغا قايت، خالىساڭ كۆچمەنلەر ئېلىدە لايىق كۆرگەن ئادىمىڭگە تەگ. ئەمدى سەن ئەركىن ...» دەپ يازغانىدى.

تەيخېينىڭ ئانىسى بولسا بىر ئاز تەپسىلىي، لېكىن ئۇمۇ خاقانغا ئوخشاش سوغ قانلىق بىلەن ۋەسىيەت كۆرسىتىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئۇنتۇلغان تول خانىشلارنىڭ تاڭ ساربىيىدا بىكار تاماق، ئۆلچەكلىك كىيىم ۋە بىر خىل زىياپەتلەرنىڭلا غېرىبى بولۇپ يۈرگەنلىكىنى يېزىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئېيىق بولسىمۇ — ئېرىڭ، تۆگىلەر بولسىمۇ تۆيۈڭ بولسۇن» دېگەن ماقالىسىنى مىسال كەلتۈردى. «چاقىرغىنىڭدىكى خاقان ساربىيىدا يۈزلىگەن خانىشلارنىڭ بىرى بولغىنىڭدىن كۆرە، شۇ ئەلدە بولسىمۇ — بىر ئۆتەۋەرنىڭ خانىمى بولغىنىڭ ئەۋزەل» — دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپتۇ. مەزكۇر قارارغا تەيخېينىڭ ئۆزىمۇ ئاللىقاچان كەلگەنىدى.

× × ×

تەيخېينىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئۆز يېشىمىنى تاپقاندىن كېيىن، خاننىڭ تاماسى ئوزغاقتەك ئۇچۇپ كەتتى. ئولتۇرغانلار بىر — بىرسىنى تەبرىكلىگەندەك، پىيالىدىكى ھاراقتىن بىر — ئىككى يۇتۇم ئىچىشكەن بولدى. پان تۆرە بىلەن ئۇدزەر تېگىننىڭ باشقا مەسىلىلەرنى قوزغاپ، خۇش كەيپىياتىنى بۇزغۇسى كەلمىدى. ئۇلار تۇردالىم چالنىڭ مولاھىزىلىرىگە قولاق سېلىپ، تەيخېيگە چاقىرغاندىن كەلتۈرگەن قىزىل كىمخاپ بىلەن ئالتۇن يالاتقان خەي — يۈيۈچىلارغا ھەۋەس بىلەن قاراشتى.

— مانا بۇ تاۋغاچ ئەپسانىلىرى يېزىلغان كىتاب، — داۋام قىلدى تۇردالىم چال. — مە، مۇنۇ قول يازما بولسا، ھىندى تىلىدىن دەسلەپ ئۇيغۇرچىغا، ئاندىن تاپغاچلار تىلىغا ئۆرۈلگەن «سۇترا». بۇلاردا ئېلمىي ئويلار ئەمەس، قىزىق ۋەقەلىكلەر يېزىلغان ...

ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئۇدزەر تېگىن ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى:

— بىزدە تاپغاچلارنىڭكىدەك تۆمۈر قورغانلار كۆپ بولمىسا، كىچىك قورغانلار بولسا — بارلىق ئەللەرنى بىر قىلدۇرار ئىدۇق! تاپغاچلار دالادىلا ئەمەس، ئۇلۇغ سۇلار ئۈستىدە، كېمىلەردە يۈرۈپ ئۇرۇش قىلالايدىكەن ... شۇنداق تۇرۇپ كىچىك ئەللەردىن قورقىدىكەن. ئويۇم شۇنىڭغا يەتمەس. بىراق، مەن ئاتا، — ئۇدزەر تېگىن تۇردالىمغا قارىدى، — خاقان بىلەن كېلىشتىم: تىبەتلىكلەرنى قوغلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى سېنىڭ ئېلىڭ تۇرپاندىنمۇ ھەيدىۋېتىمىز! شۇ چاغدا مەن سېنى ئۆز يۇرتۇڭغا ئېلىپ بارىمەن.

تۇردالىم چال ئۇدزەر تېگىنگە مىننەتدارلىق ئېيتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى تولۇقلىدى:

تاپغاچلارنىڭ ئېلى كۆپ، يېرى ئاز. ئۇلاردىكى تۆپىكى بايلىق، — مال ئەمەس، بەلكى — تېرىلغۇ بىلەن ھەر خىل ھۈنەرۋەنلىك بۇيۇملىرى. شۇڭلاشقا بۇ ئەل ياخشى ئۆسكەن. بىزنىڭ كۆچمەن ئۇيغۇرلار بولسا، خۇددى تىبەت ۋە كىدانلاردەك قىزىق قاندۇر...

ئۇنداق بولۇشىمۇ سەۋەبلەر بولسا كېرەك، - دېدى تەيخېي.

— ئەلۋەتتە ... سەۋەب بارا ئۇدزەر تېگىن بىلەن پان تۆرە بىردەكلا جاۋاب بەردى.

ھاراقنىڭ ئارتۇق كەتكەنلىكىنى سەزگەن قېرى ئالىم، سۇھبەتداشلىرىنىڭ پىكىرىنى تەستىقلىدى - دە، شۇ «سەۋەبلەرنىڭ» تولۇپ دەستەمىگە يېتىپ، يېزىش ئۆيىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن، بىر ئاز ھاردۇق ئالماقچى بولۇپ، ئۆيىنىڭ پەردىگە ئوخشاش چىرايلىق رەخت بىلەن بۆلۈنگەن تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئۈچ پىكىرداش ئورخون دۆلىتى، ئوردا ۋە بايغاننىڭ توپ مەسىلىلىرى توغرۇلۇق كېڭەش قۇردى. ئاخىرىدا زۆرۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان قىرغىز ئېلى، ئاجونويان بىلەن تىل تېپىپ بىرلىشىشنى بىرىنچى نۆۋەتتىكى مەسىلە دەپ تەكىتلەشتى.

## XI

ئورخون ۋە ئۈزۈنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان بارلىق ۋەقەلەردىن قوشنا تايپا — قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى بولۇپمۇ قىرغىزلارنىڭ باشلىقى ئاجونويان تولۇق خەۋەردار ئىدى. بۈيۈك كارۋان يولىدا قاتناپ تۇرىدىغان، سودا كارۋانلىرى بىلەن تۈرلۈك دىنلارنىڭ تەرغىباتچى — مىسيونىرلىرى مەخپىي ئايغاقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايتتى. ئاجونويان ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بايغان تەختكە ئولتارغاندىن كېيىن، شۇ خىل ئايغاقچىلار ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر ئوردىسى ئىچىدىكى قارىمۇ — قارشىلىق بىلەن ئىچكى نىزالارنى بەش قولدەك بىلىپ تۇردى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىلىپ، ئالۋاڭ — ياساق بېرىشتىن باش تارتتى. تاڭ — تىبەت ئۇرۇشىغا نىسبەتەن خالىس مەۋقەدە كەلدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولماقچى! شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجونويان قارا قوۋۇم تەرەپتىن ھېچ بىر ياخشىلىق كۈتمەي، ئەكسىچە ھەر قانداق يامان ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرمەكتە ئىدى.

قېرى نويانىنىڭ ئۆيىچە، ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدىكى بۇ ماجرا مۇمكىن قەدەر، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ياردىمى بىلەن تىبەتنى ئۇزۇل — كېسىل يېڭىشىدىن بالدۇر يۈز بەرسە ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئىككى ئەسىرگە قەدەر سوزۇلغان پاك — تىبەت ئۇرۇشى ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىدە تاڭلىقلارنىڭ پايدىسىغا يېشىلمىشى ئېنىق. ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ تەكەببۇر بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك خاقاسلار ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ۋەقە قانچىلىك تېز يۈز بەرسە شۇنچىلىك ياخشى.

ئومۇم ھەربىي، سىياسىي ئەھۋالنى ئەنە شۇنداق توغرا ئۆلچىگەن قېرى قولباشچى، ئۆز ئېلىدىكى تەييارلىق ئىشىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئەسكىرى تەرەددۇتلاردىن باشلىغانىدى.

بۇ يىل، يەنى مىلادىنىڭ 839 - يىلى، كېچىكىپ كەلگەن قۇرغاق كۈزنىڭ مۆتىدىل تەپتى تامام تۈگەپ، شەرقىي — شىمالدىكى تۈزلەڭلىكلەردە شىددەتلىك سوغ شاماللار باشلاندى؛ كېچىسى پەسىيىپ، كۈنىنىڭ چىقىشى بىلەن قوزغالىدىغان بۇ شاماللار بىلمىنەر — بىلمەنمەس لەيزەكلارنى ئۇچۇرۇپ، غەرب تەرەپكە ھەيدايتتى، ئاردىلاپ — ئاردىلاپ كۈن چىقىش شامىلى، شۇقەدەر كۈچىيىپ كېتەتتىكى، ئۇ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ئىگىلىگەن قۇم بارخانلىرىنى ئازگال — چوڭقۇرلارغا، ئېدىر — قىرلارغا ئايرىپ تاشلايتتى. شۇ تۈپەيلى كۈن چىقىشنىڭ بۇ شامىلى «كۆلۈلتۈك» دەپ ئاتالغان، ئەھتىمالىم.

كۈز بىلەن قىش ئارىسىدىكى مانا شۇ سۈرۈن پەسلىدە دالا خەلقى تامام ئەنسىزلىنىپ، سان — ساناقسىز ماللىرىنى كۈن پېتىش تەسكەي تەرەپلىرى ھاڭ تاش ۋە ساي جىرالاردىن ئىبارەت دۆڭ — ئېدىرلار دالدىسىغا ھەيداپ، ئۆيلىرىنى تىكلىشەتتى.

ئەتراپى قىلىن ئوتلاقلارغا باي، قىرغاقلىرى تورغايلىقلار بىلەن قاپلانغان سېلېڭگا، ئونون دەريالىرى بويىدا ياشىغۇچى قىرغىزلار، باشقا قەبىلىلەرگە قارىغاندا، قىش، ياز بىردەك خاتىرجەم ھايات كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ مال، ۋارانلىرى ھەر قانداق قېلىن قارلىق، قاتتىق قىشتىمۇ، دەريالار ساھىلىدا پانا تاپاتتى. پەقەت كېيىنكى يىللاردىلا ئۆسۈشكە باشلىغان سېمىر مېلىلا. قېلىن قارلىق قىشلاردا ئاز — تولا چىقىمغا ئۇچرايتتى. شۇ سەۋەبتىن، كۈز ئەلپازدىن قىشنىڭ قاتتىق بولۇشىنى پەرەز قىلغان ئاجو نويان، ئەمدى پۈتۈن ئەلگە پەقەت سېمىز مال سويۇشنى بۇيرۇپ، ئات بىلەن قويغا ھازىرچە تەگمەسلىكنى جېكىدى ۋە بۇ يولىيورۇقىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى شەخسەن ئۆزى تەكشۈرۈپ، ئەل ئارىسىدا يۈرەتتى. ئاقساقاللار بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ئۇرۇشقا تەييارلىنىش لازىملىقىنى، قولىدا نەيزە، قېلىچ تۇتالايدىغان ئەرلەر ئۈچۈن ئىككى — ئۈچتىن ياراق ئات، ئوزۇق — تۈلۈك ھازىرلاشنى تاپشۇراتتى. شۇنداق قىلىپ قېرى نويان تېنىمدە قالغان قۇۋۋىتى بىلەن ئىنتايىن، مول تەجرى—

بېسىمنى، پەم - پاراسىتىنى، مۇنتىزىم لەشكەرنى كۈچلەندۈرۈشكە سەرپ قىلماقتا ئىدى.

بىر يىل ئابەينىدە ئۇ ئاساسىي قوشۇنلارنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتتى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى يىگىرمە مىڭ بېشى باشلىغان ئىككى تۈمەنگە يەتتى؛ بۇ يىل يازدا پۈتۈن لەشكەرلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ئىككىسى قېتىم جەڭگىۋار مەشىق ئۆتكەزدى؛ ئەمدى بولسا قىش شارائىتىدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ئۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك مەشىق ئۆتكۈزۈشنى مولجالىمىدى. ئاچو نويان بۇ ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئۈچ تۈمەندەك لەشكىرى بار بىردىنبىر دۈشمىنى بايخاندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئويىنى ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن كىشىلەرمۇ، چۆلىدىن ئىبتىدايىن تالانتلىق ۋە جەسۇر ئەسكەر باشلىقى بولغان بىردىنبىر ئوغلى ئارلان تۇتۇقمۇ بىلمەيتتى. ئاچو نوياننىڭ بۇ ئىشى شەخسىي ئىنتىقامى؟ ياكى ئەلنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا يېشىپ كېتىشكە ئىنتىلىشمۇ؟ ياكى كۆپ - لىگەن ھۆكۈمرانلار قېرىغانسېرى قەھرلىك بولغىنىدەك، ئۇنىڭ مۇستەقىل خانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايۋاتقان بايخانغا كۈچ - غەيرىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچىمۇ؟ بۇنى قىسىر ئەمگەن تاي گۆشىنى يەپ، قېمىز ئىچىپ ياتقان قېرى نوياننىڭ ئۆزىلا بىلەتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىنى بايىقى قەيەر يىگىت ۋاقىتلىرىدەك ھېس قىلىپ، تېتىك تۇرۇشتا، ئاتقىمۇ يارەمسىز مىنىشكە باشلىدى. غۇۋالاشقان قىيغاچ كۆزلىرى روشەنلەشكەندەك بولۇپ، ئۇزۇن تىك قاشلىرى تېخىمۇ ھۆرپىيىپ كەتكەنىدى، كۆپتىن بېرى قىرقىپ، چەكتۈرمەي قويۇۋەتكەن ساقال - بۇرۇتىنى قىسقارتىۋىدى، قاڭشىرى تېخىمۇ قىرلىنىپ، ياپىلاق يۈزى سوزۇلۇپ، ياشارغاندەك بولدى. بۇنىڭ بارلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ باشقىلارغا بولغان تەسىرىنى قېرى جەڭچىنىڭ ئۆزىمۇ سېزىپ، روھى كۆتۈرۈلەتتى.

× × ×

بۇنىڭدىن ھەپتە ئىلگىرى، قارا قۇرۇمدىن ئاتلانغان ئۇرخۇن ئەلچىسى شۈككار ئاتا، ئاخىرى قىرغىز ئېلىگە يېتىشلاشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاچو نويان، قارا قۇرۇم ئەلچىلىرىنى ئۆز ئوردىسىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا تۇرىدىغان بىر ئاۋۇلغا چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغان ئاۋۇل ئاقساقالى ئەلچىلەرنىڭ مەقسەتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاچو نويانغا دەرھال چاپارمەن ئاتلاندۇردى. مەزكۇر ئاۋۇلدىن ئەتىسى ئەتىگەن يولغا چىققان شۈككار ئاتا، ئۆز كىشىلىرى بىلەن يەرگە گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغان بىر چاغدا، ئاچو نويان ئوردىسىغا يېتىشلاشتى. ئۇلار بىر ھەپتە بويى يول يۈرۈپ چارچاشقا باشلىغان ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى سىلكىشىپ، ئۆزلىرىمۇ تېتىك ۋە تەمكىن كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. بىر چاغدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بېلىق سىرتىغا ئوخشاش دۆڭلۈكلەر تەرىپىدىن مىڭلىغان ئاتلىقلار، لەشكەرلەر، قورال - ياراقلىرىنى ياللىرىتىپ، ئەلەملىرىنى لەپىلدەتكەن ھالدا چىقىپ كېلىشتى. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، كېلىۋاتقان ئەلچىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قىلىنغانلىقىنى بايقىغان شۈككار ئاتا ئەمدى ئالدىغا كېلىشكە تېگىشلىك قېرى نويانىنى كۆزى بىلەن ئىزدەيدى. شۇ ئارىدا نويانمۇ كۆپ لەشكەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ پۈتۈنلەي ئاق جىرەن ئاتتا مىنىپ كېلىۋاتاتتى.

ئارىلىقتا يۈز قەدەمچە مۇساپە قالغاندا، بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن شۈككار ئاتا چۈشتى، ئاندىن ئاچو نويانمۇ ئۆز ئېتىدىن چۈشۈپ، — لېكىن ھەر قايسىسى ئاتلىرىنى يېتىلىگەن ھالدا، — بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى - دە، قۇچاق يېيىشىپ كۆرۈشتى.

— خانلارچە ياخشى كۈتۈۋالغىنىڭغا رىزا بولدۇم، نويان! — دېدى شۈككار ئاتا ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئاچومۇ شۇ خىل تەكەللۇپ قىلدى:

— بارلىق دالا ئەللىرى ئارىسىدا ئىككىمىزدىن باشقا يېشى چوڭ باشچى يوق، شۈككار باتۇر، — شۇ سۆزلەر بىلەن ئاچو نويان كېيىنىڭ ئايىغىدا شۈككار ئاتىنىڭ پېيىنى يۆلەپ، ئاتقا مىنگەزدى، ئاندىن ئۆز ئېتىغا مىندى. ئىگەرنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان زەر تۇماقلىق تۆيغۇنىنى قولىغا ئېلىپ، مېھمانغا ئۇزاتتى.

«ھەربىي قوشۇنلارىمىز قىرغىز خېنى ئاچو نويان! نايمانلار قولباشچىسى شۈككار باتۇر!...»، دەپ ۋارقىرىغان ئۇران شوئارلارنىڭ سادىسى ئەتراپقا ياڭراپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ لەشكەر باشلىقلىرى بىردىنكېيىن بېرى يېقىنلىشىپ كېلىپ، شۈككار بىلەن سالاملاشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاما - قۇندۇزلارنى تاشلاپ، سۆلەت كۆرسىتىشتى.

— ئەتىگەندە ئاق ئۇۋۇلاشقا چىققانىدىم، — دەپ سەلتەنەتنىڭ ئۆزىنىمۇ ئاددىي قىلىپ كۆرسەتمەك بولدى ئاجو نويان. لېكىن ئۆزىمۇ قاراڭ ئوۋچى شۇڭقار ئاتا ئۆز كىشىلىرى ئالدىدىكى بىر قانچە قادا-قۇندۇزلارنىڭ توكلىنىغاندەك قېتىشىپ قالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ پەقەت بۈگۈنكى ئولجا بولماي، بەلكى تۈنۈگۈن-بۇرۇنقى كۈنلەردىكى تۇتۇلغانلىقىنى بىلىۋالىدى. بىراق سىرنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ؛ ئۇۋ ئولجىلىق بولغان ئوخشايدۇ. تېخىچە شۇنداق چوڭ شىكارلارغا قاتنىشىپ، باشقۇرۇپ يۈرگىنىڭىزگە خۇشالمەن، نويان! — دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى سىپايىلىق بىلەن ئېيتقان بولدى.

ئاجو نويان بولسا، بەئەينى شۇڭقار ئاتىنىڭ كەپلىرىنى تەستىقلىغاندەك، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن زور ۋە تانىسى قاتتىق يارىيىنى قولىغا ئېلىپ، قوشۇنلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ بارغان قۇشلار تۈپىگە قارىتىپ، ئارقىمۇ-ئارقا ئىككى تال ئوق — يانى ئاتتى — دە، يەرگە دومىلاپ چۈشكەن قۇشلارغا كۆڭۈل بۆلمەي، بارىۋەردى.

× × ×

تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىدە تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي ئادەتلەر بويىچە، كەلگەن مېھماننى كۈتۈۋالغۇچى ئۆي ئىگىلىرى ئۇنىڭ مەقسەت — سەۋەبلىرىنى بىردىنلا سورۇشتۇرمەي، سەۋر — تاقەتلىك بىلەن هال — ئەهۋال سورىشىدۇ. ئەل يۇرتىنىڭ ئامانلىقى، مال — ۋارانلىرى ۋە هاكازالار خۇسۇسىدا سۆهبەتلىشىدۇ؛ مېھمانلار ئارىسىدا — شۇ خىل سۆهبەتلەردىن كېيىن، ئالدىرىماستىن ئەتىسى ياكى ئۇلار كېتىدىغان ئاخىرقى كۈنى ئاساسىي مەقسەت ھەققىدە سۆز ئېچىپ، رەسمىي كېڭەش — كېلىشىملەرگە كۆچىدۇ. شۇڭا بىر ئەلدىن يەنە بىر ئەلگە، ئورخۇن ئوردىسىنىڭ نامىدىن ئەلچى بولۇپ، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى چىگىش مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن شۇڭقار ئاتىنى قېرى نويان كەم دېگەندە، بىرەر ھەپتە كۈتۈشنى ئويلىغان. شۇڭلاشقا ئۇ ئەتىسى ناشتىدىن كېيىنلا، شۇڭقار ئاتىغا ئوۋ ئوۋلاپ، كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشىنى تەكلىپ قىلدى... لېكىن شۇڭقار ئاتا، ئاجونويانغا رازى-مەنلىكىنى ۋە ئىنتايىن ئالدىرايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەگەر نويانىنىڭ ۋاقتى، كەيپىياتى يار بەرسە كېڭەشنى بۈگۈن تاماملاپ، ئەتە يولغا راۋان بولالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، «قارا قۇرۇم ئەلچىسىنىڭ شۇ قەدەر ئالدىراشلىقى ئۇ ياقتا ھاۋارايىنىڭ يامانلىقىدىنمۇ، ياكى ئۇيغۇر — نايمان، ياغما — چىگىللەرنىڭ باشلىرىغا ئۆزگىچە بىر ئېغىرلىق چۈشكەنلىكىدىنمۇ؟!» — دېگەن ئويلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئاجونويان، ئەپسۇسلانغان هالدا:

— شۇنداق، كېرەك بولسا، سىزنى ئىشقىلىپ تەييارمەن، — دېدى سەمىمىيەت بىلەن ۋە كېڭەشكە ئۆزلىرىدىن باشقا قانداق مەنسەپ ئىگىلىرىنى چاقىرىش كېرەكلىكىنى ئېنىقلىماق بولۇۋىدى.

— مەن — مەن يالغۇز سۆزلەشسەك ياخشى، نويان، — دەپ ئۆز پىكرىنى بىلدۈردى شۇڭقار ئاتا.

ئاجونويان سىرتقا چىقىپ هاجەت بولغان بۇيرۇقلارنى بەرمەكچى بولدى — دە، يەنە ئۇ ئۆيدىن قايتىپ، كېرەك كىشىنى ئۆيگە چاقىرتتى ۋە مېھماننىڭ كۆزىچە ئۇنىڭغا: ئۆزلىرىنىڭ كېڭەشكە ئولتۇرىدىغانلىقىنى، ھېچ كىمنىڭ بىئارام قىلماسلىقىنى، ئاشپەزلەرنىڭ تەييارلىغان تائاملىرىنى تېز كەلتۈرۈپ بېرىشىنى بۇيرۇدى. ئەڭ ئاخىرىدا، يەنە خەزىنىچىسىنى توختىتىپ:

— شۇڭقار باتۇر ئەرتە تاڭدا ئەلگە ئاتلانماق، يولغا چىقىشتا هازىرلىق كۆرۈڭلار! — دېدى. بۇ بۇيرۇق پەقەت مېھمانلارنىڭ ئات — ئۇلاغلىرىنى ئوتلىتىپ ئېلىپ كېلىڭلار، دېگەن مەنىدىلا بولماي، بەلكى ئۇلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغا — تۇھپىلەردىن نەچچە ھەسسە ئوشۇق سوۋغا-تۇھپە تەييارلاڭلار، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

× × ×

شۇنداق قىلىپ، ئەلچىلەر كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، رەسمىي كېڭەش باشلاندى. ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى ئىنتايىن قەدىمىي ۋە كەسكىن باشلىنىپ چاپسانلا ئاياغلاشتى. ئاجونويان شۇڭقار ئاتا ئاغزىدىن بايىخاننىڭ ئۇنى مۇستەقىل «خان» دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىدەكلا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۇنى مۇستەقىل «خان» دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىدەكلا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئالۋاڭ — ياساق تۆلەپ تۇرۇشنى ۋە ئورخۇن دۆلىتىنىڭ يۈز يىللىق تۈزۈمىگە قەدەر، پايتەخت قاراقۇرۇم شەھىرىنى ياساش ئۈچۈن ئۆزلۈك قوشۇنىنى بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلاپ، كىنايىلىك كۈلۈپ قويدى — دە، ئىككى — ئۈچ ئىبارە بىلەنلا جاۋاب بەردى:

— مەنمۇ، بايىخاننى ئورخۇن دۆلىتىدىكى خان، دەپ تونۇمايمەن! — دېدى ئۇ، — ئەگەر بارچە

تۈركلەرگە ياۋ چاپسا، ئۇ چاغدا ياردەم قىلارمىز. سىلەرنىڭ ئىلىڭگەر يىلان تايىنچاقلار بىرلە، تىبەتلىك- لەرنى چېپىشقىلارغا ياردەم قىلامامسىز.

— شان كۈنجۇ باشلىق تىبەت لەشكەرلىرى بىزنىڭ باغىرلار ياشاۋاتقان تۇرپان، قۇمۇلنى بېسىپ تۇرۇۋۇر. بىز ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئايايمىز؟ — دەپ ئاچۇنىنىڭ تىبەتلىكلەرگە ئۆچ تارتىشقا قارشى ئىنكار- ىمىز دەلىل كەلتۈردى شۆكقار ئاتا. ئاندىن ئۇ ھەبۆلۈنگەننى — بۆرە يەر» دېگەن ماقالىنى ئېيتىپ، ئاچۇ- نى چۆچۈتمەك بولدى. بىراق بۇ پىكىر قېرى نويانىنىڭ ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ قەھرلىك ۋولجالىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆز ئويلىرىنى ئۇچۇق ۋە تەپسىلىي ئىزھار قىلىشقا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەشنىڭ ئىككىنچى قىسمى باشلاندى.

— يالغۇز بۆلۈنگەننىلا ئەمەس، بىراۋنى بۆلۈپ يېمەك بولغانسەنمۇ — بۆرە يەيدۇ! — دېدى ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرىنى خاراپ قىلغان خانلىرىغا ئىشارە قىلىپ، — بايقان بىزنى ئۆتكەندە شۇنداق بۆلۈپ، تالاپ كەتتى؛ ئەمدى ئۇ ئۆزگىلەرنى تالىماقچى؛ بىراق سەن ئۇنىڭغا ئېيت: ئاخىرى ئۇنىڭ ئۆزى تالىنار. مەن ئۇنىڭدىن يىگىرمە ياش چوڭ. سەككىز ئۇندىن ئۆتتۈم. بىراق، بايقان بىلەن بىرمۇ- بىر ئېلىشىشقا تەييارمەن! بايقاندا ئۈچ تۈمەن لەشكەر بار، مېنىڭدە بىرلا تۈمەن. شۇنداق بولسىمۇ مەن بايقانغا چاپىمەن! سىلەر ئارىلاشمىساڭلار — قانداق ياخشى بولار ئىدى...

— قوي ئاچۇنويان! ئىلنىڭ تىنچلىقىنى ئاچچىقىڭدا بۇزما، — دەپ رەنجىمەش بىلەن نارازىلىق بىل- دۈردى شۆكقار ئاتا، — بىز يارلىقسىز بىر ئۇرۇق... ئاتا - بوۋىلاردىن تارتىپ بىرلىكتە كۆچۈپ — قونۇپ كېلىمىز. ئاغا، ئىنىلەر ئارا ئاز - كۆپ نارازىلىق بولۇر، بىراق ئۇلار بىر - بىرىنى قىرىپ، چاپماس. ئاخىرى كېلىشىمگە كېلۇرمىز.

ئاچۇ يەنە شۆكقارغا قارشى چىقتى:

— ياق، شۆكقار باتۇر، دۇرۇس ئەمەس! بىز يارلىق تۈرك ئەللىرى بىردەك. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە ئىنىمۇ ئەمەس. كۆن پېچەش، تېرىسكەيدىكى باشقۇرت، قىپچاق، سوۋار ئوخشاش قەبىلىلەر. يارلىقى شۇنداق ئويلايدۇ. ئۇلار مېنى ئاڭلايدۇ. كۈنگەي — چىقىشتا قارا قورۇمغا ئىلاجىسىز يىقىلغان قارلۇق، ياغىرقول، باسمىل، كەنجەكلەرمۇ ئىككى ئويلۇق. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇقىدىكى ئارغۇ، توخسى، يەنە سېنىڭ ئېلىڭ — نايمانلاردىن قورقار. سىلەر نېمە ئۈچۈن نېگىزگە، ياغما - چىگىللەردىن بولغان ئۇيغۇرلارنى ئاغا تۇتىسىلەر؟! نېمىشقا ئۇلار يارچىمىزنى بىيلىمەك بولۇر؟! ئەمدى بۇنىڭغا كۆنۈشكە بولماس!!!

— چاكىمەننىڭ كۆرسەتكەن يولى شۇدۇر...

— ئۇ تابىغاچلاردىن بىزگە قانداق ياخشىلىق كېلۇر؟

ئۇنىڭ بېرى ئۆزىگە يەتمەس، ئەسكىرى بىزنى بېكىلىمەس. بىزنى ئۆزگە ياۋ چاپسا، ئۇ چوڭ يىلان بىزگە كۈچ قوشماس. ئەڭ ياخشىسى — بىزنى بىز دالادىن قىقىپ چىقارسىمۇ، تابىغاچ، تىبەت ئېلىگە بارمايمىز. بىز ئىلى، تۇرپان، قەشقەردىكى باغىرلار تەرەپكە تەڭرىتاغ، ئالا تاغ تەرەپكە كۆچىمىز. — شۇ خىل كەسكىن ۋە قىزغىن مۇلاھىزە قىلىپ كېلىپ، ئاچۇنويان ئاخىرىدا: مەن ئاغرىپ چارچاپ ئۆلسەممۇ، يەيزە - قىلىچتىن ئۆلسەممۇ، ئېلىمگە شۇنى ئېيتىپ كېتىۋۇرمەن، — دېدى: — بىزنىڭ ئەجدادلار ئاشۇ تەڭرى- تاغلىرى ئەتراپىدىن ئېقىپ كەتكەندۇر؛ بىز قايتا يەنە شۇ ياققا بېرىپ، ئۇ يەردىكى زوراۋان ياۋلارنى ھۇرۇپ تاشلاشىمىز كېرەك!

رەسمىي كېڭەش ئاساسەن، ئاچۇنويانىنىڭ مەزكۇر مۇلاھىزىسى بىلەن تاماملاندى، شۇڭلاشقىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى چۈشلۈك تاماقتا مەيلىنى بىلدۈرۈپ، ئادەتتىكى مېھمان - دوستلۇق خۇشى مۇزاكىرىلىگە كۆچۈشتى...

× × ×

ئاچۇنويان بىلەن بايقاننىڭ — دېمەك، قىرغىز بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئەمەدى يېڭى قوشۇلمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ كۆڭۈلسىز ئەھۋالنىڭ نە قەدەر يامان نەتىجىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كېچىنى بىئارام ئۆتكۈزگەن شۆكقار ئاتا، ئۆزلىرى قونغان ئۆينىڭ ئوچىقىغا ئوت ياققاچ، ئورنىدىن تۇردى - دە، يەنە قېرى نويانىنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئاخىرقى قېتىم — خاھىشلىرىنى ئېيتىپ ئۆتمەك بولدى.

ئاچۇنويان بولسا شۆكقار ئاتىدىنمۇ بۇرۇن، تالاغا چىقىپ، ھاۋارايىنىڭ خېلى ياخشىلانغاندىن كۆڭلى

خۇش بولغان ھالدا، ئۆيگە كىرىپ ئوچاق ئالدىدا، ئۈستىگە يېپىنغان قاشقىر جۇگىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ، ئاقۇش يۈڭ باسقان سۆڭەكلىك كەڭ كەۋدىسىنى ۋە قېرى قىرانىڭ قاناتلىرىغا ئوخشاش، توغان قاتاڭغۇر قوللىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى ئۇزاق ياشاپ، تالاي باتۇر بۈركۈتلەرنى ئۇچۇرۇم قىلغان، ئەمدى بولسا ئۇۋا ئۈستىدىكى ئېگىز خادا تاشتا ئولتۇرغان قېرى بۈركۈت ۋە ئۇنىڭ بېشىدا گۈرۈلدەپ چىقىرىشىۋاتقان بوران — چاپقۇنلار نامايان بولماقتا ئىدى. خىيالىدىن بولسا: «جانىۋار ئۆزىنى شۇ خادىدىن تۆۋەن تاشلىمىسا — بەزىبىر ئۆلۈر ئىدى... بىراق ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم كۆككە كۆتۈرۈلۈر... — بوران — چاپقۇنلارنى يەنە بىر قېتىم يېرىپ ئۆتۈلۈر! ئاندىن ئۆزىنى يەرگە، ئۆزى ئۆسكەن شۇ ئېگىز تاغلارغا تاپشۇرۇر. ئېلتېبىرىس خانىمۇ، ئىدىكان بىلگى كۈچلۈك تېگىنمۇ، تۈرك — ئۇيغۇر چېپىشىشىدا ئۆزلىرىنى قانغا بۇلغانغان تۈمەنلەر ئارىسىدا تاشلاپ ئۆلگەن... مەن باياغانى يېڭىمەن، بولمىسا — ئاقۇ تۈرك ئاتلىرىدەك ئۆلۈرمەن!» دېگەن پىكىرلەرنى ئۆتكۈزدى.

× × ×

قېرى نويان، شۇڭقار ئاتىنىڭ ئاخىرقى سەممىي مەسلىھەت — تەكلىپلىرىگىمۇ، شۇ خىل قەتئىي جاۋابنى بەردى. شۇ تۈپەيلى ئورخون دۆلىتىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئاقساقاللىرىنىڭ بىرى شۇڭقار ئاتا، ئاجو نويان تەرىپىدىن شەخسەن ئۆزىگىلا سوۋغا قىلىنغان ئورغۇن ئۇيۇلارنىڭ ھېچ قايسىنى ئالماي، پەقەت نويانىنىڭ ئۆزى بېقىپ، بەش قېتىم تۆلەتكەن ئاق تۇيغۇنىنىلا ئالدى. ئەنئەنە بويىچە، مۇنداق ئەھۋاللاردا ئەڭ ئاۋۋال خان — خانغا تۆھپە ئەۋەتىشكە تېگىشلىك ئىدى. قىرغىز نويان بولسا، باياغاننىڭ خانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، شۇڭقار ئاتا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغىلا سوۋغا تەقدىم قىلدى!

— سەن ماڭسا كايىما، شۇڭقار، — دېدى ئەھۋالنى ياخشى چۈشىنىپ تۇرغان ئاجو — مېنىڭ ئورنۇمدا بولساڭ، سەنمۇ شۇنداق قىلۇر ئىدىڭ.

— سەنمۇ ماڭا كايىما، نويان، ئۆزەمگىلا تارتقان سوۋغاڭ ئۈچۈن كۆپ رازىمەن. بىراق ئۇنى ئېلىپ، ئۆز ئوردامدىكى خاننى خاپا قىلۇرمەن.

— دۇرۇس، — دېدى ئاجو نويان، — باياغان بۇنىڭ بارلىقىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرەر. مەن ئۆزەڭ سايلىغان خېنىمغا يالغان ئېيتالماسمەن. بىراق، ئەڭ بولمىغاندا، ئەرەب ئىلقىسىنىڭ تۇخۇمىدىن ئېلىنغان ئېسىل ئېيتىمنى مىنىپ كەت. «سېتىپ ئالدىم» دەرسەن.

كۈچەن دالا ئېلى، ئۇنىڭ باتۇر ئەرلىرى ھېچ قاچان ياخشى ئات، قىران قۇشتىن كېچەلمىگەن، شۇڭلاشقا ئاجو نويانىنىڭ كىشىلىرى، ئۇنىڭ بۇرناكۈن ئۆزىنى قارشى ئالغاندا، قېرى نويانىنىڭ ئۆزى مىنىپ چىققان جىرەن ئايغىرىنى كۈمۈش ئىگەر توقۇمى بىلەن يېتىلەپ كېلىپ، شۇڭقار ئاتىنى مىنگۈزدى.

XII

شۇڭقار ئاتا پايتەخت قارا قورۇمغا يەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، ئاجو نويانىنىڭ ئاق تۇيغۇنى قايتىپ كەلدى، ئۇنى كۆرۈپ، نويانىنىڭ خۇش كەيپىياتى بىردىنلا بۇزۇلۇپ كەتتى، گۈزەل ۋە چەبدەس قۇشنىڭ ئايىغىدا ئۇزۇن يىپ باغ تۇرماق، قىسقا تاسما باغلىرىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتەي قايتۇرۇلغانلىقى شۇ ئارقىلىق ئورخون ئوردىسىدىكىلەر ئاجو نويان بىلەن شۇڭقار ئاتىغا ھاقارەت قىلغانلىقى ئۆز — ئۆزىدىن مەلۇم بولدى.

دەھشەتلىك ئويلار، خىلمۇ خىل خىياللار ئىلكىدە زۇۋانسىز ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغان ئاجو نويان ئۆز ئويلىرىدىن خۇلاسە چىقارغاندەك:

— ئەمدى جىرەن ئايغىرنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك! — دېدى ئۆكسىگەندەك ئېغىر خىتاب قىلىپ، — ھازىر ئۇ ھەم يولدا كېلىۋاتقاندۇ... تايىنلىق ياۋۇز باياغان ئۇ جانىۋارنىمۇ قوغلاپ تاشلىدى! ھازىر ئۇياقلار قېلىن قار بىلەن بورانلىدۇر. جىرەن ئايغىر بىزنىڭ قارسىز يەرلەرگە كەلگىچە، دالادىكى يىرتقۇچلارغا يەتكۈزمەيدۇ. بىراق قارسىز يەردە، كۆپ يىرتقۇچ قامال قىلىپ، ھالاك قىلىشى مۇمكىن! تېز ئاتلىنىڭلار!

ئاتىسىنىڭ چىرايىدىكى قەھرلىنىشنى كۆرگەن ئارلان تۇتۇق، ئاتىنىڭ قەھرىنى بېسىپ، شۇدەمنىڭ ئۆزىدىلا بىر قول ئەسكەر بىلەن ئاتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— قېلىن قارغىچە بارغىنىمدا، ئايغىرىنىڭ ئۆزىنى تاپمىساڭ، ئۇ يەردىن نېرىغا ئۆتمەي تېز قايت! —

دېدى ئاجۇڭويان.

جىرەن ئايغىر ھەقىقەتەنمۇ، ئۇزۇن ۋە دەھشەتلىك يولدا قىلچە قارىنى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. كېچە قەھرىتان قىش ئەۋج ئالغان بىر دەريا ياقىسىدىن يەنە بىر دەريا تەرەپكە قاراپ راۋان بولغان جانىۋار، كېچە - كۈندۈز توختىماي يۈرتۈپ كەلمەكتە، ئۇنىڭغا ئەگەشكىنچى كۈنمۇ ھېچ نېمە ئۇچرىمىدى، بوۋاقلىق دالاغا قاراڭغۇلۇق چۈشمەكتە... ھەرقانداق بالايۇ - ئاپەتنى ساق بولۇش ئۈچۈن، ئۇن بويى، يەنە توختىماي چېپىشقا تېگىشلىك جانىۋار، قىرو باسقان تال - تال كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ئېچىپ يان - يېنىغا سىنچىلاپ قارىدى — سول تەرەپتىكى ئېدىرنىڭ ئېتىكىدە قارايغان ئېگىز تۇۋشاقغا، ھاكى تالغا ئوخشاش ئۈسكىلەك بىر نەرسە كۆرۈندى. ئۇ ئۇدۇل ميكىشتىن كۆرە، قىيداپ كېتىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ئاچلىق ئازابىدىن شۇ تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. بايىقى قارايغان نەرسە پاكار ئۆسكەن جىگدە دەرىخى ئىكەن، ئۇلارنىڭ تىكەنلىك شاخلىرىدا جىگدە تۇرماق، بىرەر يوپۇرماقمۇ قالمىغانىدى. ئات بىر تۈپ جىگدە قوۋزىنى چاپچىپ ئاچتى. بەختىگە ئىنتايىن ياخشى، دەملىك يەمگە ئۇچرىغى تەگدى، قىلچە مۈكلىگەن جىگدىلەرنىڭ ھەممە مەھسۇلاتى، يەرگە چۈشۈپ قار ئاستىدا نەمدىشىپ ياتقان ئىكەن!

ئەلقا مېلىنىڭ باشقا ماللىرىدىن بىر ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ يېمى بولسىلا بولىدى: يېگەنباشتىن كېلىچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كېتىدۇ. جىرەن ئايغىرمۇ خۇددى شۇنداق ھالەتكە كەلدى. يەم يېگەچكە سەل سوۋۇپ، قىرو قاپلىغان تېنى، باشتىسىدىن قىزىپ، ساقىغان ئاياغلىرىغا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى - دە، يەنە ئالغا ئىنتىلدى... بىر چاغدا ئوڭ تەرەپتىن ئېچىنىشلىق ھۇۋلىغان بىر نەچچە بۆرىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىدى، لېكىن ئۇ ياققا بېقىشنى بۇرماي، پەقەت بىر قۇلىقىنى ئاۋازغا قارشى رۇسلىغان ھالدا كېتىۋەردى. چۈنكى ئۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئاچ ۋە ھالسىز بۆرىلەرنىڭ قىلچە قارىنى ئۆزىگە ئوخشاش بولۇپ مادالاي ھۇۋلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

بارغانسېرى قار نېپىزلاشقا باشلىدى؛ تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن جىرەن ئايغىر تاپ - تاقىر تۈزلەڭگە چىقتى. جانىۋار يەر شارائىتىنىڭ شۇ قەدەر تېز ۋە ئوڭۇشلۇق ئۆزگىرىشىدىن ھاياجانلانغاندەك، بىر ئاز ئۇيناق - بويناقتا ئايلىنىپ قاراپ تۇردى، شوخ قىيغىتىپ ئويناغۇسى كەلدى! لېكىن بارغانسېرى قۇۋۋىتى ئازىيىۋاتقان جانىۋارنىڭ قىيغىتىشقا چامىسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولجا ئۈچۈن جان - تېنى بىلەن ئىنتىلىدىغان يەر باغرىدىكى يىرتقۇچلار، ئاسمان مۇشۇنداق تاقىر يەردە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ ياۋۇزلارچە قان تۆكەتتى ...

× × ×

ئارلان تۇتۇق ئۆز يارانلىرى بىلەن ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ئازراق دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىدى. ئاتلارنىڭ بېشىغا يەم سېلىنغان خالتىلارنى كىيگۈزۈپ، ئۆزلىرىمۇ تاماق يېيىشكە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى چىڭقىرىپ كىشنىگەن ئاتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئارلان تۇتۇق:

— بۇ دەل شۇ جىرەن ئايغىرنىڭ ئۆزى! — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ يارانلىرىمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ قولباشچىسىنىڭ كەينىدىن قوزغالدى.

ھەقىقەتەنمۇ ئەلسىز دالادا ئېچىنىشلىق كىشنىگەن ئات — جىرەن ئايغىر ئىدى. ئارلان تۇتۇق ئۇنىڭ ئەھۋالىنى يىراقتىنلا بايقاپ، سەسكىنىپ كەتتى: ئۇنىڭغا يېقىن ئاچ بۆرە ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ھوجۇم قىلماقتا ئىدى. بۆرىلەرنىڭ خېلى ۋاقىتتىن قىلىۋاتقان ھوجۇملىرىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ، بوي بەرمىگەن ئايغىر، تامام ھالسىزلانغان ھالدا، ئاران - ئارانلا مۆكۈپ كىشنەپ قوياتتى. ئاچ بۆرىلەر بولسا، كۆزلىرى قىزارغان ھالدا، جانىۋارنىڭ توغرا كەلگەن يېرىگە ئېغىز سالاتتى. بىر چاغدا جىرەن ئايغىر ئېگىز كۆتۈرۈلدى - دە، يىقىلدى. شۇ مەزگىلدە ئوقيا ئوقى يەتكۈدەك يەرگە كېلىپ قالغان ئارلان تۇتۇقنىڭ كۆزىگە ئايغىرنىڭ قارنىدىن بىر پارچە قىزىل چوغ پارتلاپ چىققاندەك بولدى. ئاچ بۆرىلەر شۇ قەدەر دەر غەزەپتە تېز ھەرىكەتلىنەر ئىدىكى، ئارلان تۇتۇق يارانلىرى بىلەن يېتىپ كەلگىچە، تېخى تىپىرلاپ ياتقان ئاتنىڭ گۆشىنى يۇلۇپ يېيىشكە باشلىدى ۋە كۆزلىرىگە قان تولغان بۇ يىرتقۇچلار، ئۆزلىرىگە يېقىنلاشقان قوراللىق ئادەملەرگىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدا ھەرىكەتكە چۈشكەن نەيزە - تىغلارغىمۇ پىسەنت قىلماي ئاغزىدا چۈشكەن ئىسسىق گۆش پارچىلىرىنى يۇتاتتى.

ئارلان تۇتۇقنىڭ يارانلىرى يىرتقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەمدىلا قىرىپ تاشلىدى. لېكىن بۇ ئەھۋال،

ئېسىل ئاتىنىڭ دەھشەتلىك ئۆلۈمى ھاسىل قىلغان ئاچچىق ئەلەمنى باسالمىدى. ئەكسىچە — ئۇ ئەلەم پۈتۈنلەي قىرغىز قوشۇنلىرىدىكى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قۇدرەتلىك باشلىقى ئاجونويانىدىكى ئورخۇن ئوردىسىغا، بايخانغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

× × ×

پايتەخت قارا قورۇمدىمۇ، خان بايخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بارلىقى ئاجونويانىنىڭ قەتئىي جاۋابلىرىدىن شۇ قەدەر دەرغەزەپكە كەلگەن ئىدىكى، دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇلار پۈتۈن قىرغىز - خاقاس ئېلىگە قارشى قانلىق يۈرۈش قىلىشقا تاس قالدى. بۇ يەردە ئاساسىي مەسىلە ئەل ئىگىلىرى ئارىسىدىكى شەخسىي قىساس - ئاداۋەتنىڭ راۋاجلىنىپ، ئەللەر ئارىسىدىكى ئۆرەسسەسىزلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىدە بولۇپ، سۆز بىلەن يېشىلمىگەن بۇ تالاشلارنى قىلىچ بىلەن يېشىش ئادەتلىرىگىمۇ باغلىق ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلارغا قارشى ئاتلىنىشقا بىرلا ئەھۋال - يەنى، ئورخۇن، تولا دەريالىرى ئەتراپىدا ئىنتايىن قاتتىق داۋام قىلىۋاتقان سوغ بىلەن قار - بورانلىق كاشىلا قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەنسىز كۈنلەردە چوڭ - كىچىك قويچى، ئىلقىچىدىن تارتىپ، لەشكەر - سەردارنىڭ ھەممىسى «ئات قاتى»، «نەيزە يويى» ياققان قاردا، قىرىلىشقا باشلىغان مالغا، ئوتۇنسىز، ئوزۇقسىز پۇقراغا ياردەم بېرىش كويىدا ئاۋارە ئىدى.

... تۆمۈر - تەسەك بىلەن ئالاقىسى باربارلىق كىشىلەر ئوغاق، چالغىغا ئوخشاش ئەسۋابلارنى ياساپ، دەريا ساھىللىرىدىكى «قۇردۇم» ئەتراپى ۋە باشقا يەرلەردىكى مەجنۇنتال، قومۇش قورايلارنى ئورۇۋېدىغان كىشىلەرنى جابدۇق بىلەن تەمىنلىمەكتە... بۇ ئىشنىڭ تەشەببۇسكارى تۇرداليم ئۆلىما بولۇپ، ئۇ ئېلمىي - ئىجادىي پائالىيىتىنى توختىتىپ، ئەمەلىي ئىشقا بىۋاسىتە ئارىلاشماقتا. ئۇدۇر، تېگىن باشلىق بىر تۈمەندەك لەشكەرلەر قېلىن قاردىن قاتتىق سوغ ۋە ئاچلىق دەستىدىن توڭلاپ ئۆلگەن مىڭلىغان ماللارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن قەدىمىي شىپىللاردەك ئېگىز قورغان ياساپ، ھازىرچە تىرىك تۇرغان ماللارنى ساقلاپ قېلىشقا كىرىشتى... قالغانلار ئۆزلىرىدىكى ئازدۇر - كۆپتۇر سېمىز ماللىرىنى سويۇپ تازىلاپ، توڭلىتىش بىلەن بولدى. شۇڭقار ئاتا بىلەن يان تۆرە ۋە باشقا يولباشچىلار ئايماق، ئۇلۇسلارنى ئارىلاپ، ئىلقا بىلەن تۆگىلەرنى قار ئاز توختايدىغان ئېدىر - قىرغا، يىراقلاردىكى چاتقاللارغا ھايداتقۇزماقتا.

مەزكۇر «قۇتقۇلدۇرۇش» ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر ئېلىپ، ھەممىسىگە تېگىشلىك مەسلىھەتلەرنى بېرىپ يۈرگەن خان بايخانمۇ، بۇ كۈنلەردە بىلەكچىلا مېھرىبان ۋە بىلەكچىلا جانلىنىپ كەتكەن، لېكىن ئۇ شۇ دەھشەتلىك قىشنى چىقىرىپ ئېلىشى بىلەنلا، بىرىنچى نۆۋەتتە — ئاجونويانغا لەشكەر تارتىپ يېقىندۇرۇشنى ئارمان قىلاتتى. بۇ ھەقتە خاقان كېچەدىكە مەكتۇپ يازغۇزۇپ، ئۇنى چاڭئەنگە ئىلدام يەتكۈزىدىغان چاپارمەنلەرنىمۇ تەييارلاپ قويغانىدى. كۆپ بىلەن كېلىشىلگەن مەزكۇر مەكتۇپتە قىرغىزلارنىڭ ئورخۇن ئوردىسىغا بويسۇنۇشى رەت قىلىنغانلىقى، ئاجونويانىنىڭ پەقەت ئۇرۇشنىلا خالاپ قالغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بىلەن، بۇ مەسىلىگە ئۇلۇغ خاقانىنىڭ ئارىلىشىشى ھاجەتلىكى ئىلتىماس قىلىنغانىدى.

لېكىن خەتنىڭ مەزمۇنىدىن كۆڭلى تولمىغان بايخان، ئۇنى تەيخېگە يەنە بىر ئوقۇتۇپ چىقىشنى ئويلىمىدى...

× × ×

ئاپەتلىك قىش باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا خان ئەتراپىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بالا - چاقىسى بىلەن ئوردا سارىيىغا كۆچۈپ كېلىشتى. بۇ كۈنلەردە قارا قورۇم ئوردىسىدىكى ھايات، ئۆزگىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان بىرىنچى شەخس بايخاننىڭ ئۆزى بولسا، ئىككىنچى ئاساسىي سەۋەب — تەيخې ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بىر قانچە زېرەك ۋە ئىناۋەتلىك ئوردا ئاياللىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن ھەمكارلىقى، ئىناقلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ساقلاشقا ئىنتىلىشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار خاننىڭ مەخسۇس ئايغاقچى، چاپارمەنلىرىدىن تاشقىرى، ئىدىكانغا ئوخشاش ئوناغان بالىلار ئارقىلىق، ھەر قايسى ئاۋۇللاردىكى ئەھۋاللاردىن دائىم خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. مۇھتاجلارغا دورا - دەرمەك، كىيىم - كېچەك ئەۋەتتى. ئۆيلىرى ۋەيران بولۇپ، پۇت - قولى، يۈز - كۆزى ئۈششۈكلەنلەرنى ئۆزلىرىدىن بوش قالغان چوڭ ۋە مەزمۇت ئوتاۋلارغا كۆچۈرۈپ داۋالاتتى. بۇ جەرياندا تەيخې ۋالا ئېلىمىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، بەرداشلىقىدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ھايات ئۆزى ئۆزگەتكەن يەنە بىر ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى — تېبىئەت

ۋە ئاپەت بىلەن ئېلىشىشنى شۇ ئاپەتنىڭ ئۆزىدىن پايدىلىنىشنى بىلمەسلىكنى بايقاپ، خۇشال بولاتتى. پايانسىز دالا قالغان قويچىلارنىڭ قويلارنىڭ ئارىسىدا يېتىپ ساقلىشى: يولدىكى كارۋانچىلارنىڭ تۆگىلىرىنى چۆكتۈرۈپ، ئۈستىگە كىگىز يېپىپ ماكان ياسىشى، ئات ئۈستىدە يۈرۈپ، ئۆي - چوكتۇرغا شامال تەتقان قامقاق دۆڭلىرىنى نەيزە - تاياقلار بىلەن ماللىرى تەرەپكە ھايدىشىغا ئوخشاش كۆپلىگەن ھەرىكەتلەرگە ھەيران بولۇپ، قايىل قىلاتتى... ھەتتا ئۇ، قەلبى تار، مىجەزى چاكىنىراق بايخاننىڭ شۇ ئېغىر كۈنلەردە تىنىمسىز ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەل بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغىمۇ سەممىيەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. بايخان بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى، تەيخې بىلەن ئۇدىزەر تېگىننىڭ رەسمىي ئائىلە بولۇشىغا، خان قىزىنىڭ ھامىلدارلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئىلاجسىز رازى بولغان بولسا، ھازىر ئۇلارغىلا ئەمەس، بارچىسىغا يېقىن خەيرخۇاھلىق بىلەن قاراشقا باشلىغانىدى.

بايخان كۆپ ۋە جىددىي ئويلىغاندىن كېيىن، تاڭ خاقانغا يازغان مەكتۇپ توغرۇلۇق تەيخې بىلەن مەسلىھەتلىشىش قارارىدىن يانغانىدى. «ئاخىرى ئۇ كىم؟» دەپ ئويلىدى ئۇ، — تەيخېمۇ بىر خوتۇندۇر. ئۇ قانداق بىلگە قۇت بولمىسۇن، ئوردىدا بۆيرۇق ئورنى يوقتۇر — ئۇنىڭ يازمىشقا قوشار ئەقلى بولسا، ئۇدىزەر بىلدۈرۈر ئىدى. «ياق كۆپ بىلەن كېلىشكەن يازمىشنى ئۆزگەرتىپ بولماس! چاپارمەنلەر يولغا يۈرۈپ كېتتۇر!»

بۇ خىيالىغا ئۇ تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن قوتىراپ ھۇۋلاشقا باشلىغان ئىتلارنىڭ بۆرىلەردەك، بورانغا قولاق سېلىپ ئولتۇرۇپ كەلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خىزمەتچىلەر ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ۋە:

— نېمە بولدى؛ نېمىشقا خەۋەرچىلەر يوق؟! شۇ ۋاقىتقىچە بىراۋ كەلمىدى؟ — دەپ چىرقىرىدى، شۇ پەيتتە، قوبۇلخانىغا ئۇدىزەر تېگىن كىردى. ئۇ قار - مۇز قاپلىغان چوڭقا، ئومىتىنى ھويلىدىكى لەمپە ئاستىدا قالدۇرغان بولۇش كېرەك؛ — يالىڭباشتاق، يالاڭ چاپانلىق بولۇپ، تەر باسقان بېشىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى. بايخان ئۇنىڭغا جىنى ئېچىنغاندەك ئىللىق قارىغان بويى، قۇچاقلاپ قارشى ئالدى - دە، ئۆز ھۇزۇرىغا باشلىدى ۋە خىزمەتچىگە:

— ئىسسىق چاي - ھاراق كەلتۈر! — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇدىزەر ھاراقتىن قاتار ئىككى قاچا ئىچتى - دە، تاماقنى ئۆيدە يەيمەن، دەپ ئۆتكەن كېچىدىكى ئەل - يۇرت ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلدى:

بايقىشىمچە، قىرۇرۇم ئەتراپىدا قويلارنىڭ يېرىمى قىرىلىپ كەتكەن. ئىلقىلار ئامان. تۆگىلەردىن ئو روقلىرى سوغ بىلەن بورانغا چىدىماي يىقىلماقتا.

— كىشىلەر قانداق؟

— كىشىلەر توق، ئوتتۇن - تېزەك يېتەر. بىراق قاتتىق چارچاشتى.

ئانچە، باشقا يۇرتلاردا بولغان باشلىقلاردىن ئىككىسى كېلىشتى

— بار - بار، تېگىن، تەيخېمۇ كۈتۈپ تۇرغاندۇر. بېرىپ ھاردۇق ئال، — دەپ ئىللىق ئىجازەت بەردى خان.

— ئۇدىزەر تېگىننىڭ ئوردىغا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئېتىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ ساق - سالامەتلىكىنى، ئات - قوشچى خىزمەتچىلەردىن سۈرۈشتە قىلىپ ئۇلگۈرگەن تەيخې، خۇددى يىللاپ كۈتۈپ، ئەمدى كۆرۈشكە نېسىپ بولۇۋاتقان ھاياجانلىق ھالەتتە ئىدى. ئۇ ئېرى يېشىغا كۆرىدىغان غىزا - تائاملاردىن ئالدۇرۇپ، داستىخان ياساپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ شۇ قەدەر ھاياجان بىلەن كۈتكىنىگە قارىماي، كۆرۈشۈش پەيتىدە، ھەتتا غىزا ئۈستىدىمۇ، ئىنتايىن مېرىپ كەتكەن يولدىشىغا لام - جىم دېمەي، پەقەت ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن غۇجۇملاۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇستى - بېشىنى سىلاش بىلەن بولدى. تەيخېدىن تەخمىنەن ئىككى ھەسسە زور، بەستلىك ئۇدىزەر تېگىن بىر پىيالە چاينى ئاران ئىچىپ، ئايالىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويغان بويى ئۇخلاپ كەتتى.

XIII

— زادى، بايخاننىڭ خېتىگە بىردىنلا جاۋاب بەرمەي، كېيىنكە قالدۇرساق، قانداق دەپ ئويلايسىز چەن يىمىن؟ — دەپ سورىدى تاڭ خاقانى كەيچەن تاشقى ئىشلار بويىچە ياردەمچىگە مۇراجىئەت قىلىپ.

— ئۇ چاغدا، خۇيخۇلار ① بىلەن خاقاسلار ئۆز ئارا ئۇرۇش ھالىتىگە كېلىپ، بايخان ئۆزىنىڭ

① خۇيخۇلار — ئۇيغۇرلار دېمەكچى

تېپەتلىمەكلەرگە قارشى تۇرۇپ، بىزگە ياردەم قىلىشاتقان ھەربىي قىسىملىرىنى قايتۇرۇپ ئالارمىكىن، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم؟ — دېگەن ئەندىشىنى بىلدۈردى چەن يىسەن.

— ئورخۇندىن كەلگەن خەتتىن ئۇنداق خاھىشنى بايقىمىدىم، ۋەھالەنكى بايىقاندا ئۇنداق نىيەت بولغان تەقدىردە، ياز كەلمىگۈنچە ئۇ ئويىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماس. ئۆزىڭىزنىڭ خەۋىرى باركى، كەلگەن ئەلچىلەرمۇ شۇنى تەكىتلەشتى: ھازىر ئۇ تەرەپلەردە قەھرىتان قىش — ھەر قانداق كۆچۈش، يۆتكىلىش مەسىلىسى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، ئاقىلانە مولاھىزىڭىزگە قايىلمەن. ۋەھالەنكى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، ئىنسى-تايىن جەسۇر ۋە بەرداشلىق دالا خەلقلىرىدىن ھەر قانداق پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتنى كۈتۈش مۇمكىن... ئۇلار ئۆز رىۋايەتلىرىدىكى بۆرە ئاتا، بۆرە ئانىلاردەك، ھەر قانداق پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلەرگە قابىلدۇر. ئەمدى بايىقاننىڭ ئۇرۇش شارائىتىدا ھەر تەرەپتىن ئۆز قىسىملىرىنى ئوردىغا تارتىش مەسىلىسى توغ-رۇلۇق ئۇچۇر قىلمىغانلىقى بولسا — بۇ ئادەتتىكى سىياسىي قۇۋلۇقتۇر. يەنە ئۇ دالا كۆچمەنلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى ھېسابقا ئالغانلىقىدۇر.

— دېمەك سىز ئورخۇنلۇقلارمۇ تالاش سارىيىدىكى سىياسىي قۇۋلۇق ۋە ئەۋرىشىملىكلەرنى ئىگىلەشكە باشلىغان دېمەكچىمىغۇ؟

چەن يىسەن، ئۆز خاقانىنىڭ بۇ ئىككى بىسلىق سوئالىدىن ئەيمەنگەن ھالدا، بىردىن جاۋاب بەرمەي، ئويلىنىپ قالدى-دە، تەخت ئىگىسىنىڭ تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ، جۈرئەتلىك داۋام قىلدى:

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم! كۆچمەنلەرنىڭ باشلىقلىرى بەرداشلىق، قورقۇمسىز رەھبەرلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن، شەھەر ھاياتىنى، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىشكە قابىل سىياسەتچىلەرگە ئايلانماقتا. ئۇلار پەقەت ئۆز ئارا، ئۇرۇق — قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئەنئەنىلىرى بويىچە، قوپال ۋە كەسكىن ھەرىكەتلەرگە قەدەم قويۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۆزگە ئەللەر، خۇسۇسەن، سىلىدەك دانا پادى-شاھىمىز باشقۇرغان بىزنىڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېھتىياتلىق بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ھەق-تىمۇ ئۆزلىرى — قانائەت بىلەن ئېيتقان.

— شۇ چاغدا، ھۆرمەتلىك چەن يىسەن، بايىقان مەكتۇبىغا قارىتا نېمە جاۋاب قىلىمىز؟

ئەيپكە بۇيرۇمىسىلا، ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، ئېيتىپ كۆرەي: مېنىڭچە خۇيغۇ — خاقاسقا، يەنى بايىقان بىلەن ئاجوغا بىردەك تىنچ — ئىناق بولۇشنى مەسلىھەت قىلىپ، كېلىشمەيۋاتقان مىسە مۇئامىلەرنى يېشىش ئۈچۈن يازلىققا كېچىكمەي چاقىرىدىغانلىقىمىزنى خەۋەر قىلساق.

خاقان، ئادىتى بويىچە، يالغان كۈلۈپ، سۆھبەتداشىنىڭ پىكىرىنى سىپايىلىق بىلەن ئىنكار قىلدى:

— دەرۋەقە، سىزنىڭ بۇ خىل ئىستىقباللىق ئوي خاھىشلىرىڭىزغا قايىلمەن، ھۆرمەتلىك چەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن دۈشمىنىمىز تىبەتلىكلەرنىڭ يىغىنىنى ئېغىلغاندەك، بىزگە ھەربىي كۈچ قوشۇش ماياقتا تۇرسۇن، ئورخۇندىن كېلىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەتلەرگە ئۇلۇش قوشۇشتىنمۇ باش تارتقان خاقاسلارنىڭ جاھىل نويانلىرى مەكتۇپ بىلەن بېرىلگەن مەسلىھەت تەسىر قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتۇپ يازغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىككى خانغا ئالايتەن، يەنە بايىقانغا، ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، روھلاندۇرىدىغان، ئاجوغا قورقۇتۇپ ئەندىشە سالىدىغان خەت يېزىش لازىم بولۇر... ئەپسۇسكى، ھازىرقى شارائىتىمىزدا بىزگە مەدەت بولۇۋاتقان خۇيغۇلارنى يەنە بىر ئۇرۇشقا دۇچ كەلتۈرۈش بىز ئۈچۈن ئانچىلىك پايدىلىق ئەمەس، — دېدى خاقان، ئاندىن چەن يىسەنگە قاراپ، ئورخۇن ئوردىسى ئەتراپىدىكى خۇيغۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئاجونىيانغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنى يېڭەلەمدۇ — يوقمۇ؟! بۇ ھەم ئۆز ئالدىغا بىر مەسىلە، — دېدى.

تاڭ سارىيىنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئاساسىي مەسىلىمۇ ئەنە شۇ كىم — كىمنى يېڭىش مەسىلىسى ئىدى. ھەممىلا پادىشاھلاردەك كېيىچەنمۇ ھەربىي ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇ ھەم ھەممىدىن بۇرۇن ئىگەرنى قارىنىغا ئالغان يامان ئات كەبى ئاجونىيانىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بەربات قىلىشىنى، ئۇلارنىڭ مال بىلەن مويىلارغا باي ئېلىنى ئۇيغۇرلارغا «ساغدۇرۇپ» ئېلىشىنى خالايتتى. بىراق تاشقى سىياسەتتىكى «كىم — كىمنى؟» دېگەن ئېيتىم-ياتلىق سوئال ئۇنىڭ بۇ قەبىھ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يار بەرمەي تۇراتتى. چەن يىسەن ئۆز خاقانى-نىڭ قارارى بىلەن تەپەككۇرىگە قايىل بولۇپ، ھازىرچە ئۆزلىرىنىڭ ئېنىق پىكىرىنى بايان قىلىشتىن باش تارتىپ، پەيت كۈتۈش، ئۇ تەرەپلەردىكى ئەھۋاللارنى ياخشى ئۆگىنىپ، ھەرىكەتلىنىش ھاجەت ئىكەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلدى.

× × ×

ئورخون ئوردىسىدىكىلەر بولسا، چاكىنەنىڭ بىرەر ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى «ئۆزەڭلار شارائىتقا قاراپ ئىش تۇتۇڭلار» دېگەن مەنىدە چۈشەندى ـ دە، ئاپەتلىك قىشتا قارىماي، ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق قىرغىزلارنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا تەرەددۇت قىلدى. بۇ چاغلاردا، بولۇپمۇ دالا ئەللىرى ئارىسىدا بىتەرەپ تۇرىدىغان چوڭ ـ كىچىك بىرمۇ ئەل يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرلىرى دوست ـ تۇغقان، يەنە بىرلىرى بىرسىگە دۈشمەن ئىدى! ئورخون ھ تولا بويىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ـ مەيلى ئىختىيارى، مەيلى مەجبۇرەن بولسۇن ـ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر بولۇپ، ئەنسۇن ۋە سېلىڭگا دەريالىرىنىڭ ساھىللىرىدىكى بىرنەچچە چوڭ قەبىلىلەر ـ قىرغىزلارغا مايىل ئىدى.

ۋەھالەنكى، ئۆزلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە، كۈچىگە ئىشىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ياخشى تەييارلىنىپ ئۈلگۈرەلمىدى. بىرىنچىدىن، ئورخون ئەتراپىدا قەھرىتان قىشنىڭ قار ـ بورىنى پەسلىنە ـ پەسلەنمەيلا، مال ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ۋابا كېسىلى باشلىنىپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخۋالىنى كۆزىتىپ ياتقان ئاجونويان دەل شۇ پەيتتە يۈرۈشكە چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈمەنلىرى بىلەن ئىككى ئەل چېگرىسىغا كەلدى ـ دە، پايتەخت قارا قورۇم، خان بايخانغا قەتئىي شەرت قويۇپ، مەكتۇپ يوللىدى:

— «سېنىڭ ئۆمرۈڭ تامام بولدى! — دېيىلگەنىدى ئۇ مەزكۇر تارىخىي ھۆججەتتە: — ئەمدى مەن سېنىڭ ئالتۇن ئورداڭنى ئېلىپ، ئۇدىلىك ئىچىدە ئېتىمنى قاڭتۇرۇپ، تۇغۇمنى تىكىمەن!... ئۇرۇشۇشقا كۈچۈڭ بولسۇن — ئوتتۇرا يولغا كەل، بولمىسا — ئوردىنى قالدۇرۇپ كەت!»

× × ×

— «ئاپەت ئۈستىگە — ئاپەت» شۇ بولۇر، باغىرلار!... — دەپ ئالاھىدە چوڭقۇر تەۋرىنىش بىلەن مۇتەۋەرلەرگە مۇراجىئەت قىلدى خان بايخان: — ئەمدى بىزگە يە ئۆلۈم يە كۆرۈم!... بۇ ئىككى يولنىڭ ئىككىلىسى قالىدىغۇ! ئەمدى كىم ئامان قالۇر — شۇ ئەل ئۈچۈن، ئوردا ئۈچۈن ئېلىشۇر. كۆك تەڭرىمىز، بۆرە ئاتىمىزغا باش قويۇپ، بارچە ئەرلەر قولغا قورال ئېلىپ — ياۋغا، خوتۇن ـ قىزلار ئاتلىنىپ، — مالغا ماكار بولسۇن!

ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن ئاغا تارخان ھەم ئەقىلدارى يان تۆرىگە قارىدى.

— ئۇرۇشتىن ئۆزگە يول يوقمۇ، باغىرلار؟! دېگەن سوئالنى قويدى يان تۆرە. — ھەممە جىم. «دېمەك ئۆزگە يول يوق ئىكەن» دەپ ئويلىغان تۆرە ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئېيتتى: بۇنداق بولسا، بىز ئاجونىڭ ئالدىغا بارماي، ئۇنى قارا قورۇم ئەتراپىدا كۈتۈپ تۇرساق بولۇر. قىرغىزلار ئىككى، ئۈچ كۈنلۈك كۆلەملۈك قاردا يۈرۈپ، بىر ئاز چارچىسۇن.

— بۇ يول بولماس، ئاغا! — دەپ ئىنكار قىلدى ئۇدزەر تېكىن، — قورقاق يىرتقۇچ بولۇپ ماراپ يېتىش — نومۇستۇر. ئاجونويان ئۇرۇشنى ئۇچۇق يەركۆزۈشكە چاقىرۇر. يېرىم يولغا بارۇرمىز! قىرى نويانىدا ئەقىلمۇ، نومۇسمۇ كۈچلۈك. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈمەنلىرىنى ئۈچ مىڭدىن ئۈچكە بۆلدى تايىن. بىز ئۈچ تۈمەننىڭ تېگىنى ئېلىپ يۈرسەك بولۇر. يېڭىلەر بولساقمۇ ئاجونويان تۈمەندىن ئاز قالۇر. شۇندا ئۇلار ئوردىغا چاپماس. چاپسا ئۆلۈر!

ئۇدزەر تېكىننى نايمانلار باشلىقى شۇڭقار ئاتا قوللىدى. لېكىن، بايخان ئۇدزەر تېكىننىڭ پىكرىنى كونا سەردارلىق غورۇر، ئۆز تەۋەسىدىكى ئېغىر تەبىئىي شارائىتنى بىلمەسلىك ۋە دۈشمەننى يېتەرلىك ھېسابقا ئالماسلىق — نادانلىق دەپ مۇلاھىزە قىلدى. سا تېكىنمۇ؛ ھازىر مەرتلىك ـ مەردانىلىقنى ئويلىماي، مۇمكىن قەدەر دۈشمەننى ئېغىر شارائىتقا سېلىپ، ئۇنىڭ تىك ئاتلىرى بىلەن لەشكەرلىرىنى چارچاتقان ھالدا قارشى ئېلىشىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، يەنى يان تۆرىنىڭ پىكرىنى قوللىدى ۋە:

— قېرى بۆرە ئاجو نومۇسلۇق ۋە ئەقلى كۈچلۈك بولسا، نېمە ئۈچۈن ۋابا ئاپىتىگە ئۇچراپ، قىرىلىپ تۇرغان چېغىمىزدا يۈرۈشكە چىقۇر؟ شۇڭلاشقا، ئۇ ھەم قېلىن قاردا تېيىلىپ پۇتلىشىپ كۆرسۇن بىر، — دېدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ ئاجونويانىڭ لەشكەرلىرىنى ئارىدىكى ئۈچ كۈنلۈك قېلىن قاردا چارچىتىپ قارشى ئالىمىز، دېگەن قارارغا كەلگەن ئورخونلۇقلار خاتالاشقانىدى. ئەھۋالنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ھېساب-

قاتالغان قىرى نويان سېلىڭگا — ئۇنىڭ بويىدىن چىققاندىلا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا مىڭلىغان ئاتلارنى ئۆيمۇ — ئۆيمۇ بويىچە بوش ھايدىشىپ قارا قۇرۇمغا يېقىنلاشتى.

بۇ ۋاقىتتا ئورخونلۇقلار يىراق — يېقىندىكى لەشكەرلىرىنى توپلاپ، ئارانلا، ئۇلارنىڭ يېرىمىنى ياراق ئاتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسمىغىلا كىگىز ۋە ئۆكۈز تېرىلىرىدىن ساۋۇت، قالقانلار ياساتقۇزۇپ ئۈلگۈردى.

× × ×

ئىككىنچى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى، تاڭ سەھەردىلا ئوردىغا ئالدىنقى سەپتىكى ئۈچ قىسىمنىڭ ئۈچىلىسىدىن چاپارمەنلەر كېلىپ، دۈشمەننىڭ يېرىم كۈنلۈك يولدا كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئوردا ۋە شەھەرنىڭ ھەممە تەرىپىدە جەڭگە تەييارلىنىشقا چاقىرغان داقا — دۇمباق ئاۋازلىرى ياڭرىدى. لەشكەرلەر غەربىي — شىمال يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقتى. يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئۇدزەر تېگىن تۈمەنىنىڭ يېرىمى — بەش مىڭ لەشكىرى، شىمال تەرىپىدە — سا تېگىن لەشكەرلىرى، ئوتتۇرىدا — تاق يول ئۈستىدە بەئەينى ئۈچ بۇرجەكلىك توتاش بىر ئىستىھكام — قورۇلۇشتەك بولۇپ يان تۈرە باشلىغان لەشكەر سەپ تۈزدى... بىر چاغدا شەھەرنىڭ شىمال قاپقىسىدىن توغ — ئەلەملەرنى ھەيۋەتلىك يەلپۈلدەتكەن، قىلىچ — نەيزىلەرنى يالتىراتقان، تېۋىلغۇ — چاڭلارنى ياڭراتقان ھالدا، خان بايخان ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى!

ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئېتىنى ئوينىتىپ تۇرغان ئۇدزەر تېگىن، بايخاننى ياراتقىنىغا قارىماي، شۇ دەقىقىلەردە ۋۇجۇدى پەخىر — غۇرۇرغا تولۇپ، ئۆز ئىلىنىڭ سەربازلىرىنى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئات قوشچىلىرى قاچۇرۇپ قويغان ئاتنى كۆرگەن ئىدىكان. ئاتنى قوغلاپ ئېتىنى چاپتۇردى — دە، ھەش — پەش دېگۈچە قاچقان ئاتقا يېتىپ، ئۇنىڭ بوينىغا سالما سالدى.

— ياراپسەن، باتۇر! — دېدى چوڭلارنىڭ بىرسى.

— بىراق بىر ئازدىن كېيىن، ئاتقا قايتۇرسۇن! — دېدى ئىككىنچىسى. شۇ ئەسنادا غەربىي شىمال تەرەپتىن يەر — كۆكنىڭ ئارىسىنى قوشۇپ تەۋرىتىپ كېلىشكە باشلىغان ئاچو لەشكەرلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دۆڭ ئۈستىدە تۇرغانلار بىر — بىرىگە مەنىلىك قاراشقان ھالدا، ئىختىيارسىز قىلىچ — نەيزىلىرىگە قول سۇندى. ئاڭغىچە بىرنەچچە نۆكەرلەر بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن تەيشى ئىدىگانىنى ئوردا تەرەپكە ئېلىپ كەتمەك بولدى.

XIV

... جەڭ! ئاپەت — ھالاكەت! ...

بۇنىڭدىن مىڭ يىل مۇقەددەم بولغان بۇ نىھايەت زور ۋە قانلىق قىرغىن ھەرخىل سەۋەبتىن، ھەرخىل مىللەتلەر ئىدېئولوگىيىسى ئۈچۈن بولغان ئەمەس ئىدى. بۇ قانلىق قىرغىننىڭ پەۋقۇلئاددە دەھشەتلىكلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، ئۇ قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا قىرغىنى، ئۆزگىلەرنىڭ كۈش — كۈشلىرى بىلەن، شۇلارنىڭ پايدىسىغا بىر — بىرىنى قىرغىنى ئىدى! ... يەنە كېلىپ، قىرىلىپمۇ كۆرگەن، قىرغىن — چىپىشنى ئۆگەنگەن چەكسىز بەرداشلىق ۋە باتۇر ئىككى ئەل ئارىسىدىكى قىرغىن ئىدى.

دەرۋەقە، ھازىرغىچە ياندىش ۋە قېرىنداش ياشاپ كېلىۋاتقان قىرغىز ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ بىر جۈرئەتلىك، نومۇسچان ۋە مەغرۇر ئەجدادلىرى شۇ خىل شىددەتلىك ھاياتقا، شۇ خىل قانلىق جەڭلەرگە نەقەدەر ماسلاشقان دېسىڭىزچۇ؟!

خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئىككى يۈز يىل سوقۇشقان، ئازغىنە تىبەتلىكلەرنىڭ قولباشچىسى شان كۈنجۇغا ئوخشاش تەجرىبىلىك قىرغىز خېنى ئاچونويانىڭ توپلىغان تەجرىبىلىرى، سىياسىي — ھەربىي پاراستى كۈچلۈك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، بۇ قانلىق پەيتنىسى تولۇقى بىلەن ئۆز مولجا پىلانى بويىچە ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى كەڭ سايغا ئوخشاش بىر ئويمانلىقنىڭ چېتىدە ئۈچكە بۆلۈپ سەپتە تۇرغۇزدى — دە، ئۆزى ئەڭ ئېگىز دۆڭلەرنىڭ بىرىگە چىقىپ، قارشى تەرەپنىڭمۇ شۇ ئويمانلىقنىڭ يەنە بىر چېتىگە كېلىپ، سەپ قۇرۇشىغا، خان بايخاننىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېگىزلىككە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ھەممىسى خۇددى ئاچونويان ئويلىغاندەك بولدى.

بىر چاغدا نەچچە مىڭلىغان ساداقلاردىن ئوق ئېتىلىپ باشلانغان جەڭ، مەزكۇر ئويمانلىقتا ئەۋج

ئالدى. ئىككى ياقتىكى ئېگىزلىكلەردىن بىر - بىرىگە قارشى داۋالغۇپ، شاۋقۇن سېلىپ يېقىنلاشقان لەشكەرلەر دەسلەپكى بىرنەچچە سائەت بويى ئالامەت زور چۇقۇلە ئۇردىسىنى هاسىل قىلىپ، ئاندىن ئۇياق - بۇياقتا ئىلگىرى - كېيىن بۆلۈنۈشكە، ئىلگىرىلەپ - چېكىنىشكە باشلىدى.

ئوتتۇرىدىكى يان تۆرە ئۆز لەشكىرى بىلەن دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، قىرغىزلارنىڭ كەينىدىن ئورىماق بولۇپ، قاتتىق خاتالاشتى. ئۇنىڭ لەشكىرىگە تاقابىل تۇرغان قىرغىز لەشكەرلىرى ئەتەي ئۆز سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىنى بوشىتىپ، يان تۆرە لەشكىرىنىڭ شىمالغا تېز سىلجىشىنى قولغا كەلتۈردى - دە، ئاندىن ئىككى ياقتىن قاپساپ، چېپىپ، نەيزىلەپ مەيداندىن تامام يىراقلىقتا تاشلىدى ... تەسكەي تەرەپتىكى ساتېگىنىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بىرئاز كېيىن چېكىندى. ئويمانلىق بولسا پىيادە قالغانلار بىلەن ئۇدىزەر تېگىنىنىڭ يېرىم تۈمەن لەشكىرى ئاجۇنىڭ ئوغلى ئارلان توتۇقنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىدى.

ئۇدۇمىي جەڭنى ئىككى دۆڭدە تۇرۇپ، چاپارمەن - ئالاقىچىلىرى ئارقىلىق باشقۇرۇۋاتقان ئاجۇنويان بىلەن خان يايغانىڭ ئاساسىي دىققىتى مەيدان مەركىزىدىكى ئۇدىزەر تېگىن بىلەن ئارلان توتۇقتا ئىدى. بۇ ئىككى سەردارنىڭ لەشكەرلىرى يارغانسىرى بىر - بىرسى بىلەن كاللەكلىشىپ يۇغۇرۇلماقتا ئىدى. شۇ هازادا ئاجۇنويان ئۆز - ئۆزىدىن سەسكەنگەندەك زور قارا ئايغىر ئۈستىدە كۈمۈش ئۈزەڭگىلەرنى دەسسەپ تىكلەندى - دە، باينانىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەيدانغا يېقىنلاپ كېلىپ، يان تۆرە لەشكەرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە ئىنتىلگەن يېڭى لەشكەرلەرنى بايقاپ قالدى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭغا دۈشمەننىڭ بۇ يېڭى لەشكەرلىرى چاپتۇرغان ئاتلىرىمۇ، ئېلىشىۋاتقانلارنىڭكىدەك ئىلگىرىسىدىن كۆرە ياراق ۋە تەمەن كۆرۈندى. ئۇ بىردىنىلا ئۇيغۇرلاردا يەنە ئۆۋەتتىكى كۈتۈپ تۇرغان زاپاس لەشكەرنىڭ بارلىقىنى پەملىدى - دە، پىشۇتتۇن مەيدان مىقياسىدا باشقا يەرگە يۆتكىلىشكە بۇيرۇق بېرىپ، ئايغاقچىلارنى چاپتۇردى ...

× × ×

ئادەم، ئات - ئۇلاق ئۆلۈكلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئويمانلىقتىن جەڭ مەيدانىنى ئىككى - ئۈچ چاقىرىم يۇقىرىغا يۆتكەش، پەقەت كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنلا مۇمكىن بولدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى بىرئاز چېكىندۈرۈپ، ئۆز بارگاھلىرى ئەتراپىغا يىغىلدى. ئېغىر يارىدارلار كېيىن قايتۇرۇلۇپ، ساقلار بىلەن يېنىك يارىدارلار قار بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىدىكى قانلارنى سۈرتۈشكە كىرىشتى. بەزى جەڭچىلەر شۇ قەدەر هېرىپ - تالغانكى، تاماق يېيىشكىمۇ هالى يوق، ئۆزلىرىنى قار ئۈستىگە تاشلاپ ئارام ئېلىشتى ... يەنە بىرلىرى سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ، ئەل - ئاغىنىسى، ئاغا - ئىنىلىرىنى تۆگەنلەيتتى.

ئىككى تەرەپتىن قوللىرىغا ياندۇرغان ئوتلارنى تۇتۇپ چىققان قورالسىز ماڭغان ئادەملەر ساقىيىشى مۇمكىن بولغان يارىدارلارنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن قاراڭغۇ قويۇندا ياتقان جەڭ مەيدانىغا مېڭىشتى. ئۇلار ئىڭرىغان - زارلىغان يارىدارلارنىڭ قىرغىز ياكى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كىيىملىرىنىڭ رەڭلىرىدىن تونۇيتتى: ھەممىسىنىڭلا كىيىملىرى بىرخىل - ئەلتىر چاپان، تېرە شالۋۇر، تۇماق، ئىچىدە كىگىز پايپاقلىرى بار بولغان ئۆتۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭلىرى باشقا ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىمى سېرىق بوياقتا، قىرغىزلارنىڭ قارا بوياقتا بويالغان.

× × ×

كەڭ سايغا ئوخشاش ئويمانلىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان لەشكەرلەر ياتاقلىرىدا كېچىچە تىنىمسىز ئىش - ھەرىكەت قايىندى. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز سېپىنى يېڭى، زاپاس لەشكەرلەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ھەرقايسى قىسىمنىڭ مەيداندىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بولسا، قىرغىزلارنىڭ ئۇنداق ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئاساسەن هارغان ئاتلىرىنى سۇۋۇتۇش، يەم بېرىش، ئېرىتقان قار سۈيى بىلەن سۇغۇرۇش ۋە كاردىن چىققان قوراللىرى قالقان - ساۋۇت، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇش بىلەن بولدى.

ئاجۇنويان بىلەن بايغان ھەربىي يىغىلىشلاردا قۇرۇلىدىغان ئەھم ئۆيى، ھەم قورغان سۈپىتىدىكى مەخسۇس ئۆيىدە ئوتتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، كېڭەشمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىرىنچى كۈنىدىكى جەڭ جەريانى ۋە نەتىجىلىرىدىن قانائەت هاسىل قىلدى — بىر - بىرىگە شۇ قەدەر تاقابىل كەلگەن باھادىر لەشكەرلەرنىڭ ئەتىگەندىن - كەچكىچە بىرئىزدەك قىرغىنلىق، بىردەك بەرداشلىق بىلەن جەڭ قىلغىنىغا خۇشال.

ئاجونى، بولۇپمۇ پان تۆرىنىڭ قورشاۋىدا قىلىپ، قىرغىزلار قىنغان يولغا چۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغانلىقى خۇرسەن قىلدى. قالغان قىسىم ۋە مەيداندىكى تەكچۈگلۈق، ئۆز ئوغلىنى ئارلان تۇتۇقنىڭ ئۇدۇزەر تېگىندەك ئالىپ سەركەر بىلەن كۆلن بويى تەڭ ئېلىشقانلىقىمۇ ئاجونىڭ روھىنى كۆتۈردى. ئۇ ئومۇمەن جەڭنىڭ تۈس ئېلىش جەريانىغا قاراپ، ئۇنى ئەتە ئۆز پايدىسىغا ئۆزگىرىدۇ، ئۆگۈنلۈككە بولسا — ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇمچە ئالىمشىش ئىمكانىيىتى تۈگەپ، شەھەر سېپىللىرى ئىچىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، دەپ مۆلچەرلىدى.

ئوردا — بالىقتا ئۇيغۇرلار قانچە كۈچ — قۇۋۋەت توپلاپ ئالغان بولسىمۇ بەربىر، كۆپ ۋاقىت قامالدا بولۇش قىيىن. ئاچتىن، ئاغرىقتىن قىرىلۇرا!... ئۇكىمچە بىزلەرمۇ قاراپ تۇرماسىز ..... شۇ سۆزلەردىن كېيىن، نويان ئۆز قارىمىقىدىكى ھەر بىر مىڭ بېشى ۋە يۈز بېشىلارنىڭ ئەتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى قىستا، ئېنىق بايان قىلدى. ئۇلارغا مەيدان كۆلىمىنى كېڭەيتمەي، دائىم جىپسىلىقتا ئېلىشىشنى، دۈشمەن سېپىگە پانىدەك كىرىپ ئىلگىرىلەشنى جېكىلىدى! پىيادە قالغان لەشكەرلەرگە — ئىگىسىز ئاتلارغا مىنىشنى، دۈشمەننىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئاتلىرىنى بىردەك قاردىن چىقىرىشنى تاپىلىدى. ئۇ تەبىئىي ئاپەت بىلەن ۋاباغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئات - ئۇلاغدىن قىسلىشقا باشلايدىغانلىقىنى ھېسابىقا ئالغانىدى.

× × ×

بايخانمۇ ئۆز كىشىلىرى بىلەن بىر ئېغىزدىن ئەتىكى كۈننى ھەل قىلغۇچى دەپ توغرا ھېسابلاپ، قېرى نويانىنى يەكمۇ - يەككە چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. چۈنكى ئۇ، ئادەتتە ئايلانغان شۇ شەرتلەرنىڭ جەڭ قائىدىسىدىن تاشقىرى قالالمايدىغانلىقىنى، ئۇدەردە يەكمۇ - يەكتىن يېڭىلمىگاچقا، ھېلىمۇ ھەيۋە كۆرسىتىپ غادايغان نويانىنى يېڭىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ پەقەت ئۆز ئاتلىرىنىڭ ئاجىز ۋە ئازلىقى ئۈچۈن ئۆكۈندى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئەگەر يەكمۇ - يەكتە بىرەر خىيىم - خەتەرگە ئۇچرىسا — ئۇدۇزەر تېگىنىنىڭ ئالىي قولباشچى بولۇشىنى تەكىتلىمەك بولدى - يۇ، «خان قورقۇپ، ئەيمىنىۋاتسا كېرەك» دېگەن شۈبھە تۇغۇلىشىدىن كېچىپ ۋە ئۇدۇزەر تېگىنىنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ، ئالىي قولباشچى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇ ھەقتە سۆز ئاچمىدى.

مەجلىسكە قاتناشقۇچى مۆتىۋەرلەر، بولۇپمۇ ئۇدۇزەر تېگىن قانلىق جەڭنىڭ تەسىرىدىن، ئۆز تەقدىرىنىڭ پەقەت جەڭ نەتىجىسىگىلا باغلىقلىقىدىن، ئۇرە جىگەن بايخاننى مەزكۇر نىيىتىدىن ياندۇرماق بولۇپ:

«كۆل تېگىن، بوز خاقان، ئىشبەرە خانلار ۋاقتىدىكى ئۇرۇش يوللىرى يوقتۇر بىر چاغ، چارچىغان نويانغا ئۇدۇل كېلىپ دەيزە سانچىش — قۇت، ئەمەستۇر، خان» دېگەنىدى. لېكىن بايخان «خاننىڭ سۆزى بىرا» دەپلا خاتىمە بەردى. ئۇنىڭ بۇ قەتئىيلىكى كۆپچىلىككە ياققاندەك بولدى.

× × ×

جەڭنىڭ ئىككىنچى كۈنىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىدى. جەڭ مەيدانىدا ئىككىسى تەرەپتىن ھىلاك بولغان ئادەم، ئات - ئۇلاغنىڭ جەسەتلىرى قالدى. ئاجونويان بىلەن بايخاننىڭ يەكمۇ - يەككى بولسا ئىنتايىن سۈرلۈك ھالدا، زور ھەيۋە، ھاياجانلار ئىچرە باشلىنىپ، بالىلار ئويۇنىغا ئوخشاش كۈلكىلىك ۋە ئۇشتۇمتۇت ئاياغلاشتى. ئۇلار يەرگە يورۇق چۈشۈشى بىلەن نەرە تارتىپ، سانجاق تۇرغان، ئۆز قوشۇنلىرى ئالدىغا چىقتى. تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەپ، ئون مىڭلىغان قىلىچ - نەيزىلەرنى كۆككە كۆتۈرۈپ، داقا - دۇمباق چېلىنغان بىر چاغدا بىر - بىرسىگە قارشى ئات چاپتى. بىراق، ئۇلار تېخى بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەيلا، خان بايخان ئات - مىتى بىلەن يەرگە يىقىلدى. ئاجونىڭ ئاتقان نەيزىسى بايخاننىڭ بولجۇق كۆشىنى يىرىۋەتتى.

قېرى نويان يەردە ياتقان بايخانغا قايتا - تىغ ئۇرمىدى، بىراق، بايخانغا ئاكىلىتىپ: «مېنىڭ ئالدىدا بەربىر قىلمىش - ئەيىبىڭ باردۇر! بەربىر مېنىڭ قولۇمدا ئۆلۈرسەن!» دېدى - دە، ئۆز قىسىملىرى تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

بۇ كۈنى ئاجونويانى قاتتىق سەسكەندۈرگەن ئېغىر بىر پەيت، مەركەزدىكى زەربىدار لەشكەرلەرنىڭ

تۇيۇقسىز قورقۇپ، قايمۇققاندەك تاياق يېيىشى، چېكىنىشى بولدى. بىر - بىرسىگە تاقابىل تۇرۇپ ئېلىشىۋاتقان بۇ لەشكەرلەرنى يەنى شۇ ئۇدزەر تېگىن بىلەن ئارلان تۇتۇق باشقۇرۇۋاتاتتى. ئۇدزەر تېگىن ئۇياق - بۇياققا چاپارمەنلەر چاپتۇرۇپ، پات - پات ئۆزى بىرەر ئېگىزلىككە چىقىپ بايقاپ، قايتىدىن جەڭگە كىرىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئاساسىي پايلىغىنى شۇ مەركەزدىكى زەربىدار قىسىمنىڭ قولباشچىسى ئارلان تۇتۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇدۇل كېلىشتىن قېچىپ يۈرگىنىنى بايقىغاچقا، ئوقتىسى كەلگەن بىر پەيتتە ئۆز نۆكەر سەردارلىرى بىلەن ياش تۇتۇققا، يېقىندىن ئىنتىلغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئارلان تۇتۇق، ئۆز نويانلىرى سېپىدىن تېز قىيداپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ چىڭ تارتىلغان پولات سىم كەبى ئىرادىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بىردىن داجىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قىرى نويان، چەكسىز سەسكىنىپ، قارا ئايغىر ساغرىسىغا قوش - قوش قامچا ئۇرۇپ، سەپنىڭ ئالدىغا ماڭدى ۋە:

— ئاھ، ئارلان، بۆرىلىرىم!... سىلەرگە نېمە بولغان؟ نامۇسىم، ئىشەنچىم سىلەرغۇ!... ئالغا ئارلانلار، ئالغا!!! — دەپ سۈرەن سېلىپ، پولات شەمشىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا توغرا ئۇدزەر تېگىنگە قاراپ يۈزلەندى. قىرى نويانىنىڭ پەيلىنى بايقاپ، ئېتىنىڭ بېشىنى تارتىپ رۇسلىغان ئۇدزەر نېمە ئۈچۈندۇر، ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچى دۈشمىنىگە قاراپ ئىنتىلمەي، تىزگىنىنى تارتقان پېتىچە قىرى نويانىنىڭ بەدەستىر زور بەستىگە، ئۇزۇن ئاق ساقال بۇرۇتلىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى! چۈنكى، ئۇ شۇ پەۋقۇلئاددە دەقىقىلەردە، بۇنىڭدىن چارەك ئەسىر ئىلگىرى، بەش - ئالتە ياش بالا چېغىدا، مۇشۇ قىرى قەھرىمان ئادەمنى ئۆز ئاتىسىنىڭ يېنىدا كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئاشۇ بىر چاغدا ھەيۋەتلىك بۇ ئادەمنىڭ دادىسى بىلەن بولغان دوستلۇقى، ئۇلارنىڭ قاتتىق كۈلۈپ ئۆزىنى ئەركىلەتكەنلىرى، ئوۋغا چىققانلىرىدا مۇشۇ باتۇر ۋە خۇش ئادەم بىلەن ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى بىلەكلىرىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر - بىرسىگە تاشلاپ ئوينىغانلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇدزەر تېگىننىڭ قىلىچ دەستىسىنى تۇتقان قولى ئۆز - ئۆزىدىن بوشاپ كەتتى. ئۇ قىلىچنى ئىختىيارسىز قىنىغا سېلىپ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاجونويانغا قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ نەزەرلىرى بىر - بىرىگە قادالغاندا، ئۇدزەر تېگىننىڭ كۆزلىرى گويا بىر نەرسىگە رەنجىگەن نارەسىدىنىڭ كۆزىدەك غۇۋالىنىپ كەتتى. ئاجونويان بولسا جەڭگىۋار ئاغىنىسىنىڭ بالىسىنى تونۇپ، ئۇ قورقۇپ — ئاڭگىلاپ تۇرغان قىيپاش قاپاقلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا، ئالاقزادە بولدى — دە: «بايخان، خەپ، ئۇنىڭ ئۆزى قېنى؟» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئېتىنىڭ بېشىنى كەسكىن بىرياققا بۇراپ، توپتوغرا كىرەلىشىۋاتقان ئىككى سەپ ئارىسىنى قاق يارغان بويى جەڭ مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى! ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئۇياق - بۇياقنىڭ بىرمۇ لەشكەرلىرى دەخىل يەتكۈزمەي، بىر - بىرىگە قورال ئىشلەتمەي، تۇرۇپ قالغاندەك بولدى... ھەر ھالدا قانداق بولمىسۇن، بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى قولباشچى ئارىسىدا يۈز بەرگەن مەزكۇر مۇرەككەپ ھالەت ئۇنى بايقىغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى قاتتىق تەۋرىتىۋەتتى.

بۇ كۈنكى جەڭمۇ يەرگە قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاق - قارىنى پەرق قىلالماي قالغان چاغدا توختىدى. شالاڭلاشقان سەپلەردىكى لەشكەرلەر، گويا بىر - بىرسى بىلەن كۆڭۈلسىز ئاجراشقان ماس ئىلپەتلەردەك سەنتۈرۈلۈپ تاراشتى.

× × ×

ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە تەرەپلەرنىڭ تۈمەنلىرى... — توغرىسى ئەمدى تۈمەنلەر ئەمەس. تۈمەنلەرنىڭ تىرىك قالغان ئۈچتىن بىر قىسىملىرى — نەرە تارتىپ سەپراس تۇرغاندا، ئاجونويان ئويغۇر تەرەپتە پەقەت ئۇدزەر تېگىن تۈمەنىدىن ساق قالغانلارنىڭلا سانجاق تۇرغىنىنى بايقاپ ھەيران بولدى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن بېرى لايىق سان - سالاپەت ۋە جەسۇرلۇق روھ ساقلاشقا تىرىشقان بايخانمۇ، بۈگۈن ئۆزىنىڭ سېپى ئالدىدا كۆرۈنمەيتتى. بۇنىڭدىن «بەلكى جاراھىتى يار بەرمىگەندۇ، ياكى ئوردىغا بېرىپ ئۆزىگە زۆرۈر ئىشلارنى ئويۇشتۇرۇۋاتامدۇ؟! ھەر ھالدا بىلىشىم كېرەك!» دېگەن ئويغا كەلگەن ئاجو چارلىغۇچىلار باشلىقىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ھەممىنى بىلىپ مۇمكىن قەدەر تېز ۋاقىتتا قىلىشنى بۇيرۇدى.

كۆپ كېچىكمەي ئاجونويان بىلەن ئۇدزەر تېگىن ئىككىلىسى پايتەخت قارا قۇرۇمنىڭ ئىچى – تېشىدا ھەم دەھشەتلىك، ھەم تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ھالەتلەردىن ۋاقىپ بولدى: قىرغىزلار يۈرۈشىدىن باشتىلا خەۋەردار بولغان قوشنا قەبىلىلەر — شاتولار بىلەن كىدانلار شۇ كۈنى سەھەردە شەرق تەرەپتىن ئوردا ئەتراپىغا كېلىپ، كەڭ سايدا جەڭ باشلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېڭىزدەك شەھەرگە ھۇجۇم قىپتۇ. سېپىل ئەتراپىدىكى جەڭدە سا تېگىن ھالاك بوپتۇ ... ئۆز ئەھۋالىنىڭ خارابلىقىنى بىلگەن خان غۇلىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆز ئاۋارىگەرچىلىكىگە چۈشۈپ قالغاندا، شۇكقار ئاتا يارانلىرى بىلەن ئۆز ئېلىگە كېتىپتۇ.

ئىككى ئەلتەبىر سەرگۈزەشتىسىدىكى ئاساسىي پەرق — شۇكقار ئاتا بايخاننىڭ قېچىش نىيىتىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تامام خاراب بولۇپ كەتمەسلىكىنى، ئۆزى ئۆلگەن تەقدىردىمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆز ئېلىگە يېتىپ، ساق قالغان ئادەملىرىنى ئەلگە قوشۇپ ئۆلۈشنى ئۈمىد قىلىپ، سەپەرگە چىققىنى ... ئۇزۇل – كېسىل بېشى گاڭگىرىغان بايخان ئوردا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەل – يۇرتنى، ئۇرۇش مەيداندىكى قوشۇنلار تەقدىرىنى ئۇنتۇپ، پەقەت ئۆز ئوران – سورانى بىلەن ئوردا خەزىنىسىنى، ئاساسىي مال – مۈلۈكنى ئېلىپ يولغا چىقتى. بايخان قايسى ئەل، قايسى يەردىن پانا ئىزدەپ ماڭغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ توغرۇلۇق ئويلىمىغان، توغرىسى ئويلاشقىمۇ چامى كەلمىدى، ئەتىمالىم. بۇ جىسمانىي ئازاب، ھالسىراش ئەمەس، بەلكى ئەل – ئاغىسىغا لايىق روھىي بەرداشلىق – بەركامىللىقنىڭ يوقلۇقى ئىدى.

ئەل ئوغلانى ھەر قاچان ئەل ئۈچۈن ئۆلۈشكە تەييار، ئۇنداق ئۆلۈم ئۆز بۇرچى دەپ بىلمىدىغان ئەرلەرنىڭ قولىغىلا بېرىلگەن.

مانا شۇ سەۋەبتىن، پۈتۈن ئورخون دۆلىتى، پايتەخت قارا قۇرۇم ۋە ئۇنىڭدا قامال بولۇپ قالغان جانلار تەقدىرى، بىر – بىرى بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئېلىشىۋاتقان ئۇدزەر تېگىن بىلەن ئارلان تۇتۇق لەشكەرلىرىنىڭ بۈگۈنكى جەڭ نەتىجىسىگىلا باغلىنىپ قالغانىدى. ئەھۋالنى ئەنە شۇنداق توغرا ئۆلچىگەن ئۇدزەر تېگىن، ئەمدى خان بايخان توغرۇلۇق ئەمەس، پەقەت پايتەخت ۋە ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئەزىز جانلار — تەيخې، ئىنىگان ۋە تۇردالىم چال توغرۇلۇق ۋايىم قىلماقتا. ئورخون دۆلىتى ئۇنىڭ ئالتۇن ئوردىسى غولايدىغانلىقى يېقىنلاشماقتا ...

ئۇدزەر تېگىن ئەنە شۇنداق ئۈمىدسىز ۋە ئەندىشىلىك تەسەۋۋۇرلار بىلەن يېڭى مولجالار تۈزگەن ھالدا، جەڭنى ئانچە قىزىتىشتا تىرىشماي بايىقاپ يۈرگەن بولسا، ئاجونويان ئەكسىچە ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ سۈرئىتىنى كۈچەيتىپ ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلماقتا. ئۇنىڭ ئالتۇن ئوردا بىلەن بايخاننىڭ بېشىنى ئۆزى ئېلىشى كېرەك! پەيتخور، مەككار قوزغۇنلارنى قىرىپ – قوغلاپ تاشلىشى شەرت! ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ پېشانىسىگە مۆڭگۈزدەك پۈتكەن ئۇدزەر تېگىن بويسۇنسا ياكى چېكىنسىلا بولاتتى ...

× × ×

ئاخىرى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قىرى نويانىنىڭ ئارمىنى ئەمەلگە ئاشقىلى باشلىدى: ئۇدزەر تېگىننىڭ ئىككى كۈندىن بېرى ئالماشتۇرالمىغان ئاتلىرىنىڭ ھالى خارابلىشىشقا باشلىدى. سا تېگىن ئۆلۈپ ئۇنىڭ تۈمەنى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئىلاجىسىزلىقتىن ئارلان تۇتۇقنىڭ قوشۇنىغا بولغون باتۇرنىڭ قوشۇنلىرى قوشۇلغاندا ئاستا – ئاستا شەرقىي جەنۇبقا قاراپ چېكىندى. ئۇ مەزكۇر قارارغا كېلىش ئالدىدا، بىر ئامال قىلىپ يېنىغا يېتىپ كەلگەن ئىنىگاننى «قۇردۇم» ئەتراپىدا ئازدۇر – كۆپتۇر زاپاس ئاتلارنى ساقلاپ ياتقان ئاتىسىغا ئات چاپتۇردى ...

جەڭ باشلانغاندىن بېرى ھەقىقىي ئەتىيازدەك ئىسسىپ قېلىن قارنىڭ ئۈستى ئېرىپ پەسىيىشكە باشلىغانىدى. كۈن ئولتۇرۇش بىلەنلا يەرنى گۈگۈم قاپلاپ قاراڭغۇلاشقان بىر چاغدا، ئۇدزەر تېگىن يۈز بېشى، جەڭ بېشى قاتارلىق سەردارلارنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئاجونويان كۈن پاتمىدىن كېيىن، جەڭ مەيدانىدا كۆرۈنگەن يوق، — ئۇ ئەمدى بىزنى تۈگەل يېڭىلدى دەپ، لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، قارا قۇرۇمغا چاپتى تايىن ... ئارلان تۇتۇق بىلەن بولغون باتۇر بۈگۈن كېچە ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئەتە بىزنى تامام قىرماق بولۇر. ھازىر بىزگە قوردۇم تەرەپتىن بىر نەچچە يۈز يارىق ئاتلار كېلۇر، باتۇر يىگىتلەر شۇ ئاتلارغا مىنسۇن. بوشىغان ئاتلارنى سۇۋۇتۇپ يەمگە قويۇڭلار، — دېدى.

— نېمىگە ئۇ ئۆلەي دەپ تۇرغان ئاتلارغا يەمنى زايا قىلىۋېرىمىز؟ — دەپ ئەتەي تەپتىشلىدى سەردارلارنىڭ بىرى.


— ئۇلار بوگۈن كېچىدە ئارلان تۇتۇقنىڭ بۆرىلىرى بىرلە قورۇدۇمغا پېتىپ ئۆلۈر. شۇ سەۋەب-تىن ئۆتلەردىن بۇرۇن بىر تويسۇن جانىۋارلار!

هازىر ئويقان قورۇدۇمنىڭ چەت-چۆرىسىدا ياتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى دەھشەتلىك لەخشىپلەشمەرلاپ مودۇۋقۇشۇپ ياتاتتى. «ئۆزلىرىمىز، ئاتلىرىمىز هارغان، ئۇيغۇرلار تولۇن بولغىنىدا قارىماي تۇيۇقسىز هوجۇم باشلىسىلا — دېگەن ئويدا كەلدى ئۇدزەر، — ئۆزلىرىنىڭ يېڭىشىگە شۈبھىسىز ئىشەنگەن قىرغىزلارنىڭ ئۇلارنى باش - ئايىغىغا قارىماي قوغلاپ، قاراڭغۇدا ئاشۇ ئاتلارنىڭ كەينىدىن ئۆزلىرىمۇ قورۇدۇمغا كىرىپ ئۇجۇقۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىرىلماي، يېرىم - ياتىسى قىرغاققا قايتىپ چىقسا، جەڭ قىلىپ دەككىسىنى بېرەرمىز ... » ئۇ مۇشۇ ئويلىرىنى سەردارلىرىغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:


— بەلكى قىرغىز قوشۇنى تۆگەل قورۇدۇمغا چۈكمەس. بىزگە يېرىمى چۈكسىمۇ قۇت بولۇر. شۇ چاغدا بىز ئۇرۇش قىلىپ ئۇردىغا قايتا بارۇرمىز. بولمىسا سىلەر كۆزدۈڭلار، ئارلان تۇتۇق مەن بىلەن بىرگەبىر چىقىشتىن قېچىدىپ، قېرىدىپ، چارچىغان ئاتىمىنى قويۇپ بېرۇر ئارسىزا! مانا ئەمدى مېنى يوقىتىمەن دەپ ئۆزى يوقىلۇر. بولغۇن باتۇر كەچتە قارا قورۇدۇمغا كېتۇر، — دېدى.

دەرۋەقە ئاسىمنى ئەھۋال خۇددى ئۇدزەر تېگىن پەرەز قىلغاندەك روي بەردى: تۈن يېرىمىدىن ئېغىپ، ئايسىز ئاسمان بىلەن پايانسىز ۋادىنى پەقەت ئاق قار ئەكسىلا بىلىنەر - بىلىنمەس يورۇتۇپ تۇرغاندا، ئوۋ — چوڭ كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلارنى تەييار تۇرغان ئاتلىرىغا مىنىپ قوغلىغان قىرغىزلار قىققاس سېلىپ، ئۆزلىرى ئۆتچۈن نامەلۇم قورۇدۇم تەرەپكە چاپتى. لېكىن ئۇلار تۇيۇقسىز ئىككىگە بۆلۈنۈپ، مۇز ياقىلاپ كەتكەن دۈشمەننى بايقىماي، ئىگىسىز بىر توپ ئاتلار كەينىدىن چاپقان بويى ئويقان ئىچىگە كىرىشتى. بىر چاغدا ئويقانغا چۈشۈپ قېلىپ تېپىرلاپ كىشنەپ پېتىۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن ئاتلىقلارغا تاقىلىپ، دەھشەتلىك ۋارقىراپ شاۋقۇن سېلىشقىيان بىرنەچچە يۈز لەشكەر كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولباشچىسى ئارلان تۇتۇقنىڭ ئەممىنى توۋلىغان پېتىچە قېچىشقىلا باشلىدى. ئارلان تۇتۇقنى بولسا كېچىلىك جەڭ باشلىنىش بىلەن بار-يوقلۇقىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ يۈرگەن ئۇدزەر تېگىن ئويقان تەرەپكە قوغلاپ كىرگۈزۈۋەتكەنىدى: ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پائالىيىتىنى قىرغىزلارنىڭ قاچقان لەشكەرلىرىگە يېتەلمەي قايتقانىمىدۇ، سېپەرلىكى جەڭگىۋار تەرەددۇتلارغا كىرىشكەندىمۇ، ئاغزىدىن چىقارمىدى. ئۇ ئۆزى شەنگە دومۇسلۇق سېزدىلىشكە باشلىغان مەزكۇر قارامىقىنى ئۆمۈرۋايەت مەخپىيەتتە ساقلاشقىلا قارار قىلغانىدى. ئۇدزەر تېگىننىڭ ئەمەدىكى ئويى، ئۆز تۆمەندىن قالغان ئىككى مىڭچە يىگىت بىلەن قان قېرىنداش ياغما قەبىلىسىنى ۋە قوشنا چىگىل-لەرنىڭ قېرى - چۈرە ئاھالىسىنى، ئازدۇر - كۆپتۇر مېلىنى ئامان ساقلاپ قېلىش، شۇنىڭدىن كېيىن، غولىغان ئورددىكى ئەھۋاللارغا بېقىپ ھەرىكەتلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەبىلە ئاقسا قالىرىتىمدە بۆلۈپ، قالغان ئىدىگانىڭ ئاتىنى توخسۇن چاغا تولا دەرياسى قوش ئۆپا تەرەپكە قاراپ كۆچۈشكە ھازىرلىنىشنى بۇيرۇدى؛ ئۇ يەرلەردە دائىم قارلار ئاز، شامال - بورانسىز ئوتلاقلار بولغاچقا، مال جېنى بىرقەدەر ئېلىنىك تولدۇرۇش مۇمكىن ئىدى. يېشەلمەي تۇرغان ئاخىرقى مەسىلە — تۈنۈگۈنكى كەچتە ئوردىنى ھىمايە قىلغۇچى سا تېگىننى ئۆلتۈرۈپ، شۆكقار ئاتا بىلەن خان بايخاننى قاچۇرغان. كىدان، شاتو قاراقچىلىرىنى تېرە - پېرەڭ قىلغان ئاجونويانىڭ يېڭى قەدەملىرىگە باغلىنىپ تۇراتتى — قېرى نويانىڭ يېڭى قەدەملىرىگە باغلىنىپ تۇراتتى. قېرى نويان ئەمدى نېمە قىلىدۇ: قالغان كۈچىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىرىنى بايخاننىڭ كەينىدىن، يەنە بىرىنى ئۇدزەرگە قارشى قويۇپ بېرەمدۇ ياكى هازىرغا نېرى - بېرى چېچىلماي، ئىشغال قىلغان پايتەخت بىلەن ئوردىنى قوغداپ، يېڭى تەرتىپلەر ئورنىتىش بىلەن مەشغۇل بولامدۇ؟ بەلكى، ئۆزىنىڭ كونا دۈشمىنى بايخاننى قويۇپ تۇرۇپ، ئوغلىنى ۋەيران قىلغان ئۇدزەر ۋە ئۇنىڭ ئېلىنى ئۇجۇقتۇرۇشقىلا ئىنتىلەر ئۇ چاغدا ئۇنىڭ هوجۇمىنى كۈتمەي ئۇدزەرنىڭ ئۆزى هوجۇمغا ئۆتۈشكە تىرىشىشى كېرەك! قانداقلا بولمىسۇن تىنىمسىز تەييارلىق، تەرەددۇتلىرىنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



قاراماي 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىدا «مەرىپەت گۈلزارىدا»



ئېيتىشىش «نېفىتچىلار باي بولدى»



پەردە مامۇتنىڭ ئورۇنلىشىدا «چەشمە ئاشىقى»



چاتما ناخشا

سۈرەتلەرنى مەتمىن، ئابلىكىملار تارتقان.

《天尔塔格》文学双月刊

1988年第三期

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：78897
印　　刷：乌鲁木齐市第十四中学印刷厂
国内统一刊号CN65—1012／I
邮局代号58—83

零 售 价：0.70元

تەڭرىتاغ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

(1988 - يىل 3 - سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 78897
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65—1012/I
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—83

پارچە باھاسى: 0.70 يۈەن